# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇسالام ئابباس

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔语同音词词典:维吾尔文/阿不都沙拉木·阿巴斯编著。—北京:民族出版社,1996.8

ISBN 7-105-02391-0

Ⅰ.维… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)—同音词—词典—维吾尔文 Ⅳ.H215—61

中国版本图书馆 CIP 数据核字(95)第 01437 号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街 5 号　邮编 100013)

中国民族语文翻译中心微机照排　孙史山印刷厂印刷

各地新华书店经销

1996 年 8 月第 1 版　1996 年 8 月北京第 1 次印刷

开本:850×1168 毫米　1/32　印张:9

印数:0001—2000 册　定价:8.00 元

# مۇندەرىجە

I تۈزگۈچىدىن ........................ 1
II لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە .............. 8
III پايدىلانغان كىتابلار .................. 10
ئا .................................... 11
ئە .................................... 27
ب .................................... 34
پ .................................... 59
ت .................................... 74
ج .................................... 114
چ .................................... 118
خ .................................... 137
د .................................... 141
ر .................................... 149
ز .................................... 152
س .................................... 154



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ش ........ 173
غ ........ 177
ق ........ 178
ك ........ 207
گ ........ 223
ل ........ 225
م ........ 228
ن ........ 235
ھ ........ 237
ئو ........ 241
ئۇ ........ 247
ئۆ ........ 252
ئۈ ........ 256
ۋ ........ 259
ئې ........ 261
ئى ........ 265
ي ........ 269

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

## I ئاھاڭداش سۆزلەر ھەققىدە

1. تىل ئەمەلىيىتىدە سۆزلەرنىڭ ئىككى ئىپادە شەكلى بولىدۇ: بىرى، ئېيتىلىشى، تەلەپپۇزى؛ يەنە بىرى، يېزىلىشى، ئىملاسى. تىلنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ھەر خىل مەنىلىك سۆزلەر ھېچقاچان تۈرلىنىپ قوشۇمچە ئالمىغان ئەسلى ھالىتىدە، يەنى تۈرغۇن سۆزلەر بىرلىك، باش كېلىشتىكى شەكلىدە، پېئىل سۆزلەر ئېنىق دەرىجە، بولۇشلۇق، بۇيرۇق رايىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلىدە تۇرغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئېيتىلىشى، تەلەپپۇزى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. تىلشۇناسلىقتا بۇنداق سۆزلەر "ئوموفون" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئوموفونلار خېلىلا بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىدا "ب" ۋە "د" بىلەن تۈگەيدىغان سۆزلەر يوق. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن "ب" ۋە "د" بىلەن تۈگىگەن سۆزلەر نۇتۇقتا ئۆزگىرىش ياساپ، "ب" تاۋۇشى "پ"غا، "د" تاۋۇشى "ت"غا ئايلىنىدۇ. تۈرلەنگەندە بولسا، ئەسلىگە قايتىدۇ. يەنە نۇتۇق شارائىتىدا، يەنى سۆزلىشىشتە بەزى سۆزلەردىكى "ر، ل" تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندە "ئې، ئى"لارغا ئاجىزلىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇتۇقتا ئوموفونلار ھاسىل بولىدۇ: بۇ ماۋزۇ بۇ بابقا باپ كەپتۇ. —دات باستى دەپ، دات ئېيتما.

—ياماق يامراپ ياماق تاپ. —ئوتۇن يادىم دەيسەن، ياغان بولسالى بوپتۇ، ياغان ئېيتما. —بازارغا بېرىپ بۇ پۇلنى داداڭغا بېرىپ قوي. —ئۇلار سائەت تۆتتە يېتىپ كەلدى، ئۇ يېتىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ. —قاغان ئىشقا قا ياغار.

2. يەنە بىر تۈركۈم ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى، تەلەپپۇزى بىزە پەرق قىلسىمۇ، يېزىلىشى، ئىملاسى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ھەرپىي بەلگىلىرىنىڭ چەكلىك بولۇپ، تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن سادىر بولىدۇ. تىلشۇناسلىقتا بۇنداق سۆزلەر ”ئومو‌گراف“ ياكى ”ئوموگرام“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق سۆزلەرمۇ خېلى بار. مەسىلەن، ئارا (ئورتا)— ئارا (دېھقانچىلىق سايمىنى)، ئاچا (ئىگىچە، ھەدە)— ئاچا (دەرەخنىڭ ئاچىسى، ئاچىماق)، بالا (بالا-چاقا)— بالا(بالا-قازا) ۋە باشقىلار.

3. يەنە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ھەر خىل مەنىلىك سۆزلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئېيتىلىشى، تەلەپپۇزىمۇ، يېزىلىشى، ئىملاسىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بۇنداق سۆزلەر تىلشۇناسلىقتا ”ئومونىم“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئومونىملار ھازىر تىلغا، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەردە، لۇغەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ”شەكىلداش سۆزلەر“ دېيىلسە، بەزىلىرىدە ”ئاھاڭداش سۆزلەر“ دېيىلىۋاتىدۇ. بۇلار ئومونىمغا تازا دەل كەلمەيدۇ. بىزچە، شەكىلداش سۆزلەر ئوموگرافقا، ئاھاڭداش سۆزلەر ئوموفونغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تىلدا تاۋۇش تىلىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ”ئاھاڭداش سۆزلەر“نى شەرتلىك يوسۇندا، يەنى ئومونىمنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇپ، قوبۇل قىلىپ تۇردۇق. قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت شۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

ئومو‌فونلار، ئوموگرافلار تىلىمىزدا ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئورنىدا تېگىشلىك ئىزاھلار، بەلگىلەر بىلەن كۆرسەتتۇق.

4. ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا تىلغا دائىر ئەسەرلەر، تىلشۇناسلىق لۇغەتلىرىدە تېگىشلىك تەبىر ۋە تەسۋىرلەر بېرىلگەن. لېكىن كونكرېت تىللاردا ئەھۋال ئوخشاش ئەمەس. بىزچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا تۆۋەندىكىچە ئەھۋال بار:

1) ئۇزاق تىل تەرەققىياتى داۋامىدا، چەكلىك تىل تاۋۇشلىرى بىلەن چەكسىز سۆزلەرنى ئىپادىلىگەندە، بىرمۇنچە سۆزلەر تەبىئىي ۋە تاسادىپىي ھالدا بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالغان. بۇ ھال تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن پېئىل سۆزلەر ئارىسىدا كۆپرەك. ئالايلى، يەڭ (ئىسىم، كىيىمنىڭ قول ساپىدىغان قىسمى) بىلەن يەڭ (پېئىل، يەڭمەك، يېڭىش—غالىب كېلىش، ئۈستۈن كېلىش، ئۇتۇپ چىقىش) ئوخشاش بولۇپ قالغان؛ كۈل (ئىسىم، نەرسىنىڭ كۆيگەندە قالغان قالدۇقى) بىلەن كۈل (پېئىل، كۈلمەك، كۈلۈش— چىرايى، يۈزىدە شادلىق، قىزغىنلىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىش، تەبەسسۇم قىلىش ياكى قاقاقلىغان ئاۋاز چىقىرىش، خەندان ئۇرۇش) ئوخشاپ قالغان ۋە باشقىلار.

2) سۆزلەرنى تەشكىل قىلغان فونېمالار، تاۋۇشلار، ھەرپىي بەلگىلەرنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى تۈپەيلى، بارا-بارا يېقىنلىشىپ، ئۆزگىرىپ بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالغان. مەسىلەن، ئات (ئىسىم، مىنىدىغان، ھارۋا-چانىلارغا، قوش-خامانلارغا ۋە باشقىلارغا قوشىدىغان ئىش ھايۋىنى، يىلقا) بىلەن ئات (پېئىل، ئاتماق، ئېتىش—تاشلىماق، چۆرىمەك، جىغىماق)، ئات (ئىسىم، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمى، نامى) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئا-

ھاگداش سۆزلەردۇر. ھالبۇكى، ”ئىسىم، نام“ مەنىسىدىكى ”ئات“نىڭ سوزۇق تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاقانىيە تىلى باسقۇ. چىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ زاماندا، ئۇزۇن سوزۇق بولۇپ، ئالدىنقى ئىككىسىدىن پەرقلىق ئىكەن. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ”يىلقا“ مەنىسىدىكى ”ئات“نى ”آتْ“ دەپ، ئىسىم، نام مەنىسىدىكى ”ئات“نى ”آاتْ“ دەپ يازغان («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد، 48-ۋە 107-بەتلەرگە قارالسۇن). تېخىمۇ ئىل. گىرىرەك زاماندا ”ئاد“ بولسا كېرەك: ئاداش. ”ئوت“ سۆزى «دىۋان» دا ”اُتْ“ شەكلىدە يېزىلغان، كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ”ئۆسۈملۈك، دورا، ئوغا، چۆپ“ مەنىلىرىنى بېرىدە. كەن. بۈگۈن ئۇنىڭ ”ئۆسۈملۈك، دورا، ئوغا“ مەنىلىرى يوقىلىپ، ”چۆپ“ مەنىسى قالغان. ”ئالاۋ، ئاتەش“ مەنىسىدىكى ”ئوت“، ”اُوتْ“ تەرىقىسىدە يېزىلغان («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I جىلد، 48-، 49-ۋە 61-بەتلەرگە قارالسۇن). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ”چۆپ“ مەنىسىدىكى ”ئوت“نىڭ سوزۇق تاۋۇشى قىسقا، ”ئالاۋ“ مەنىسىدىكى ”ئوت“نىڭ سوزۇق تاۋۇشى ئۇزۇن ئىكەن. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش يوقىلىپ ”ئوت“ بولغان ۋە ئالدىنقى ”ئوت“بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەلپىن شېۋىسىدە ”ئوت“ ھازىرمۇ ”ئووت“ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

3) باشقا تىللاردىن سۆز-ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆز تىلىمىزنىڭ فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەلەپپۇز ئادىتىگە قاراپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ قوللىنىش جەريانىدىمۇ خېلى بىر تۈركۈم ئاھاڭداش سۆزلەر پەيدا بولغان: (1) باشقا تىلدىكى ئىككى ئاھاڭداش سۆز تەڭلا قوبۇل قىلىنىپ، بىزدىمۇ ئاھاڭداش

سۆز بولغان. رەسىم I ئىسىم. ئەرەبچە، رسم: سۈرەت. رەسىم II ئىسىم. ئەرەبچە، رسم: ئادەت، قائىدە-يوسۇن. سىر I ئىسىم. مىنېرال بوياق. سىر II ئىسىم. ئەرەبچە، مەخپىيەت. بۇ ئىككىسىدىن يەنە ”سىرلىق“ دېگەن ئىككى ئاھاڭداش سۆز ياسالغان. (2) ئەسلى تىلدا ھەر خىل يېزىلىپ ۋە ھەر خىل ئوقۇلۇپ، ھەر خىل مەنە بېرىدىغان سۆزلەر بىزدە بىر خىل ئېيتىلىپ، بىر خىل يېزىلىپ، ھەر خىل مەنە بېرىپ ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئەرەبچىدىكى سفر I ئىسىم. ئەسلى مەنىسى ساياھەت. بىزدە يول، يىراق جايغا مېڭىش. صفر II ئىسىم. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 2-ئاينىڭ نامى. بۇ ئىككى سۆز بىزدە ”سەپەر“ يېزىلغان. يەنە ئالايلى. بىزدە ”ئەسىر“ سۆزىدىن ئۈچلۈك ئاھاڭداش سۆز ھاسىل بولغان: ئەسىر I ئىسىم. تۇتقۇن؛ ئەسىر II ئىسىم. يۈز يىل، يۈز يىللىق دەۋر؛ ئەسىر III ئىسىم. دىگەر (ناماز ئەسىر، نامازدىگەر ۋاقتى). ھالبۇكى، بۇ سۆز ئەرەبچىدە ئۈچ خىل يېزىلىدۇ ۋە ئۈچ خىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس. ئەسىر I ئىسىم. اسر؛ ئەسىر II ئىسىم. عصر؛ ئەسىر III. ئىسىم. حصر. (3) باشقا-باشقا تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، تەلەپپۇزى، ئىملاسى ئوخشاش بولۇپ ئاھاڭداش سۆز بولغان. مەسىلەن، ميل. ئىسىم. ئەرەبچە. ئەسلى مەنىسى قەلەم، سۈرمە. كېڭەيگەن مەنىسى سائەت قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ئۈچى ئىنچىكىلەپ بارىدىغان يىڭنىسى، ستېرېلكا. mile ئىسىم. ئىنگلىزچە. ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىرلىكى. دېڭىز مىلى 1852 مېترغا، قۇرۇقلۇق مىلى 7420 مېترغا تەڭ. بۇ ئىككى سۆز بىزدە ئوخشاشلا ”مىل“ يېزىلىپ ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغان. يەنە”پەن دەپ يېزىلىپ ۋە ئوقۇلۇپ، ئىككى ئاھاڭداش سۆز

ھاسىل قىلغان سۆزنىڭ بىرى ئىلىم، بىلىم، بىلىك مەنىسىنى بېرىدىغان سۆزنىڭ ئەسلىسى ئەرەبچە "فن"، يەنە بىرى شال، تاختاي مەنىسىنى بېرىدىغان سۆزنىڭ ئەسلى خەنزۇچە ban 板 . ئەسلىدە "شۇلگەي، شالۋاق" مەنىسىنى بېرىدىغان "شال" بىلەن "تاختاي، پەن" مەنىسىنى بېرىدىغان "شال" ئىككىلىك ئاھاڭداش سۆز بولسا، كېيىن "تىۋىت ياغلىق، رومال" مەنىسىدىكى رۇسچە ئارقىلىق تاجىكچىدىن كىرگەن "شال" ئاقلانمىغان گۈرۈچ مەنىسىدىكى پارسچە "شال"( ئەسلىسى "شالى") قوشۇلۇپ تۆتلۈك ئاھاڭداش سۆز بولغان. (4) باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزنى ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈشتىن ھاسىل بولغان. مەسىلەن، "جىڭ" دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ ۋە يېزىلىپ ئۈچلۈك ئاھاڭداش سۆز ھاسىل قىلغان سۆزلەر خەنزۇچە بولۇپ، ئەسلىدە بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاش بولمىغان تۆت خەتنى كۆرسىتىدۇ: جىڭ I ئىسىم. جۇڭگوچە ئېغىرلىق ئۆلچىمى، 10 سەر ياكى 500 گرامغا تەڭ. خەنزۇچىسى jīn 斤 ، شۇ ئۆلچەمنى بىرلىك قىلىپ، ئېغىرلىق ئۆلچەيدىغان تارازا، خەنزۇچىسى chēn 称 . جىڭ II سۈپەت. ھەق، راست، ھەقىقىي. خەنزۇچىسى zhēn 真 . جىڭ III ئىسىم. ۋاقىت، ئۆلچەم بىرلىكى. تۈنىنىڭ بەش بۆلىكىنىڭ بىرى. خەنزۇچە gēng 更 . (5) كېيىنكى كۈنلەردە قوبۇل قىلىنغان تېرمىن، ئاتالغۇلار ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئوخشاپ قېلىپ، ئاھاڭداش سۆز بولغان. مەسىلەن، مۇزىكىشۇناسلىقتا تاۋۇشنىڭ ئېگىز-پەسلىكى، تىلشۇناسلىقتا ئاھاڭنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان "تون" تىلىمىزدىكى ئالدى ئوچۇق، تۈز ياقىلىق چوڭ چاپان "تون" بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالغان. "تون" بىزدە قەدىمكى سۆز بولۇپ، ئۇلۇغلارغا، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە مۇكاپات، ھەدىيە ئورنىدا "ئات مىندۈرۈش" بىلەن "تون كىيدۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇش، تون يېپىش» هازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. رۇس تىلى ئارقىلىق يۇنان تىلىدىن ئۇشۇقچىلا قوبۇل قىلىنغان، جىلد مەنىسىدىكى «توم»مۇ بىزدىكى كۆپ مەنىلىك «توم» بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالغان.

4) سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئاخىر بېرىپ ئايرىلىشىدىن پەيدا بولغان. «تاۋار» ئەسلىدىلا بىر خىل يىپەك رەخت، دۇردۇننى ۋە سېتىش، ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان مالنى كۆرسىتەتتى. كېيىنكى مەنىسىنى باشقىلار ئېلىپ كېتىپ «نوۋار» قىلىۋالغاندىن كېيىن ئايرىلىپ قالغاندۇق. هازىر يەنە مەنە جەھەتتىن ئايرىلىپ شۇ ئىككى خىل مەنىدە ئاھاڭداش سۆز بولدى. «كېڭەش» سۆزى پېئىل بولۇپ، كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك مەنىسىدە كېلەتتى. هازىر مەنىسى كېڭىيىپ، «كېڭىشىش يىغىنى» بولۇپ، ئورگان مەنىسىنى ئالدى ھەم سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئىسىمغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەنداش سۆز بولۇپ قالدى. «ئۇرۇش» توغرىسىدىمۇ شۇنداق دېيىش كېرەك.

5) ئاتالغۇ ئىشلەش داۋامىدا بەزى سۆزلەرگە ئاتالغۇ خۇسۇسىيىتى بېرىلىپ، ئۇلار شۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولدى. گراماتىكا ئاتالغۇسى «ئالماش»، «ئىسىم»، «سۈپەت»؛ «كېلىش»لەر؛ ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى «قوشۇش، ئېلىش، بۆلۈش، كۆپەيتىش»؛ جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرى «بۇرۇن»، «قولتۇق» ۋە باشقىلار.

6) قەدىمكى سۆزلەردىن، يەنى تارىخىي سۆزلەر پۈتۈنلەي يوقالغان، ئىستېمالدىن قالغان بولسا، ئۇلارنى هازىرقى سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش ھېسابلاش مۇۋاپىق ئەمەس، لېكىن هازىرمۇ بەزى ئەسەرلەردە ئۇچراپ قالىدىغان، دىئالېكتلاردا ساقلىنىپ قالغان

سۆزلەر هازىرقى سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. "ئىپ-غىل، قوتان" مەنىسىدىكى "ئاران" رەۋىش "ئاران" بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولىدۇ.

7) دىئالېكت، شېۋىلەردىكى سۆزلەرمۇ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. بۇ لۇغەتكە مۇنداق سۆزلەر تاللاپ، چەكلەپ كىرگۈزۈلدى.

8) ياردەمچى پېئىللار ئادەتتىكى لۇغەتلەردە كۆپ مەنىلىك مۇستەقىل پېئىللارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. لېكىن، بىزچە، ياردەمچى پېئىللار گىراماتىك بىرلىك سۈپىتىدە مۇستەقىل سۆزلەردىن مەزمۇن جەھەتتىن ۋە سۆز شەكلى تەركىبىدىكى ئورنى ۋە فۇنكسىيىسى جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ لۇغەتتە ئۇلارغا ئاھاڭداش سۆز مەرتىۋىسى بېرىلدى.

9) تەقلىد سۆزلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ.

10) بەزى مىللەت، قەبىلە، يەر، ئادەم ۋە پۇل بىرلىكلىرىمۇ مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. بىز بۇ لۇغەتكە مۇستەقىل سۆزلەرگە ئاھاڭداش مىللەت، قەبىلە ناملىرىنى كىرگۈزدۇق. ئادەم ئاتلىرى، يەر ناملىرىدىن ئاھاڭداش سۆزلەرنى خۇدا خالىسا، باشقا بىر پۇرسەتتە ئىشلەيمىز.

## II لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. لۇغەتنىڭ ھەربىر ماددىسىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەملەر بېرىلدى. سۆزلەملەر قېنىق قارا ھەرپلەر بىلەن تىزىلدى.

لۇغەتتە جەمئىي 598 سۆزلەم بولۇپ، بۇلاردا ئىككىلىكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

424، ئۇچلۇكلەر 103، تۆتلۈكلەر 43، بەشلىكلەر 20، ئالتىلىك-لەر سەككىز بولۇپ، جەمئىي 1477 سۆزدىن ئىبارەت.

2. ئاھاڭداش سۆزلەر قۇر بېشىدىن سوس قارا ھەرپلەر بىلەن تىزىلدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ تەرتىپى ئادەتتە سۆز تۈركۈملىرىنى ئاتىغاندىكى تەرتىپ بويىچە، ئاۋۋال ئىسىم، كېيىن سۈپەت، پېئىل... بېرىلدى.

3. ئاھاڭداش سۆزلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى.

پېئىللىق ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ھەر ئىككى خىل ئىسىمدىشى كۆرسىتىلدى.

4. ئاھاڭداش سۆزلەر كۆپ مەنىلىك بولسا، ئۇلارنىڭ ئاھاڭ-داش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي مەنىلىرىلا بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئالدىنقى سۆزلەرنىڭ كەينىدىنلا بېرىلىپ، قالغانلىرى قۇر بېشىدىن بېرىلدى. كۆچمە مەنىلىرى ئومۇمەن بېرىلمىدى.

5. ياسالما سۆزلەر قايسى سۆزگە قايسى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغانلىقى تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى.

6. ئاھاڭداش سۆزلەر قايسىبىر سۆزدىن ئۆسۈپ چىقىپ ئاي-رىلغان بولسا، تىرناق ئىچىدە ئۇچلۇق كۆرسەتكۈچ بەلگىسى (<) بىلەن كۆرسىتىلدى.

7. ئىزاھلار كۆپىنچە مەنىداش سۆزلەر بىلەن بېرىلدى. بەزىلىرى تەبىرىي ياكى تەسۋىرىي ئىزاھلاندى. ئېنىق ئانتونىملىرى كۆرسىتىلدى.

8. ئىزاھتىن كېيىن، بۇرجەكلىك تىرناق ئىچىدە شۇ سۆز-نىڭ خەنزۇچە تەڭدىشى بېرىلدى.

9. ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ ئاددىي تو-

رى، تۇرلىنىشى، شۇ سۆز قاتناشقان بىرىككەن سۆز، قوش سۆز، جۈپ سۆز، تەكرار سۆزلەر، تۇراقلىق-تۇراقسىز ئىبارىلەر، ماقال-تەمسىللەر، مەتەل-تاقماقلار، بېيىت-تېپىشماقلار، ھېكمەت-ئەقلىيە سۆزلەر، ناخشا-قوشاقلار، تۇيۇق-تەجنىسلەر ۋە نۇتقىي جۈملىلەر مىسال تەرىقىسىدە بېرىلدى.

10. ئوموفونلارنىڭ ئىملاسى ئۆز ئورنىدا تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلدى.

11. ئوموفونلارنىڭ ئېيتىلىشى، تەلەپپۇزىدىكى پەرقلەر ئاساسەن سوزۇق تاۋۇشلاردا بولغاچقا ئۇزۇن سوزۇقلىرى ئۇزۇن سوزۇق بەلگىسى (:) بىلەن كۆرسىتىلدى.

12. كونىرىغان سۆزلەر، شېۋىلەر ئۆز ئورنىدا ئەسكەرتىلدى.

## III پايدىلانغان كىتابلار


1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل 1-نەشرى.

2. «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل 1-نەشرى.

3. «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، شاڭۇۋ يىنشۇگۇەننىڭ 1973-يىل 1-نەشرى.

4. «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1990-يىل 1-نەشرى.

5. «مارجان سۆزلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1989-يىل 1-نەشرى.

6. «دانالار خەزىنىسىدىن»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 1986-يىل 1-نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئا

## ئات

**ئات I** ئىسىم. مىنىلىدىغان، هارۋا، چانا ۋە قوش، خامانلارغا قوشۇلىدىغان ئىش هايۋىنى، يىلقا [马]. ئاتچى، ئاتباقار، ئات كۆچى. * ئات يىلى. * ئات تويى، ئات ئويۇنى. * ئات- ئۇلاغ، ئات- هارۋا. * ئات يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە. * ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ(ماقال). * ئات ئايلىنىپ قوزۇقىنى تاپار(ماقال). * ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.

**ئات II** ئىسىم. 1. ئادەم ۋە شەيئىلەرگە قويۇلغان ئىسىم. نام [名字,名称,名义]. ئات تويى، ئات قويماق، ئېتىنى ئاتىماق. * ئېتىڭىز نېمە؟ بۇ چۆپنىڭ ئېتى نېمە؟ * ئات ئايلىنىپ يول سارىخانىغا (ماقال). * ئېتىڭ ئۆچسۇن، كۆلۈڭ كۆچسۇن (قارغىش).

2. ئاتاق، داڭق [名声,名气,名义]. ئالتىنغا ئېلىپ، بەشكە ساتماق، ئېتىڭ چىقسۇن سودىگەر (ماقال). * ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق (ماقال). * ئات كۆتۈر ياخشى بىلەن، سۆز كۆتۈر بالداق بىلەن (ماقال).

**ئات III** پېئىل. ئاتماق، ئېتىش. 1. چۆرىمەك، تاشلىماق، ئىرغىتماق، چىغىماق [投,掷,抛,扔]. مازارغا چالما ئاتماق. * دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق. * پوقىقا چالما ئاتما، يۈزۈڭگە چاچرايدۇ (ماقال).

2. قورال-ياراغدىن ئوق ئۈزمەك، نىشاننى ياردار قىلماق ياكى ئۆلتۈرمەك [打,射击,枪毙,枪决]. ئادالەتسىزلىككە ئاتقان ئوقۇڭ ئادالەت (ماقال). * ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېتەر (ماقال). * ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار، قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار (ماقال). * ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى (ماقال).

3. ئۇرماق [打击]. چاپانلىققا مۇشت ئات، جۇۋىلىققا تور كەتسۇن (ماقال).

4. تىتماق، پارچىلىماق [弹]. ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا

يەتمەيتۇ (ماقال) .

**ئات IV** ياردەمچى پېئىل. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. قاش ئاتماق، تاڭ ئاتماق.

"ئات"تىن بىر تۆيۈق:

قالدۇرۇشنى ئويلىساڭ گەر ياخشى ئات،
سەن يامانلىق ئىللىتىنى ئوتقا ئات،
ساغرىسىغا قامچا يەمدۇ يۈرسە يول،
مەنزىلگە يەتكۈچە، بىر ياخشى ئات.
— ئابدۇكېرىم مەخسۇت.

## ئاتا

**ئاتا I** ئىسىم. 1. بالىغا نىسبەتەن ئۆزىنى تاپقان كىشى، دادا، ئابا، ئاۋا [父亲,爸爸,爹爹]. ئاتا-ئانا، ئاتا-بالا، ئاتاڭغا رەھمەت، ئاتاڭغا لەنەت. * ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس (ماقال) . * ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى (ماقال) .

2. ئەجداد [祖宗,祖辈]. ئاتا كەسپى، ئاتا-بوۋا، ئاتام زامان، ئاتام ئېيتقان بايىقى. * ئاتىلار سۆزى—ئۆزۈڭنىڭ كۆزى (ماقال) .

3. ئاتا يوللۇق كىشى [父老,父辈]. ئاتا تۇتماق، ئاتا بولماق، قېيىن ئاتا، ئۆگەي ئاتا. * بۇ كىشىنى مەھەللىمىزدىكى ھەممەيلەن "ئاتا" دېيىشىدۇ.

**ئاتا II** پېئىل. ئاتىماق، ئاتاش. ئاتا قىلماق، بېغىشلىماق، تەقدىم قىلماق، بەخشەندە قىلماق، بەرمەك [献,给,赐予,授予,赋予,给予]. ۋەتەن يولىدا جېنىمنى ئاتىدىم. * بەرىكە تاپ، ساڭا ئوغۇل ئاتا قىلسۇن. * بۇنى سىزگە ئاتاپ ئالدىم. * ئاتىسا ئىلىمگە كىمكى بېشىنى، شامالدىن يۈرگۈزەر تۈگمەن تېشىنى.

**ئاتا III** پېئىل. ئاتىماق، ئاتاش [叫,叫做,称呼,点名]. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئېتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى "ئىسىم" دەپ ئاتايمىز. * ئۇنى بالىلارنىڭ ھەممىسى "چوڭ دادا" دەپ ئاتىشىدۇ. * قاغىنىڭ ئېتىنى ئاتىغانغا بۈركۈت قورقمايدۇ (ماقال) .

## ئاتامان

**ئاتامان I** ئىسىم. (كونىرىغان سۆز) سەردار، يولباشچى

.[将军,将领]

ئاتامان II ئىسىم. تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل توپ ئويۇنى [阿塔曼球].

## ئاتلىق

ئاتلىق I سۈپەت ("ئات I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). 1. ئاتقا ئىگە، ئېتى بار [有马的]. بىرۋاقىتلاردا ئېشەككە زار ئىدىم، ھازىر ئاتلىق بولۇپ قالدىم.

2. سۈپەت. ئات قوشۇلغان [套马的]. ئىككى ئاتلىق ھارۋىدا كەلدىم.

3. سۈپەت. ئات مىنگەن [骑马的]. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتقا ئات قويدۇ.

4. رەۋىش. ئات مىنىپ، ئات مىنگەن ھالدا، ئات بىلەن [骑着马]. ئاتلىق يۈرۈپ گۆل كۆرمەك. * ئاتلىق كەلگەنىدىم، ئېتىمغا قاراپ قويۇڭ.

5. ئىسىملاشقان سۈپەت. ئات مىنگەن كىشى [骑马的人]. ئاتلىق پىيادىنىڭ ھالىغا يەتمەس (ماقال).

6. ئىسىم. ئاتقا خاس خۇسۇسىيەت [马的属性]. ئاتنىڭ ئاتلىقى بار، ناۋاتنىڭ تاتلىقى بار (ماقال).

ئاتلىق II سۈپەت ("ئات II "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). ئىسىملىك، ناملىق، ... دەپ ئاتىلىدىغان [叫……名字的]. داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق تاۋۇزى تاتلىق، داۋانچىڭدا بىر يارىم بار قەمبەرخان ئاتلىق (ناخشا).

## ئاچ

ئاچ I ئىسىم. 1. تويماس، ئاچكۆز، ئاچپاقا [贪婪的,眼小的]. ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر (ماقال). * ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس (ماقال). * يەرنىڭ كۆزى ئاچ.

2. ئىسىملاشقان پېئىل. ئاچ قالغان، قورسىقى ئاچ كىشى [饥饿的人,饿汉]. ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس (ماقال). * ئاچ نېمىنى يېمەيدۇ، توق نېمىنى دېمەيدۇ (ماقال). * ئاچ توق بىلەن ئوينىماس (ماقال).

**ئاچ II** سۇپەت. 1. سۇس. [浅,不深,不浓]. ئانتونىمى: قېنىق، توق ئەمەس. ئاچ سېرىق، ئاچ قىزىل، ئاچكۆك.

2. كەمتۈك. [有缺口的,有缺损的]. ئانتونىمى: توق، تولۇق. ئاچ دان. * ئاچ قاپىيە.

**ئاچ III** سۇپەت. قورساقتا يېمەكلىك بولمىغان، قورساق تويمىغان ھالەت [饥]. ئانتونىمى: توق. ئاچ قورساق. * ھۈنەرۋەن باي بولماس، قورسىقى ئاچ قالماس(ماقال). * ئاچ قورساققا ئاچچىقسۇ (مەتەل).

**ئاچ IV** پېئىل. ئاچماق، ئېچىش. قورساق ئاچماق[饿]. ئانتونىمى: تويماق. قورساقنىڭ ئاچقىنى—ئەقىلنىڭ قاچقىنى(ماقال). * ئىش ئىشتىھانى ئاچىدۇ(ماقال). * بىر ئاچقانغا گەپ قىلما، بىر ھارغانغا(ماقال).

**ئاچ V** پېئىل. ئاچماق، ئېچىش. ئانتونىمى: ياپماق، ئەتمەك. ئېتىك، قاتلاق، پۈتۈك، پۈتەي، تۇتۇق، كۆمۈك، تۇرغۇن، توم، يوشۇرۇن، توختام…ھالەتنى ئوچۇق، ئاشكارا، ياپىلاق، راۋان ھالەتكە كەلتۈرمەك[开,开办,开辟,开采,开创,打开]. يول ئاچماق، مەكتەپ ئاچماق، مەجلىس ئاچماق، يەر ئاچماق، قۇچاق ئاچماق، كۆڭۈل ئاچماق، ئىشتىھانى ئاچماق، ئىشىكنى ئاچماق، بايلىقلارنى ئاچماق، رادىئونى ئاچماق، يۈزىنى ئاچماق، كۆزىنى ئاچماق. * ئىشىكنى ئاچ، تىنجىقتىن قاچ (ماقال). * ئاچسام ئالقىنىمدا، يۇمسام سىقىمىمدا(ماقال). * ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ، سۆز كەلسە سۆزۈڭنى ئاچ (ماقال).

**ئاچ VI** پېئىل. ئاچماق، ئېچىش. ياراشماق، كۆرۈنەرلىك بولماق [协调,显眼的]. قارا كاستۇمغا ئاق گالستۇك ئاچىدۇ. * بۇ رەڭ رەسىمنى تازا ئېچىپتۇ.

## ئاچا

**ئاچا I** (ئا:چا) ئىسىم. 1. بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدە ئۆزىدىن چوڭ قىز، ئىگىچە، ئىجە، ھەدە، ئايلا[姐姐]. ئاچا-سىڭىل. * بىر ئاكام، ئىككى ئاچام بار. * چوڭ ئاچام مۇئەللىم.

2. يېشى ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن شۇن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

داق دەپ ئاتىلىدۇ. ئاياللارنى چاقىرغاندا، كۆپ ھاللاردا ئىسمى-نىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ [大姐,大嫂,阿姨]. ھەدە، ئاچا، ئايلا، ئايىمخان ھەدە كېلىپ كەتتى. * تۇختىخان ئاچا. * ھەبىبىخان ئايلا.

**ئاچا II** ئىسىم. ئاچىماق، ئاچال [树叉,叉子]. ئاچا ياغاچ، ئاچا قۇلاق، ئاچا يول، ئاچا تۇياق. * ئاچا قوزۇق يەرگە كىرمەس (ماقال). * ئاچا ساقال ئاچ قالماس، كەكە ساقال كەم قالماس (ماقال). * ئاچا يولغا بارغاندا ئايرىلدۇق.

## ئاچچىق

**ئاچچىق I** ئىسىم. قەھر، غەزەپ [气,气愤,怒,愤怒]. ئاچچىقى كەلمەك، ئاچچىقلانماق، ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك. * ئاچچىقنى ئاچچىق باسىدۇ (ماقال). * ئاچچىقتىن قېرىيسەن، شادلىقتىن ياشىرىسەن (ماقال). * ئاچچىق كەلگەندە، ئەقىل قاچىدۇ (ماقال).

**ئاچچىق II** سۈپەت ("ئاچچى"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان.) 1. تىلغا قاتتىق تېگىدىغان، لازىنىڭ تەمىگە ئوخشاش تەم [苦,辣]. ئانتونىمى: تاتلىق. ئاچچىقسۇ، ئاچچىق ئۈچەي، ئاچچىق-چۈچۈك. * ئاچچىق دورا كېسەلگە داۋا (ماقال). * زىيان زەھەردىن ئاچچىق. * ھېچكىم دېمەيدۇ جېنىم، ئاچچىق مېنىڭ قېتىقىم.

2. نورمىدىن ئوشۇق دەملەنگەن، قويۇق [苦的,浓的,酽的]. ئاچچىق چاي. * ئاچچىققىنا دەملەنگەن چاي ئىچكۈم بار.

3. قاتتىق تەسىر قىلىدىغان [劲大的,惨痛的]. ئاچچىق سوغۇق، ئاچچىق گەپ، ئاچچىق تۈتۈن، ئاچچىق ساۋاق، ئاچچىق كۈلكە. * تاتلىق يالغاندىن ئاچچىق ھەقىقەت ياخشى (ماقال).

## ئاداش

**ئاداش I** ئىسىم. 1. دوست (بىر جىنستىكىلەر ئارا)، ئاغىنە، بۇرادەر (ئەرلەر ئارا) [朋友,伙计]. ئاداش، ئاداش بولايلى، بىرىنىمە تاپساق تەڭ يەيلى. * ئاداش يۈر، كىنوغا بارايلى.

2. يار، ئاشنا [情人,姘头]. ئاداش تۇتماق، ئاداش ئوينىماق.

**ئاداش II** پېئىل. ئاداشماق، ئادىشىش. ئازماق، تېنىمەك

[迷失]. نىشاندىن ئاداشماق، يولدىن ئاداشماق، ئەقىلدىن ئاداشماق، ھېسابتىن ئاداشماق. * ئاداشساڭمۇ كۆپ بىلەن ئاداش (ماقال). * ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، ياماننى ماختىساڭ ئادىشىدۇ (ماقال).

## ئار

**ئار I** ئىسىم. نومۇس، ئۇيات [羞耻,耻辱]. ئار ئالماق، ئار بىلمەك، ئار-نومۇسنى ئاقلىماق. * ئار-نومۇسنى يوقاتقان ئەرنى ئەل ئادەم دېمەس (ماقال).

يىرگىنچلىك خار بولۇپ تاپقان نېمەت،
قازىنىڭنى تولدۇرىدۇ ئار بىلەن پەقەت.

**ئار II** مىقدار سۆز. ئۆلچەم بىرلىكى [公亩]. بىر ئار گېكتارنىڭ يۈزدىن بىرىگە، يەنى 100 كۋادرات مېترغا ياكى 0.15 موغا تەڭ.

## ئارا

**ئارا I** (ئا:را) ئىسىم. دېھقانچىلىق سايمىنى، چاپچا [叉子,铁叉,木叉]. ياغاچ ئارا، تۆمۈر ئارا.

خامىنىڭغا بار دەيسەن،
شامال چىقسا، ئارا دەيسەن،
پېشۆيۈەنگە بار دەيسەن،
مېنىڭ دەردىمگە دورا دەيسەن.
— ناخشا

**ئارا II** ئىسىم. 1. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئارىلىق، مۇساپە [距离]. بېخىلغا قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىلىقى 40 كۈنلۈك يول (ماقال).

2. ۋاقىت، پۇرسەت [时间,时机]. شۇ ئارىدا ئۇلار يېتىپ كەلدى.
* پات ئارىدا يېتىپ بارىمىز.

خۇدا بۇيرۇسا باي بولۇپ مال ساتارمىز،
ئارا تاپساق، ئۆيدە بىللە ياتارمىز.

3. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئالاقە [人际关系]. ئارا بۇزۇلماق، ئارا ئوچۇق، ئارىنى ئۈزمەك، ئارىغا قىچا چاچماق، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشمەك، ئارىدىن قارا مۈشۈك ئۆتمەك، ئارىدىن گەپ ئۆتمەك، ئارىغا تىكەن ئۈنمەك.
* ئارىغا شامال كىرمەيدۇ، ئارىغا قىل سىغمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

4. ئوتتۇرا [中,中间]. ئارىغا ئالماق، ئارىغا قاتماق، ئارىغا ئادەم قويماق.

5. سۈپەت. ئوتتۇرىچە، ئوتتۇراھال [中,中等]. ئارا بوي، ئارا پاشنا، ئارا شال.

6. سۈپەت. قولى بوش، بىكار[闲,无事的,无事可做的]. سەمەت ئىشنىڭ ئارا ۋاقىتلىرىدا يېڭى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇيتتى.

## ئاران

**ئاران I** ئىسىم. ئېغىل، قوتان [马厩,牛棚,羊圈]. ئۇلاغنى ئارانغا ئەكىرىپ قوي.

**ئاران II** رەۋىش. 1. تەسلىكتە، مىڭبىر مۇشەققەتتە، ئاران بالالىقتا، ئاران دېگەندە [好不容易,勉强]. يولدىن ئادىشىپ قېلىپ ئاران كەلدىم. * ئاران تۇرۇۋاتىمەن.

2. پەقەت، يالغۇز، بار-يوقى [只,唯有,只有]. بىز بىر ئاتتىن ئاران ئىككى بالا ئىدۇق. * بۇ ئىشقا ئاران بەش كۈن كەتتى.

## ئارت

**ئارت I** ئىسىم. داۋان، بەل [大坂]. بەدەلئارت، مۇزئارت.

**ئارت II** پېئىل. 1. ئارتماق، ئارتىش. يۈك-تاقنى ئات-ئۇلاغقا يۈكلىمەك [驮,搭]. قاچا-قۇچىلارنى ئېشەككە ياخشى ئارتىپ قوي.
* سىنىمىغان ئاتقا يۈك ئارتما(ماقال).

2. ئىللەتنى، خاتالىقنى باشقا بىرىگە دۆڭگىمەك [转嫁,推到]. گۇناھ ئۆزەڭدە، خەققە ئارتقىنىڭ بىكار.

**ئارت III** پېئىل. ئارتماق، ئارتىش. كۆپەيمەك، ئاشماق [增多,增加]. تىرىشىپ ئوقۇغانىنىڭ بىلىمى كۈندىن-كۈنگە ئارتىپ بارىدۇ. * مال باھاسى ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ.

## ئارتۇق

**ئارتۇق I** سۈپەت. 1. كۆپ، زىيادە [多,多余]. ئەتىكى ئىككىدىن بۈگۈنكى بىر ئارتۇق (ماقال). * ئارتۇقنى ئەل ئالسۇن، قالغىنىنى سەل (ماقال). * بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى ئون ئەرنىڭكىدىن ئارتۇق(ماقال).

2. ئوشۇق، بىهۇدە [多余]. ئارتۇق گەپكە ئورۇن يوق.

گەر بىر تۆگە يىقىلسا يۈك كارۋاندىن،

يۈكچىگە يۈكنىڭ غېمى ئارتۇق تۆگە جاندىن.

3. ئۈستۈن، ياخشى، گۈزەل [强,好,胜过]. ئاناڭدىن ئارتۇق مېھرىبانىڭ يوق (ماقال). * يىراقتىن قارىسام، ئەلدىن ئارتۇق، يېقىندىن قارىسام، ھاشىم تاتۇق. * كىم كىشى دىلىغا بېرىدۇ ئازار، ئىتنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق شان-شەرىپى بار.

**ئارتۇق II** رەۋىش. زىيادە، ئوشۇق [多,多余]. ئارتۇق ئۇخلى-سالىڭ، ئاچ قالىسەن (ماقال). * دوختۇرخانىدا بىر ئايدىن ئارتۇق ياتتىم، بۇندىن ئارتۇق چىدىيالمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى كېبەل.

## ئارىچى

**ئارىچى I** (ئا: رىچى) ئىسىم (" ئارا I "گە ئىسىم ياسى-غۇچى قوشۇمچە "چى" قوشۇلغان). ئارا ياسايدىغان ياكى ئارا ساتىدىغان كىشى [制叉人,卖叉人]. مەھەللىمىزدە بىر ئارىچى بار، ئۆزى ياساپ، ئۆزى ساتىدۇ.

**ئارىچى II** ئىسىم "(ئارا II نىڭ 3 -") گە ئىسىم ياسىغۇ-چى قوشۇمچە "چى" قوشۇلغان). ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى كېلىشتۈرگۈچى، ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى ئاجراتقۇچى كىشى [调解人,劝架人]. ئارىچىغا ئالتە تاياق (ماقال).

## ئارىلاش

**ئارىلاش I** سۈپەت. ئارىغا باشقا نەرسىلەر قوشۇلغان، قېتىشما [混杂,混合]. چايدا قىز-ئوغۇللار ئارىلاش ئولتۇردى. * ئارىلاش جۇپ ئويناش. * ئارىلاش چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى. * قېتىشما پولات.

**ئارىلاش II** پېئىل. ئارىلاشماق، ئارىلىشىش. ئارىغا كىرمەك، قاتناشماق [干涉]. ئالدىراش ئىشقا شەيتان ئارىلىشار (ماقال). * بۇ ئىشقا ئارىلاشقانىڭ پايدىسى يوق. * خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئارىلىق

**ئارىلىق I** ئىسىم. پارا، ئۆرۈنچ [贿赂]. ئارىلىق بەرمەك، ئارىلىق ئالماق. * ئارىلىق بېرىدىغانلار بولمىسا، ئارىلىق ئالىدىغانلار بولماس ئىدى.

**ئارىلىق II** ئىسىم. دەھلىز، ئايۋان [过道,走廊,穿堂]. ئارىلىقتىن ئۆتۈپ، سارايى ئۆيگە كىردۇق.

**ئارىلىق III** ئىسىم. 1. ئىككى ئوتتۇرىدىكى بوشلۇق، مۇساپە، ۋاقىت، پەيت [距离,间隙]. ئىدارىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق. * ئىمتىھاننىڭ ئارىلىقى ئاز قالدى.

2. ئوتتۇرا [中间,间隔]. —ئارىلىقتا تۇرغان كىشى شۇ، —دېدى ئوتتۇرىدىكى كىشىنى كۆرسىتىپ.

## ئاز

**ئاز I** سۈپەت. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ ئەمەس؛ كەم [少]. ئاز سانلىق مىللەت، ئازچىلىق، بۇ ئايدا يامغۇر ئاز ياغدى. * ئاز-پاز، ئازلىماق، ئازايماق. * ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ. * كۆپنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قالما (ماقال). * پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز (ماقال).

**ئاز II** پېئىل. ئازماق، ئېزىش. ئازغاشماق، ئازغىنىش [迷失]. "ئاداش II" گە قاراڭ. يولدىن ئازساڭمۇ، يۇرتتىن ئازما (ماقال). * ئات ئازسا، ئايغا ئەگىشىدۇ (ماقال). * ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرا كىشى ئۆزىدۇ (ماقال).

## ئاش

**ئاش I** ئىسىم. ئاشلىق، دان [粮食]. ئاق ئاش، قارا ئاش. * ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن چايناپ تاش (ماقال). * ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تېرىما (ماقال).

**ئاش II** ئىسىم. 1. پىشۇرۇلغان يېمەكلىك، تاماق، غىزا، تائام [饭]. ئىش بار يەردە، ئاش بار (ماقال). * ئاشنىڭ ياخشىسى چۆچۈرە، ئىشنىڭ ياخشىسى كۆتۈرە (ماقال). * ئاش بەرگەن قازاننى چاقماق. * ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرمەك. * ئىككى ئۆينىڭ قورغۇنلۇقى بىر ئۆيگە ئاش بولار (ماقال). * مەيدە

ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال).

2. پولۇ، قويۇقئاش، گۈرۈچ ئاش [抓饭]. ئاش دەملىمەك، ئاش-مانتا، ئاش تارتماق، يۇرتقا ئاش بەرمەك.

**ئاش** Ⅲ ئىسىم. تېرە ئەيلەشكە تەييارلانغان خۇرۇچ [皮硝]. ئاشلىماق، ئاشقا سالماق، ئاشتىن چىقماق. * تۆگكۈز تېرىسى ئاش يېمەس (ملقال).

**ئاش** Ⅳ پېئىل. ئاشماق، ئېشىش. 1. "ئارت Ⅱ "گە قاراڭ. ئاستا يۇرگەن تاغ ئاشار، يۇگۇرگەن باغ ئاشار (ماقال).

2. نورمال ھالەتتىن ئۆتمەك [超过]. ئىسسىقى ئاشماق، سوغۇقى ئاشماق.

مەرھەمەت ھەددىدىن ئاشقان ھامان،
شۈكرىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ بىگۇمان.

3. ھالقىماق، ئۆتمەك [超越]. يالغۇز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار (ماقال).

4. ئېشىپ قالماق [剩余]. ئاشقان ئاش بارات تازىنىڭ (ماقال).

## ئاغ

**ئاغ** I ئىسىم. ئىشتان، شىم ۋە شالۋۇرلارنىڭ چاتىراققا كېلىدىغان يېرى [裤裆]. ئىغى كەڭ، ئىغى تار. * ئىغىي بىلەن بىغىي يوق (مەتەل).

**ئاغ** Ⅱ پېئىل. ئاغماق، ئېغىش. قىيشايماق، قىيشىش، بىر تەرەپكە ياتماق [偏斜,倾斜]. ئاغمىچى. * ئاتنىڭ يۇكى ئوڭ تەرەپكە ئېغىپ كەتتى.

## ئاغا

**ئاغا** I ئىسىم (كونىرىغان ئىسىم). يۇرت باشلىقى، ئەل باشلىقى. ھاكىم [首领,长官,头目]. ئاغىسىز ئەل بولماس، ياقىسىز تون (ماقال).

**ئاغا** Ⅱ ئىسىم. ئاكا [哥,兄]. ئاغا-ئىنى ئويناشسا، ئىنىسى يىگەر،

www.uyghurkitap.com

چېلىشسا ئاقىسى (ماقال) . * ئاقىدا قالدىڭ ئېغىلدا قالدىڭ، يەڭگەڭدە قالدىڭ يېتىمدا قالدىڭ (ماقال) .

## ئاق

**ئاق I** سۈپەت. 1. قار، پاختا، سۈت رەڭلىك [白的,白色的]. ئانتونىمى: قارا. ئاق شېكەر، ئاق قەغەز، ئاق خالات، ئاق خون، ئاق مۇم، ئاق چاشقان، ئاق سۇرۇپ. * ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ. * قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ (ماقال) . * كۆرمەي تۇرۇپ ئاق دېمە، سىنىماي تۇرۇپ ساق دېمە (ماقال) .

2. پاك، گۇناھسىز [清白无辜]. ئوغرى ئۆلگۈچە ئۆزىنى ئاق دەيدۇ (ماقال) . * —ئۇ يا ئاق قىل، يا قارا قىل، —دەپ قاتتىق تۇردى.

3. بوش، بىكار، ئىشلىتىلمىگەن [空白的,闲]. بىرنەچچە مو يەر ئاق قاپتۇ. * ئۇ ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرغانىدى. * كىتابتا بىرنەچچە ئاق بەت بار ئىكەن. * ئاق چەك، ئاق تالونلار كىيگەن.

4. سۈپەتە، ئىنچىكە، تازا … دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ [清,细,精]. ئاق ئاش، ئاق شورپا، ئاق يېغىن، ئاق كۈن، ئاق نان.

**ئاق II** پېئىل. ئاقماق، ئېقىش. 1. سۇيۇقلۇق يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھەرىكەتلەنمەك، تامماق [流,淌,漏]. يېيىق سۇ ئاستا ئاقىدۇ (ماقال) . * تاغ سۈيى تاغدا ئاقىدۇ (ماقال) . *بېخىلنىڭ شامى ئاقسا، كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ (ماقال) .

ناكەستىن سوراپ، ھېچ ئابرۇيۇڭ تۆكمە،
ئابرۇينى ئېرىقتا ئاققان سۇ دېمە.

2. ئۆتمەك، يۈرۈشمەك [行得通,畅通]. بۇدا ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن مېلىمىز ئېقىپ قالدى.

## ئاقسىل

**ئاقسىل I** ئىسىم. بىلوك [蛋白质]. ئاقسىل جانلىقلار تېنىدىكى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئاساسىدۇر.

**ئاقسىل II** ئىسىم. ئاچا تۇياق ھايۋانلاردا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل [牛瘟,牛蹄病]. ئاقسىل پەيدا بولسا، تېزدىن داۋالاش،

كېسەلنى كارانتىن قىلىش كېرەك. بولمىسا، تېز تارقىلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئادەمگىمۇ يۇقىدۇ.

## ئال

**ئال** I پېئىل. ئالماق، ئېلىش. 1. قول بىلەن ياكى ئەسۋاب بىلەن تۇتۇپ، ئۆز ئىلكىگە ئالماق [拿,取,领]. ئانتونىمى: بەرمەك. كەتمەننى ئالماق، يانچۇقتىن پۇل ئالماق، مائاش ئالماق. * ئالغۇچە بىسمىللا، بەرگۈچە ئەستاغپۇرۇللا (ماقال).

2. قوبۇل قىلماق [接收,招收,征求,采纳]. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماق، باج ئالماق، پىكىر ئالماق.

3. سېتىۋالماق، پۇل بېرىپ ئالماشتۇرماق [买,购买]. بىلەت ئالماق، بۇ ئۆتۈكنى قانچىغا ئالدىڭىز؟

4. تۇتماق، قولغا كىرگۈزمەك، قارمىماق [捕,抓]. ئەسىر ئالماق، جىنايەتچىنى قولغا ئالماق. * قارچىغا توشقان ئالدى. * ياقىدىن ئالماق، قولاقتىن ئالماق. * ئىت پاچاقتىن ئالدى.

5. ئۆيلەنمەك [娶妻]. خوتۇن ئالماق. * ئات ئالساڭ ئاي كېچىكمەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېچىكمەش(ماقال).

6. قىرقىپ، كېسىپ، چۈشۈرۈپ تاشلىماق [表示去掉,除去等意思]. چاچ ئالماق، ساقال ئالماق، تىرناق ئالماق.

7. ئىگە بولماق، قازانماق، ئېرىشمەك[得到,收获,取得]. خامان ئالماق، ھوسۇل ئالماق، نام ئالماق، شەھەر ئالماق. * ئورۇن ئالماق، جاۋاب ئالماق، دېرىكىنى ئالماق.

8. يوقاتماق، كەتكۈزمەك [消除,去掉]. زەھەرنى زەھەر ئالىدۇ (ماقال).

9. خاتىرىلىمەك، سىزماق، ئىزىنى چۈشۈرمەك[记,录,摄]. ئەنگە ئالماق، دەپتەرگە ئالماق. * سۈرەتكە ئالماق. * نوتىغا ئالماق.

10. قوشماق [接纳]. ئارىغا ئالماق. * قاتارغا ئالماق.

11. يېمەك-ئىچمەك [吃,喝,用]. —مەزەدىن ئالسىلا، —دېدى ساھىبخان. * —كۆپ ئالدۇق، رەھمەت، —دېدى مېھمان.

12. پەيدا قىلماق، ھاسىل قىلماق [产生,增膘,含泪,挖渠,开路].

ئەت ئالماق، ياش ئالماق، ئۈستەلگ ئالماق. * يول ئالماق.

ئال II ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلىغۇچىسى. 1. بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词：使一些名词动词化]. كۈچ ئالماق، ئۆچ ئالماق، باش ئالماق. * ئىمتىھان ئالماق، ھېساب ئالماق، تەسىر ئالماق.

2. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلار بىلدۈرگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكت تەرەپتىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ [助动词：表示行为，行动的完成]. ئۇ بىردەم ئۇخلىۋالدى. * سەن بىزدىن بۇرۇن بېرىپ ئولتۇرۇۋالدىڭ. * ئۇلار ئۆزىنى قاچۇرۇپ تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

3. "بولۇپ" رەۋىشدىشىدىن كېيىن كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ دۈشمەننى كۆرۈپ گاس بولۇۋالدى. ئەگەر "بولۇپ" رەۋىشدىشى ئالدىدا سۈپەتداش كەلسە، ئۇلارنىڭ يالغاندىن ئورۇنلىنىشىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرىدۇ. يازغان بولۇپ قويى. * ئوقۇغان بولۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدىم.

## ئالا

ئالا I سۈپەت. چار، چىپار، ئالا-بولا [黑白的，花的]. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق (ماقال). ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە (ماقال). * ئابرويۇم ئالا چاپان (ماقال). * ئاتىنىڭ يامىنى ئالا، خوتۇننىڭ يامىنى يالا (ماقال).

ئالا II سۈپەت. خام-خۇتا، چالا پىشقان [夹生，不熟]. ئاشنىڭ ئالىسى قورساق ئاغرىتار، كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئادەم ئۆلتۈرەر (ماقال). * ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ (ماقال).

## ئالماش

ئالماش I ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى. سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، ئىسىم، سۈپەت، سانلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆزلەر [代词]. كىشىلىك ئالماشلار، سوراق ئالماشلار، ئۆزلۈك

ئالماش، كۆرسىتىش ئالماشلىرى.

**ئالماش II** پېئىل. 1. ئالماشماق، ئالمىشىش. بىر-بىر-ىنىڭ ئورنىنى ئالماق، تېگىشمەك [更迭,交替,更换,互换]. پوست ئالماشماق، سۆلالىلار ئالماشماق، خىزمەت ئورنى ئالماشماق. * ئۆچىلىقى ئالمىشىپتۇ، ئىشىكى يەنە شۇ ئىشەك (ماقال).

2. گىرەلەشمەك [交叉,交织,交错]. بەسەي يېسەڭ، بەسەي يە، جۇسەي يېسەڭ، جۇسەي يە، نىمە يېسەڭ قاملىشىدۇ، قوپسام پۇتۇم ئالمىشىدۇ.

## ئالامەت

**ئالامەت I** ئىسىم. بىرەر ھەرىكەتنى كۆرسىتىدىغان، ئۇنىڭدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە [特征,标志,迹象,征兆]. كېسەللىك ئالامىتى.

ئىلىم-ھېكمەت ئىزدە، لېكىن مەغرۇرلانما،
مەغرۇرلۇق نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

**ئالامەت II** ئىسىم. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى [〈数〉号]. تەڭلىك ئالامىتى (=)، قوشۇش ئالامىتى (+)، ئېلىش ئالامىتى (—)، كۆپەيتىش ئالامىتى (×)، بۆلۈش ئالامىتى (÷)، (:).

**ئالامەت III** رەۋىش. ناھايىتى، قەۋەت [格外,十分]. بۇگۈنكى ئويۇن ئالامەت قىزىق ئىكەن. * ئۇ بىر ئالامەت ئادەم ئىكەنغۇ!

## ئانا

**ئانا I** ئىسىم. 1. بالىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى تۇغقان ئايال [母亲,妈妈,娘]. ئاناڭ ئۆرگۈلسۇن. * ئانام قازناقتا يوق (ماقال). * ئانا ئايغى جەننەت (ماقال). * ئانا سۈتىدىن ھالال (مەتەل).

2. ئانا دېمەتلىك ئاياللارمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن "ئانا" دېيىلىدۇ. ئۆگەي ئانا، قېيىن ئانا، تۇغقۇت ئانىسى. * ئايىمخان ئانا — ھۆرمەتلىك ئايال.

3. مەخسۇس ئېتى بولمىغان چىشى ئۇچار قاناتلار، ھايۋانلار [母,雌]. ئانا كەپتەر. * ئانا قۇشقاچ پاتقان كاماندا بالا قۇشقاچ پاتماپتۇ (ماقال). * ئانا توشقان. * ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ جېنى ئاغرىماس (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئانا II** ئالماش. كۆرسىتىش ئالمىشى [指示代词]. ئانا بالىلار كۆكۈللۈك ئويىنىشىۋاتىدۇ. * ئۇ ئانا-مانا دەپ ئىشنى كەينىگە سوزدى.

## ئاۋۇ

**ئاۋۇ I** (ئا:ۋۇ) ئالماش، كۆرسىتىش ئالمىشى[指示代词]. ئاۋۇ يەر، ئاۋۇ ئىمارەت. * ئاۋۇ ئادەم نېمىشقىدۇ، ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ.

**ئاۋۇ II** پېئىل. ئاۋۇماق، ئاۋۇش. كۆپەيمەك، جىقلىماق، ئاشماق، ئارتماق [增多,增加]. بۈگۈن ئىش خېلى ئاۋۇدى. * ئادەملەر بارغانسېرى ئاۋۇدى.

## ئاي

**ئاي I** ئىسىم. يەر شارىنى ئايلىنىدىغان سەييارە، ئاي شارى [月亮,月球]. يېڭى ئاي، ئوغاق ئاي، تولۇن ئاي، ئاي تۇتماق، ئاي چىقماق، ئاي كۆرۈنمەك، ئاي پاتماق. * ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس (ماقال). * ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار (ماقال).

**ئاي II** ئىسىم. ۋاقىت ئۆلچىمى، يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 كۈنلۈك ۋاقىت [月,月份]. ئاينىڭ بېشى، ئاينىڭ ئاخىرى. * چوڭ ئاي، كىچىك ئاي. * ئاينىڭ بېشىدىن قورقما، بەشىدىن قورق(ماقال). * ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ( ماقال). * ئايدا يېگەن توق، كۈندە يېگەن ئاچ (ماقال). * 5-ئايدا بېشىنى كۆردۈم، 6-ئايدا ئېشىنى (ماقال). * كەلگىنىمگە بەش ئاي بولدى.

## ئايا

**ئايا I** پېئىل. ئايىماق، ئاياش. قەدىرلىمەك، رەھىم قىلماق، ئەزىزلىمەك [爱惜,珍惜]. تاغارنى تۆۋىدە ئايىغۇچە، ئاغزىدا ئايا (ماقال). * سىيىر سىيلىغاننى بىلمەيدۇ، يامان ئايىغاننى (ماقال). * تاي ئايىغان ئات مىنەر، كىيىم ئايىغان تون كىيەر (ماقال). * ھارغىنىمنى ئايىمايمەن، ئەقلىمنى ئايايمەن.

**ئايا II** ئىملىق. خىتاب قىلىپ ئېيتىلىدۇ [喂]. ئايا دوستلار، قۇلاق سېلىڭلار، دۈشمەنگە ئىچ ئاغرىتىش—ئۆزگە جاپا سېلىشتۇر.

## ئايلىق

**ئايلىق I** سۈپەت. ("ئاي II "گە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان.) ئايغا تولغان، ئاي بويى داۋام قىلىدىغان، ئايغا مۆلچەرلەنگەن [月的]. ئايلىقچى، ئايلىق ژۇرنال، ئايلىق پىلان، بەش ئايلىق بالا.

**ئايلىق II** ئىسىم. ئاي ھېسابىدا بېرىلىدىغان ئىش ھەق-قى، مائاش [工资,月薪]. بۈگۈن ئايلىق ئالدىم. * ئايلىقى ئايغا يەتمەيدىغانلار بار.

## ئاينى

**ئاينى I** پېئىل. ئاينىماق، ئاينىش. 1. ئۆزگەرمەك، بۇزۇلماق، ئۆڭمەك [变质,变坏,蜕化]. ئاينىغان ئۇنسۇر. * ئاينىغان دوست دوست ئەمەس(ماقال). * تۇزسىز گۆش سېسىيدۇ، ئىشسىز ئەر ئاينىيدۇ(ماقال).

2. تانماق، يانماق، قايتىۋالماق[变卦,改变注意]. ئۇ گېپىدە تۇرمايدۇ، بىردەمدىلا ئاينىپ قالىدۇ.

3. قەي قىلغۇسى كەلمەك، كۆڭلى ئېلىشماق [想吐]. كۆڭلۈم ئاينىپ تۇرىدۇ.

**ئايىنى II** پېئىل. ئاينىماق، ئاينىش. ئاۋۇماق، تۇتماق، كۆپەيمەك[茂盛,繁茂]. كۆچەتلىرىمىز تازا ئاينىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئە

## ئەپ

**ئەپ I** ئىسىم. چارە، ئامال [窍门,门道]. ئېپىنى بىلسەڭ، سېپى ئۈزىدىن چىقار (ماقال). * ئېپىنى تاپقان چۈمۈلىنى تاقىلار (ماقال).

**ئەپ II** سۈپەت. ئىناق، ئىتتىپاق [和睦,团结]. ئەپ بولماق، ئەپ ئۆتمەك، ئەپلەشمەك. * ئەر-خوتۇنلار ئەپ بولسا، بالىلارنىڭ بەختى.

**ئەپ III** سۈپەت. مۇۋاپىق، لايىق، باپ [合适,相宜]. ئۇلار ئەپ جاي تېپىپ سۆزلەشتى. * بۇ ئىشكاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تازاباپ كەلدى.

## ئەت

**ئەت I** ئىسىم. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشى، بەزى مېۋىلەرنىڭ گۆشلۈك يېرى [肉,膘]. ئەت ئالماق، ئېتىدىن چۈشمەك، ئەتلىك قوغۇن. * ئەت ئەتكە، شورپا بەتكە (ماقال).

**ئەت II** پېئىل. ئەتمەك، ئېتىش [关,闭,堵,扣]. 1. ئوچۇق ھالەتنى يېپىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، بېكىتمەك، پايماق، توسماق. ئانتونىمى: ئاچماق. ئىشىكنى ئەت. * توگمەڭنى ئەتسەڭچۇ. * ئېچىقنى ئەت، سۇ يامراپ كەتمىسۇن. * قىز يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىپ يىغلايتتى.

2. قىلماق [做,作]. ئۇگرە ئەتسەڭ تۈزۈك ئەت؛ ئېتەلمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت (ماقال). * ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت (ماقال).

**ئەت III** ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. 1. بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. داۋام ئەتمەك، كەسىپ ئەتمەك، يالت ئەتمەك.

2. ”پ“لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ”پ“ تاۋۇشى ”ۋ“گە ئايلىنىپ ”ئە“ بىلەن قوشۇلۇپ ”ۋەت“ بولىدۇ. 1) ھەرىكەتكە ”توگەتمەك، پۈتتۈرمەك“ مەنىلىرىنى قوشىدۇ. خەتنى

دەرھال يېزىۋەت (=يېزىپ ئەت). * تاشنى تاشلىۋەت (=تاشلاپ ئەت). * بۇنى كۆمۈۋەت (=كۆمۈپ ئەت). 2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كۈلۈۋەتتى. * ئاچچىقىمدا يىغلىۋەتتىم. * مانا ئەمىسە دەپ، خەتنى يىرتىۋەتتىم.

## ئەدەب

**ئەدەب I** ئىسىم. ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن [礼节,礼貌]. ئەدەبلىك، ئەدەبسىز. * ئەدەب ئىچىدىن بولۇش كېرەك، ھوسۇل بەرمەس ھېچ سىرتقى بىزەك. * بىر ھېكىم ئېيتىدۇ: "ئەدەبنى ئەدەبسىزدىن ئۆگەندىم، ئۇنىڭ قىلغىنى ماڭا ياقمىدى، مەن ئۇنى قىلمىدىم."

**ئەدەب II** ئىسىم. زەربە، ساۋاق، پەشۋا [整,教训,打击]. ئەدەبسىزنىڭ ئەدىبىنى بەر (ماقال). * ئىززىتىنى بىلمىگەن ئەدىبىنى يەر (ماقال).

**ئەدەب III** مودال سۆز. مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا تالاغا چىقىشنى سوراپ ئېيتىلىدۇ [请,准,假]. ئەدەب، — دېدى 30 ئوغۇلنىڭ بىرى، — ئەدەبكە چىقىمەن.

## ئەرمەك

**ئەرمەك I** ئىسىم. مەلىكە. باللار مۈشۈكنى ئەرمەك قىلىپ ئوينىشاتتى.

**ئەرمەك II** ياردەمچى پېئىل (كونىرىغان سۆز). "ئىدى، ئىمىش، ئىكەن"لەرنىڭ كونا شەكلى "ئەردى، ئەركەن، ئەرمىش"لەرنىڭ يىلتىزى.

كۆرمەيىن باستىم تىكەننى، تارتادۇرمەن دەردىنى،
كۆرسەم ئەردىم، باسماس ئەردىم، تارتماس ئەردىم دەردىنى.

## ئەسەر

**ئەسەر I** ئىسىم. ئەقلىي-ئىجادىي ئەمگەك مەھسۇلى [作品,著作]. بەدىئىي ئەسەر، ئىلمىي ئەسەر، تاللانما ئەسەر. * سەنئەت ئەسىرى، مۇزىكا ئەسىرى.

**ئەسەر II** ئىسىم. ئىز، ئىزنا، ئالامەت [踪影,踪迹].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەشۋىشلىك ئالەمدە تىرىش، دائىم شۇ قەدەر،
قالمىسۇن مىجەزىڭدە قوپاللىقتىن ئەسەر.

ئەسەر III ئىسىم. تەسىر [影响，印响].

پەقەت يامانلىقتۇر ناداندىن ئەسەر،
بىلمىسىز بار ياققا تاشلىما نەزەر.

ئاتام بارمۇ بۇ شەھرىڭدە،
ئانام بارمۇ بۇ شەھرىڭدە.
غېرىپلىق ئەسەر قىلدى،
دودشالق كۆرەلەردە.
—قوشاق.

ئەسەر IV ئىسىم. نېرۋا ئاجىزلىق [神经质]. ئۇنىڭ ئەسىرى بار، ئەسىرى تۇتۇپ قالمىسۇن.

## ئەسكى

ئەسكى I سۈپەت. كونا [旧的，陈旧的，老的]. ئەسكى چاپان قىشتا ياخشى (ماقال). * ئەسكىنى ئۇگلىغىچە ئىسمىڭ كېتەر (ماقال). * ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، كەمبەغەلگە پۇتلاش (ماقال).

ئەسكى II سۈپەت. يامان [坏的，恶的]. قىرسىز يەر ئەسكى، پۇلسىز ئەر ئەسكى (ماقال). * بۇ ئەسكى ئادەم. * ئەسكىگە تەگكىنىڭ—تىرىكلا يەرگە كىرگىنىڭ (ماقال).

## ئەسىر

ئەسىر I ئىسىم. ۋاقىت بىرلىكى، 100 يىل [世纪].

XX ئەسىر ئاخىرلىشىپ قالدى، XXI ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمىز.

ئەسىر II ئىسىم. تۇتقۇن [战俘，俘虏]. ئەسىرگە ئالماق، ئەسىرگە چۈشمەك. * ئەسەرلەر لاگېرى. * ئەسىرلەرنى خارلىما. * ئەسىرگە چۈشسەڭمۇ تەسلىم بولما.

ئەسىر III ئىسىم. كۈن پېتىشتىن سەل ئىلگىرىكى ۋاقىت، دىگەر [黄昏的时候]. ئەسىر نامىزى قازا بولمىسۇن. * ئەسىردىن بالدۇراق قايت.

"ئەسىر"دىن بىر تۇيۇق:

بولمىغاچ ئەجدادىمىز غەپلەت، جاھالەتكە ئەسىر،
ئىپتىخارلىق بىز بۈگۈن گەر ئۆتسىمۇ نەچچە ئەسىر،
نۇر چېچىپ ئۈندەيدۇ يۈكسەككە مېنى شۇ ئەنئەنە،
تا ئەبەد ئەقلىم كۆزىگە يات قاراڭغۇ شام، ئەسىر.

—مەتقاسىم مەتنىياز.

## ئەش

**ئەش I** ئىسىم. بالا ھەمرىيى، يولدىشى [胎盘,胞衣]. ئەشتىن ياسالغان دورا تەن ئاجىزلىققا داۋا.

**ئەش II** پېئىل. ئەشمەك، ئېشىش [搓,捻]. پىلىك ئەشمەك، يىپ ئەشمەك، ئارغامچا ئەشمەك. * ئالدىراش ئەشكەن ئارغامچا ئارقىدا قالىدۇ (ماقال).

ساتارىم تارىغا جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۈنىڭ نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

—ناخشا.

## ئەل

**ئەل I** ئىسىم. 1. مەملىكەت، ئۇلۇس [国家,邦]. غەرب ئەللىرى، قوشنا ئەللەر، چەت ئەل.

2. يۇرت-جامائەت، كۆپچىلىك [民众,大众]. ئەل قاتارى، ئەل ئارىسىدا، ئەل ئاغزىدا، ئەل ئايىغى بېسىلغاندا. * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە (ماقال). * ئەلنىڭ قۇلىقى ئالتە (ماقال). * ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي (ماقال). * ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن (ماقال).

**ئەل II** (ئەل بولماق) پېئىل. 1. قارىماق، بويسۇنماق. [归顺,臣服]. ئۇلار ئاخىر بىزگە ئەل بولىدۇ.

2. تەسلىم بولماق [投,投降]. دۈشمەن ئەل بولمىسا، تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئەلەم

**ئەلەم I** ئىسىم. بايراق، تۇغ [旗帜,旗]. يا ئەلەمدە يوق، يا قەلەمدە. * ئەلەم كۆرۈشى قىلما!

**ئەلەم II** ئىسىم. 1. دەرد، ئازاب [痛苦,苦恼]. ئەلەم چەكمەك، ئەلەم تارتماق. * مىڭ پۇراقتىن بىر ئەلەم يامان (ماقال).

ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم،
ئەلەم ئەمەس، بەختكە قويىدۇ قەدەم.

دەرد ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ باشىغا،
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىغا.
— قوشاق.

2. ئاچچىق، غەزەپ [气愤,愤怒]. ئەلەم بولماق، ئەلەم قىلماق. * ئەيسانىڭ ئەلىمىنى مۇسادىن ئاپتۇ (ماقال).

**ئەلەم III** (ئە:لەم) ئىسىم. دىنىي مەنسەپ، ئەلەم ئاخۇنۇم [大阿訇]. قازىدىن تۆۋەن، مۇتتىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## ئەلچى

**ئەلچى I** ئىسىم. (ئەلچى II <) بىر دۆلەت باشلىقى باشقا بىر دۆلەتكە ئەۋەتكەن ۋەكىل [大使,使节,使者]. ئەلچى ئەۋەتمەك، ئەلچى تەيىنلىمەك، ئەلچىلەر ئۆمىكى. * ئەلچى دەخلىسىزلىك ھوقۇقىغا ئىگە.

ئەلچى باتۇر، پالۋان بولۇشى لازىم،
دادىل سۆز، بىلىمدان بولۇشى لازىم.

**ئەلچى II** ئىسىم. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە توي ئىشى توغرىسىدا ئارىغا قويغان ئادەم، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم، ساۋچى، ئارغۇچى [媒人]. ئەلچى قويماق، ئەلچى كىرگۈزمەك. * ئەلچىگە ئۆلۈم يوق (ماقال). * يامان ئەلچى توي بۇزار (ماقال).

## ئەم

**ئەم I** ئىسىم. داۋا، شىپا [医治,治疗]. ئەركەچ ئېتى ئەم بولار، ئۆچكە ئېتى يەل (ماقال).

**ئەم II** پېئىل. ئەممەك، ئېمىش. شۈمەك، شورىماق [吮,吸]. ئاغزى يۇمشاق موزايى، قوش ئەمچەك ئېمەر (ماقال).

## ئەمەل

**ئەمەل I** ئىسىم. ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت، ئەمەلىيەت [事业,实际,活动,实践]. ئەمەلگە قويماق، ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرسەتمەك. * ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق (ماقال). * ھەر ئەمەلنىڭ بىر ۋاقتى بار، ھەر ۋاقتىنىڭ بىر ئەملى بار (ماقال).

**ئەمەل II** ئىسىم. مەنسەپ. [官,官职]. ئەمەلدار، ئەمەلپەرەس، ئەمەل تۇتماق، ئەملى ئۆسمەك، ئەمەلدىن چۈشمەك. * ئەمەل تەمەسىدە يۈرگەنلەر ئەمەلسىز قالىدۇ. * ئەخمەققە ئەمەل تەگسە، قوتانغا زەدىۋال تارتار(ماقال).

**ئەمەل III** ئىسىم. ھېسابلاش يولى [运算法则]. تۆت ئەمەل: قوشۇش ئەملى، ئېلىش ئەملى، كۆپەيتىش ئەملى، بۆلۈش ئەملى.

## ئەن

**ئەن I** ئىسىم. ماللارغا سېلىنىدىغان بەلگە، تامغا [烙印,标记]. ئەن سالماق. * ئەمەت ئېنىگە قاراپ ماللىرىنى تونۇۋالدى.

**ئەن II** ئىسىم. خاتىرە دەپتەر، تىزىم دەپتىرى [案]. ئەنگە ئالماق، ئۇنىڭ ئېتى ئەندە بار ئىكەن.

**ئەن III** ئىسىم. رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كەڭلىكى؛ توغرىسى. [幅,幅面]: ئانتونىمى: ئۇزۇن. بۇ رەختنىڭ ئېنى كەڭ ئىكەن. * خەپ، بۇنىڭدا ئۇزۇنىدىنمۇ، ئېنىدىنمۇ زىيان تارتتىم.

**ئەن IV** سۈپەت. كىيىم ۋە باشقا نەرسە ئۈچۈن تېخى ئۆلچەپ، كېسىلمىگەن، پارچىلانمىغان [未加裁剪的布料]. ئەن رەخت. * ئەن دۇخاۋا.

**ئەن V** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). ناخشا [歌曲]. ئەن سالماق. * "مۇقام" سۆزى "چوڭ" مەنىسىدىكى "مۇخ" بىلەن "ناخشا" مەنىسىدىكى "ئەن"دىن تۈزۈلگەن، مۇقام "چوڭ ئەن" دېمەكتۇر، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئەنزە

**ئەنزە I** ئىسىم. دېلو [案子,案件]. ئەنزە تۇرغۇزماق، ئەنزە تۇغدۇرماق، ئەنزە ئاغدۇرماق. * خەلق سوتچىلىرى خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىنى تېز ھەل قىلماقتا.

**ئەنزە II** ئىسىم. ماشىنىچىلار كىيىم پىچىشقا تەييارلىغان ئۈستەل [案子]. ئەنزىنى پاكىز تۇت.

## ئەنسىز

**ئەنسىز I** سۈپەت. ئەن ۋە بەلگە سېلىنمىغان، ئېنى ۋە بەلگىسى يوق [无标志的,没有打烙印的]. ئەنسىز كالا. * ئەنسىز قوي.

**ئەنسىز II** سۈپەت. ئېنى تار [幅面窄的]. ئەنسىز رەخت.

**ئەنسىز III** سۈپەت. ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك، ۋەسۋەسىلىك [不安的,忧虑的]. ئەنسىز كېچە. * ئەنسىز جاھان.

# ب

## باب

**باب I** ئىسىم. كىتاب، ئەسەر ۋە ماقالە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر ئايرىم بۆلىكى، قىسىمدىن كىچىك، بۆلۈم، پاراگرافتىن چوڭ [章]. «قاينام ئۇركىشى» 30 باب.

**باب II** ئىسىم. 1. ئۇسۇل، چارە، ئامال [办法,方法]. ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب جايلار ھەر باب بىلەن (ماقال).

2. جەھەت، ساھە [方面,领域].

كىمكى قىسقا سۆزلەپ، دېدى كۆپ مەنا،
راۋانلىق بابىدا شۇ كىشى ئەلا.

## باچكا

**باچكا I** ئىسىم. كەپتەرنىڭ ئۇچۇرما بولغان بالىسى [雏鸽]. باچكا شورپىسى. * باچكا قورۇمىسى.

**باچكا II** ئىسىم. جوۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان قاچىسى [榨油槽]. باچكا ئىقىپ قالمىسۇن.

## باخشى

**باخشى I** ئىسىم. ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى [教师]. ئەلىشىر ناۋائى ئۇيغۇر باخشىسى كىچىكنىڭ ئوغلى ئىدى.

**باخشى II** ئىسىم. پېرىخون [巫师,巫医]. باخشىدىن ياخشىلىق يوق (ماقال). * ھەر باخشى ھەر خىل توۋلار (ماقال).

**باخشى III** ئىسىم. قۇشچى [ 猎人,放鹰 ]. باقى باخشى قۇش قۇشلاپ كەتتى.

## باخشىلىق

**باخشىلىق I** ئىسىم ("باخشى I "گە ئىسىم ياسىغۇچى

قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). "باخشى I " نىڭ كەسپىي نامى.[教师为职业].

**باخشىلىق II** ئىسىم. "باخشى II "نىڭ كەسپىي نامى.[巫术].

**باخشىلىق III** ئىسىم. "باخشى III "نىڭ كەسپىي نامى.[打猎业].

## بار

**بار I** سۈپەت. 1. مەۋجۇت [有,存在]. ئانتونىمى: يوق. جان بار يەردە قازا بار (ماقال). * سۈيى بار يەرنىڭ گۈتى يوق، گۈتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق (ماقال). * بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە. * بازاردا بار گەپ. * بارنى تەڭ كۆرەيلى.

مال-دۇنيا ھەسرىتى قىلمىسۇن ئەبگار،

مەڭگۈ ئۆلمەس كىشى، قېنى، نەدە بار؟

2. كۆپ بايلىقتا ئىگە، قول، ئىلكىدە بار، باي، دۆلەتمەن [富有的]. بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ (ماقال). * يوقنىڭ بىر دەردى بار، بارنىڭ مىڭ دەردى بار (ماقال). * بارنىڭ مايىقى، يوقنىڭ تايىقى (ماقال). * باردا پولدۇرۇڭ-پولدۇرۇڭ، يوقتا قاراپ ئولتۇرۇڭ (ماقال).

3. ھەممە، جەمئىي، بارلىق [一切,所有,全部]. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. * ئۇ بار كۈچىنى چىقاردى.

ئېگىز تاغقا چىققاندا، قولىڭىزنى مەن تارتقان،

بار ئويۇننى سىز ئويناپ، دەردىڭىزنى مەن تارتقان.

**بار II** ئىسىم. ئاسترونومىيە، فىزىكا ئاتالغۇسى، بېسىم ئۆلچەم بىرلىكى [巴(气压单位)]. بىر بار ھەربىر كۋادرات سانتىمېتر يۈزگە چۈشكەن بىر مىليون دىنا تەسىر كۈچىنىڭ بېسىمىغا تەڭ.

**بار III** پېئىل. بارماق، بېرىش. 1. بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا يۆنەلمەك، يۈرمەك [去,到,上]. بۇغداي ئاخىر تۈگمەنگە بارىدۇ (ماقال). * بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ (ماقال).

بارسىلا، بىللە بارايلى، ئايرىلىپ قالغان يامان،
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ، يولدا يالغۇزلۇق يامان.
—ناخشا.

2. بىراۋنىڭ ئالدىغا قەدەم تەشرىپ قىلماق [光临]. ياخشى بولساڭ تويۇڭغا بارارمەن، يامان بولساڭ ئۆلۈمىڭگە بارارمەن(ماقال).

**بار IV** ياردەمچى پېئىل [助动词]. 1. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە مەنە بېرىدۇ: 1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ناخشا ئېيتىپ باراتتىم، ئالدىمدىن توشقان چىقىپ قالدى، قورقۇپ كەتتىم. 2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدىنپەي ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: تىل تارىخىي جەرياندا راۋاجلىنىپ، ئۆزگىرىپ بارىدۇ. 3) ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: تۈنۈگۈن يېتىپ باردۇق.

2. يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ نەرسىنىڭ شۇ سان بىلدۈرگەن چەككە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: شىركىتىمىزنىڭ سەرمايىسى ئىككى مىليون يۈەنگە بارىدۇ. * بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلۇم بەش مىڭ يۈەنگە باردى.

## بارلىق

**بارلىق I** "بار I "نىڭ ئىسىم شەكلى [在]. ئانتونىمى: يوقلۇق. بۇ يەردە بارلىقىڭنى بىر كىشىدىن ئاڭلىدىم. * ھازىر بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى.

**بارلىق II** ئىسىم. پەلسەپە ئاتالغۇسى (كونىرىغان ئىسىم)[存在]. بارلىق ھەممىنى بەلگىلەيدۇ (ھازىر "مەۋجۇدىيەت" دېيىلىدۇ).

**بارلىق III** ئىسىم. گىراماتىكا ئاتالغۇسى (كونىرىغان ئىسىم). ئانتونىمى: يوقلۇق (ھازىر "بولۇشلۇق" دېيىلىدۇ).

**بارلىق IV** سۈپەت. 1. "بار I نىڭ 2-"سىگە قاراڭ. بارلىق بولدۇرىدۇ، يوقلۇق توڭدۇرىدۇ( ماقال). بارلىق ئوخشىتار، يوقلۇق قاخشىتار (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 . سوپەت. "بار I نىڭ 3-"سىگە قاراڭ. تورمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەر ئادەم ئۈچۈن سىناق. * ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن.

## بارماق

**بارماق I** ئىسىم. قول ۋە پۇتنىڭ پەنجىلىرى [手指,指头]. بەش بارماق، بارمىقىنى چىشلىمەك، بارماق باسماق، بارماق بىلەن سانىغۇدەك، بارماق ۋەزنى، بارماقچىلىق، بارماق تىلى، بارماق پەردىسى. * بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر (ماقال). * بالنى تاتلىق دەپ، بارماقنى يۇتماس (ماقال).

**بارماق II** ئىسىمداش. "بار III "كە قاراڭ. بارماقنىڭ يانمىقى بار (ماقال).

## باس

**باس I** سوپەت. مۇزىكا ئاتالغۇسى. پەس، تۆۋەن، بوم ئاۋاز [低音].

**باس II** پېئىل. باسماق، بېسىش. 1 . ئۈستىدىن نىقتىماق [压,按]. كونۇپكىنى باس. * ئۇ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى باستى.

2 . قاچىلىماق [装,载]. ماشىنىغا يوك باستۇق. * ئارغامچىغا ئۇن بېسىپ قويۇپتۇ (ماقال).

3 . قاپلىماق [布满,淹没,覆盖,笼罩]. ساقال باسماق، يولنى سۇ باسماق، ئېتىزنى قار باسماق، ئاسماننى قارا بۇلۇت باسماق، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسماق، كۆزنى چاپاق باسماق. * قورقىنىمىدىن پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك باستى. * ئاتنى قارا تەر باستى. * ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران (ماقال). * باينى مال باسىدۇ، گادايىنى بالا (ماقال).

تەشنالار كۆزىنى باسسا ئۇيقۇ،
چۈشىگە كىرىدۇ، پۈتۈن ئالەم سۇ.

4 . نەشر قىلماق [印,印刷,刊登,刊载]. باسما زاۋۇتىدا دەرسلىك بېسىۋاتىمىز. * «ياشلار» ژۇرنىلى ماقالەمنى باستى.

5 . ئىز چىقارماق [印,烙印]. تامغا باسماق، قول باسماق.

6 . كەشتىلىمەك. تىكمەك [刺绣,绣花]. گۈل باسماق.

7. پەسەيمەك، تىنچىماق [压抑,控制]. ئۆپكەڭنى بېسىۋال. * ئاچچىقىڭنى باس. * قىچقىلىڭ بېسىلدىمۇ؟

8. يۈرمەك، ماڭماق، دەسسىمەك [走,行]. ئەل باسمىغان يەردە كۆپ يۈرمە (ماقال). * يولۋاس باسقان ئىزىدىن يانماس(ماقال). * باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس، ئالدى-ئارقاڭنى كۆرۈپ باس (ماقال).

9. ئۈستۈن كەلمەك [超过,胜过].

داناني شەرمەندە قىلدىمىغۇ دەيدۇ،
غۇرۇرى ئۆرلىگەن ماختانچاق نادان.
بىلمەس ئۇ، ناغرىنىڭ ئاۋازى دائىم
"ئەجەم" كۈيىنىمۇ باسىدۇ ئاسان.

"باس"تىن بىر تۇيۇق:

جەڭلەردە دۈشمەننى كۆتۈر، يەرگە باس،
شان-شەرەپ ساڭا خاس، داۋام ئالغا باس.
ئەل ۋە ۋەتەن ساڭا دېسۇن "ئاپىرىن!"
تارىخقا بۇگۈن سەن ئۆچمەس مۆھۈر باس!

—ئەركىن ئەبەيدۇللا.

## باسقۇچ

**باسقۇچ I** ئىسىم ("باس II نىڭ 8-"سىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "قۇچ" قوشۇلغان). شوتا ۋە ئۇنىڭ ھەربىر پەلەمپىيى، بالدىقى، پەللىسى [台阶,梯阶]. ئۆگزىگە باسقۇچتا چىقىپ كېتىۋاتاتتىم، يۇقىرىدىكى ئالتىنچى باسقۇچقا چىققاندا بېشىم قېيىپ كەتتى.

**باسقۇچ II** ئىسىم ("باسقۇچ I "گە تەقلىد)[阶段]. تەرەققىياتنىڭ مەلۇم دەرىجىسى، پەللىسى. * دەسلەپكى باسقۇچ، تارىخىي باسقۇچ، يۇقىرى باسقۇچ. * سوتسىيالىزمنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى.

**باسقۇچ III** ئىسىم ("باس II نىڭ 1-"سىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "قۇچ"قوشۇلغان). يازغان خەتنىڭ سىياھى يېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، سۈمۈرگۈچ قەغەز ئورنىتىلغان، سىياھنى سۈمۈرتىدىغان ئەسۋاب [吸墨纸]. —سىياھ تۆكۈلۈپ كەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باسقۇچ قېنى؟ — دېدى تۇرسۇن.

## باسماق

**باسماق I** ئىسىم ("باس II" نىڭ 8 – "سىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ماق" قوشۇلغان). ئۆششاق قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاپقان [套扣]. باسماققا قۇشقاچ چۈشۈپتۇ.

**باسماق II** ئىسىم. يازلىق يېنىك ئاياغ. باسماق، سەندەل، كەش [凉鞋]. يازدا باسماق كىيىۋالماق پۇتقا ھوزۇر.

**باسماق III** پېئىل. "باس II "نىڭ ھەرىكەتنامى.

## باش

**باش I** ئىسىم. 1. ئادەم گەۋدىسىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىنقى قىسمى، كاللا [头,头脑]. سوقا باش، گىلدىڭ باش، ئايدىڭ باش. * باش لىڭشىتماق، باش چايقىماق، باش ئاتماق. باش بېقىشماق، باش تارتماق، باش ئەگمەك. * باش ئۇستىگە، باش كۆتۈرمەك، باش تولغىماق، باش تىقماق، باش قويماق، باش چۈشمەك، بېشىم بىلەن، بېشى پىشماق. * باشتىن ئۆرمەك، باشتىن تۇتۇن چىقماق، باشتىن ياغاچ ئۆتمەك. * باشقا بالا بولماق، باشقا بەخت قوشى قونماق، باشقا چىقماق، باشقا كىيمەك. * بېشىدا ئوت كۆيمەك، بېشىدا ياڭاق چاقماق، بېشىدا بولماق، بېشىدا تۇرماق. * بېشىدىن قورقماق، بېشىغا چاڭگا تىزماق، بېشىغا تاڭماق، بېشىغا سۇ قۇيماق، بېشىغا سىركە سېلىۋالماق، بېشىنى سىلىماق، بېشى ئوچۇق، بېشى باغلاقلىق، بېشىنى قولتۇققا قىسىپ. * بېشىنى يەيدىغان. * باشقا كەلگەندە، باش قاشلاپتۇ (ماقال). * ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا (ماقال). * ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ (ماقال). * بېشى باش، پاقالچىقى تاش (ماقال).

2. تىك ئۆرە نەرسىلەرنىڭ چوققىسى، ئۇچى [头,顶,巅,尖,最高的]. تاغ بېشى، دەرەخ بېشى، تام بېشى.

3. جاي ۋە ئورۇننىڭ دەل ئۈستى [上头,上边]. ئېتىز بېشى، ئېرىق بېشى، بۇلاق بېشى.

4. ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلانغان ۋاقتى، جايى، يۇقىرىسى [开头,开始,最初]. يىل بېشى، كەپىنىڭ بېشى، سايىنىڭ بېشى، دەريانىڭ بېشى،

ئىشنىڭ بېشى. * يىلنىڭ بېشىدىن قورقما، بەشىدىن قورق(ماقال). * يېرىلىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن (ماقال).

5. بەزى زىرائەتلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ كاللەك ھوسۇلى، مېۋىسى [头,穗]. باش ئالماق، باش تەرمەك، باش پىياز. * بىر تال باش — بىر قوشۇق ئاش (ماقال). * پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا(ماقال).

6. باشلىق، يېتەكچى، رەھبەر [首长,头头,头目,头领]. يىگىت بېشى، يۈز بېشى، كۆكبېشى. * ئېشەككە باش بولساڭمۇ، دۈشمەنگە تاش بول (ماقال).

**باش** II سۈپەت. 1. بىرىنچى [第一]. باش بارماق، باش كۆۋرۈك.

2. بىرەر كەسىپ، ساھەدە مەرتىۋىسى يۇقىرى، رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرىدىغان [总,大]. باش شۇجى، باش كاتىپ. * باش ئىنژېنېر، باش دوختۇر، باش ئەلچى، باش بوغالتىر، باش تېخنىك، باش ساقچى، باش سوتچى، باش شتاب، باش رول، باش قوماندان.

3. ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق [总,大,主要的,首要的]. باش ۋەزىپە، باش بۆلەك، باش كېلىش، باش لۇشيەن. * باش جىنايەتچى، باش ماقالە، باش ياچېيكا، باش شىركەت.

**باش** III رەۋىش. ئاۋۋال، ئەلگىرى، دەسلەپ، بۇرۇن [开头,最初]. باشتا شالدۇر-شۇلدۇر، ئاخىردا شىلدىر-شىلدىر (ماقال). * ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا(ماقال). * باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا چاتاق يوق (ماقال).

**باش** IV مىقدار سۆز. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ [(量词)头,条]. بىر باش پىياز، سەككىز باش سەۋزە. * تاپقىنى گۇل كەلتۈرەر، تاپمىقى بىر باش پىياز(ماقال).

## باشلا

**باشلا** I پېئىل. باشلىماق، باشلاش. 1. بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كىرىشمەك [开始,走头]. كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى. * سەن ناخشا باشلا. * مەجلىسنى باشلايلى.

2. باش بولۇپ، ئەگەشتۈرۈپ ماڭماق. ئۆيگە باشلاي، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كەلدى. * ئەسكەر باشلىغاندىن توي باشقۇرماق تەس(ماقال).

www.uyghurkitap.com

* ياخشى ئەر ئېلىنى ئۆرگە باشلايدۇ، يامان ئەر ئېلىنى گۆرگە باشلايدۇ(ماقال).

**باشلا II** پېئىل. باشلىماق، باشلاش. تەربىيىلەپ باشقۇرماق[管教,教养]. باللىرىنى ئوبدان باشلىسىلا، بەك تەنتەك ئىكەن.

**باشلا III** پېئىل. باشلىماق، باشلاش. ئاياغ كىيىملەرگە باشلىق سالماق[换靴头]. ئۆتۈكلىرىنى ئەكەلسىلە، باشلاپ بېرەي.

## باشلىق

**باشلىق I** ئىسىم ("باش"قا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). 1. ئائىلە، ئىدارە، جەمئىيەت، دۆلەت قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلىدىغان كىشى، رەھبەر، لىدىر[首长,头头,头领,长官]. ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى ئوبدان ئادەم. * يېقىندا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دۆلەت باشلىقلىرى كېڭىشى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى.

2. سۈپەت. باشچىلىقىدىكى، قاتارلىق[以…为首的,等]. بۈگۈنكى مەجلىسكە ئەخمەد باشلىق بەش كىشى قاتناشتى.

3. سۈپەت. بېشى بار، باشقا ئىگە[有头的]. مىنى پەزىلەت، ئاق باشلىق بوۋا، دەيدۇ. * ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال(ماقال).

4. سۈپەت. شىنىل، يامغۇرلۇق چاپان قاتارلىق كىيىملەرنىڭ باشقا كىيىدىغان قىسمى[套,帽]. يامغۇرلۇق چاپىنىمنىڭ باشلىقىنى تاپالمىدىم.

**باشلىق II** ئىسىم. ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى[靴(鞋)头]. ئۆتۈكۈمگە باشلىق سالدۇردۇم.

## باشلىقلىق

**باشلىقلىق I** ئىسىم ("باشلىق I" نىڭ 1-"سىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). "باشلىق I" نىڭ 1-"سىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى، باشلىقنىڭ كەسپى، ئىشى[首长的职务]. باشلىقىمىزغا باشلىقلىق ياراشتى، قارىماسىلەر ئۇنىڭ سەمرىپ كەتكىنىنى.

**باشلىقلىق** II ئىسىم (”باشلىق“قا ئىسىم ياسىغۇچى قو-شۇمچە ”لىق“ قوشۇلغان). ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاشقا ئىش-لىتىلىدىغان رەخت [做靴脸的材料]. مېنىڭ باشلىقلىق كۆنۈم بار.

## باغ

**باغ** I ئىسىم. مېۋىلىك دەرەخ، تەك ۋە گۈل-گىياھلار ئۆستۈرۈلگەن يەر [园子,果园]. باغ-باراڭ، ئالمىلىق باغ، باغ سەيلىسى، باغ باراۋىتى. * بېقىپ يەي دېسەڭ مال قىل، يېتىپ يەي دېسەڭ باغ قىل (ماقال). * شاپتۇلدا باغ قىلما، ئۆچكىدە مال (ماقال). * بېغى بارنىڭ تېغى بار (ماقال).

**باغ** II ئىسىم. 1. مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ سا-پىقى [蒂,梗,柄,把]. بۇ قوغۇن بېغىدا جىگدەپ قاپتۇ. * قوغۇن پىشسا، بېغىدا تۇرماس (ماقال).

2. سائەت، چىلەك ۋە سېۋەت قاتارلىقلارنىڭ تۇتقۇچى [带,把]. سائەت بېغى، چىلەك بېغى.

**باغ** III ئىسىم. نەرسىلەرنى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە، باغلىق [捆索]. باغ تەييار ئۈنچىلەرنى باغلايلى. * تۇغقاننىڭ بېغى چىلىك يەردە (ماقال).

**باغ** IV مىقدار سۆز. باغلانغان نەرسىلەرنىڭ دانىسى، باغلام [捆]. بەش باغ بېدە، بىر باغ ئوتۇن.

## باغلىق

**باغلىق** I ئىسىم. «باغ III» گە ئوخشاش، باغ.

**باغلىق** II سۈپەت. مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، چېتىشلىق [关莲,有连贯的,有赖于,取决于]. بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تۈرلۈك شەرتلەرگە باغلىق، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تىرىشچانلىق.

**باغلىق** III سۈپەت. باغقا ئىگە، بېغى بار [有果园]. ئۇدا بىرنەچچە يىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكىپ بېرىۋىدىم، مانا ئەمدى باغلىق بولۇپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**باق I** پېئىل. باقماق، بېقىش. 1. قارىماق، نەزەر سالماق [看,望,瞧,视]. كۆزنۈزى گەپ قىلسالاڭ، ئەتراپىڭغا باق. كېچىسى گەپ قىلسالاڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق(ماقال). * كۆككە باقما، كۆپكە باق(ماقال).

2. ساقلىماق، كۈزەتمەك [看守,守卫]. ئىشىك باقماق، خامان باقماق، قوغۇن باقماق.

3. ئاغزىغا، قولىغا قاراپ قالماق [依赖,依附]. بايغا باققان قۇل بولار، گادايغا باققان گۇل بولار(ماقال). * باي بايغا باقىدۇ، سۇ سايغا ئاقىدۇ (ماقال).

4. تەربىيىلىمەك، خەۋەر ئالماق[哺育,养育,供养]. بالا باقماق، كېسەل باقماق. * بالىنى بىر تاپسەن، ئىككى باقسەن(ماقال). * هايۋان بالىسىنى باقسالاڭ، ئاغزى-بۇرنۇڭنى ياغ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنى باقسالاڭ، ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان قىلىدۇ(ماقال).

5. ئۆي هايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ئۆگەتمەك، ئوتلات-ماق، دانلاتماق ۋە پەرۋىش قىلماق[放牧,饲养,喂]. قوي باقماق، توخۇ باقماق، قۇش باقماق. * پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق (ماقال).

6. مۇۋاپىقلاشقان، ماسلاشقان هالدا ئىش كۆرمەك [依照,按照]. هالىڭغا بېقىپ هال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت (ماقال). * زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق (ماقال). * ئۇ يانغا باق، بۇ يانغا باق، ئەتىگەن تۇرۇپ، قوشناڭغا باق(ماقال).

**باق II** پېئىل. باقماق، بېقىش. تۇتۇپ ئۆلتۈرمەك. "پىت باقماق"، "باش باقماق" دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدە كېلىدۇ [抓虱]. مەدداھ سۆز سېتىشتىن قورقمايدۇ، هورۇن پىت بېقىشتىن(ماقال).

**باق III** پېئىل. باقماق، بېقىش. "ئالماق"قا ئوخشاش: يېمەك، ئىچمەك [吃,喝].

—مەزىگە باقسىلا!

—ئوبدان باقتۇق.

**باق IV** ياردەمچى پېئىل. رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ سىناش، تەكشۈرۈش مەقسىتىدە قىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: يەپ باقماق، تېتىپ باقماق. * كەمبەغەل بولساڭ، كۆچۈپ باق (ماقال). * نەشپۈتنىڭ تەمىنى بىلەي دېسەڭ، تېتىپ باق.

## باڭ

**باڭ I** خەتلىرى چوڭ يېزىلغان ئېلان، كۆپ ھاللاردا، ئىسىملىك، تىزىملىك ئېلان قىلىنىدۇ[榜]. باڭ چىقارماق. * ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باڭ چىقىپتۇ.

**باڭ II** ئىسىم. قاداق[磅]. بەش باڭ كېلىدىغان چايدان.

**باڭ III** ئىسىم. بىر خىل ياغاچ ناغرا[木鼓]. باڭ چالماق.

## بال

**بال I** ئىسىم. ھەسەل [蜜,蜂蜜]. بال ھەرىسى. * بال قوشۇق. * ئاچچىق بولساڭ تۈزدەك بول، تاتلىق بولساڭ بالدەك بول(ماقال). * بالنى تاتلىق دەپ، بارماقنى يۇتقىلى بولماس(ماقال).

**بال II** مىقدار سۆز. مېتېئورولوگىيە ئاتالغۇسى. يەر تەۋرەش، شامال قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ كۈچىنى بىلدۈرىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى: دەرىجە[极,风极]. بەش بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش ئاپەت كەلتۈرىدۇ. * شامال ئومۇمەن 13 بالغا بۆلۈنىدۇ. سۈرئىتى 0.2 مېتىر-سېكۇنتتىن تۆۋەن بولسا، 0 بال بولىدۇ، 23.6 مېتىر-سېكۇنتتىن يۇقىرى بولسا، 12 بال بولىدۇ.

## بالا

**بالا I** ئىسىم. 1. بوۋاق[婴儿]. بالا ئېمىتمەك، بالا ھەمرىيى، بالا چۈشۈپ كەتمەك. * بالا تاپماق، بالا تۇغماق، بالا كۆرمەك، بالا كۆتۈرمەك. * بالا-چاقا، بالا-ۋاقا. * بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس(ماقال).

2. ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن ئوغلى ياكى قىزى. مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا(ماقال).

3. ئۆسمۈر[小孩,孩子,儿童,少年] قىز بالا، ئوغۇل بالا. * بالىلار چۆچىكى، بالىلار ئويۇنى، بالىلار ئۆيى، بالىلار لاگېرى، بالىلار تىياتىرى، بالىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىنوسى. * بالا ئارىسىغا كىرمەك. * بالىنى ياشتىن ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن ئۆگەت (ماقال). * بالاڭنى مەكتەپكە بەر، يا بولمىسا مەشرەپكە (ماقال).

4. گۆدەك [娃娃]. بالا، قىلغان ئىشىڭ چالا (ماقال).

5. هايۋان ۋە قۇشلارنىڭ مەخسۇس ئېتى، يېڭى تۇغۇلغان كىچىك هايۋانلار ياكى تۇخۇمدىن چىققان قۇشلارمۇ "بالا" دېيىلىدۇ [小蓄]. ئىتنىڭ بالىسى، چوشقىنىڭ بالىسى، پاختەكنىڭ بالىسى. * قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق (ماقال).

6. سۈپەت. بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ كىچىكى [小的]. بالاتام، بالامەش، بالايەڭ.

**بالا** II ( بالا: بالاسى) ئىسىم. ئاپەت، كۈلپەت، خەۋپ-خەتەر، بالا-قازا [祸,祸害,祸患,灾祸,灾难]. بالا كەلمەك. بالا تېرىماق، بالا تاپماق، بالا بولماق. * بالادا قالماق، بالاغا تىقماق، بالاغا قويماق. * يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن (ماقال). * بالا كەلسە، قوش كەپتۇ (ماقال). * بالا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا (ماقال). كىمكى ئۆيلەندى، بالاسى بېشىغا بالا بولدى. * ياخشى بولسا، ئۆزۈڭگە بالا، يامان بولسا، بېشىڭغا بالا (ماقال).

2. سۈپەت. قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان، ئۇستا، چېۋەر، ماھىر [能说会道的,有口才的]. ئۇ سۆزگە بالا نېمە ئىكەن.

3. سۈپەت. قولىدىن ھەممە يامانلىق كېلىدىغان، خەتەرلىك [历害的,危险的]. ئۇ تازا بىر بالا نېمە ئىكەن. * ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

**بالا** III ( بالا: بالاسى) جەگە، لىم [梁,檩子].

"بالا"دىن بىر تۇيۇق:

مەڭدىمە كەلسە قويۇن، تۆھمەت-بالا،
يەڭ ئۇنى مەزمۇت تۇرۇپ، بول مەرد بالا.
چىڭ ئۇسۇپ، ئەلنىڭ ئامانلىق قەسرىگە،
بول كېرەك قىلسا، كېرەكلىك لىم-بالا.

—مەتقاسىم مەتنىياز.

## بانكا

**بانكا** I ئىسىم. پۇل مۇئامىلە، ئامانەت قەرز ئىشلىرىنى

باشقۇرىدىغان ئورگان[钱庄,银行]. خەلق بانكىسى، سودا-سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، قاتناش بانكىسى.

**بانكا II** ئىسىم. شىشە ياكى مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك ئىدىش [罐].

## باي

**باي I** ئىسىم. نۇرغۇن مال-مۈلۈككە ئىگە، دۆلەتمەن ئادەم[富翁,财主,巴依]. ئاغزى مايماق بولسىمۇ، باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن (ماقال). * باي قەيەردە، ۋاي شۇ يەردە(ماقال). * باي بېھىشتقا سىغمايدۇ(ماقال).

**باي II** سۈپەت. 1. مال-دۇنياسى كۆپ [富裕,富绕]. باي ئائىلە، باي مەملىكەت، باي دېھقان. * ئاپتونوم رايونىمىز باي رايون.

2. ئۆزىدە پايدىلىق نەرسىلەر مول [富有,丰富]. يېرى باينىڭ، ئېلى باي. * پېشقەدەم كادىرلار تەجرىبىگە باي. * تىل ئوقۇتقۇچىلىرى تىلغا باي.

## بايان

**بايان I** ئىسىم. ("قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ). مۇلاھىزە، ئىزاھات، ئىزھار، چۈشەنچە[论述,说明,陈述,叙述]. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى. * پاتەم ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى.

**بايان II** ئىسىم. گارمۇننىڭ بىر تۈرى[纽扣式风琴]. توي كۆچۈرگەن يىگىت-قىزلار بايان چېلىپ ئويناشتى.

## بەر

**بەر I** پېئىل. بەرمەك، بېرىش. 1. قولغا تۇتقۇزماق، تاپشۇرماق، سۇنماق، يوللىماق[给,给予,交给,付给,发给,授,授予]. ئانتونىمى: ئالماق. پۇل بەرمەك، مۇكاپات بەرمەك، خىزمەت بەرمەك. * ئىش ھەققى بەرمەك، . * كىتابنى نەشرىياتقا بەرمەك. * ماقالىنى ژۇرنالغا بەرمەك. * بالىنى يەسلىگە ياكى مەكتەپكە بەرمەك. * بالىنى شاگىرتلىققا بەرمەك. * ئالماققا بار، بەرمەككە يوق(ماقال). بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول(ماقال).

2. تەمىنلىمەك، باقماق[供给,养,喂]. بالىغا سۈت بەرمەك. * ئاتقا يەم بەرمەك. * توخۇغا دان بەرمەك. * يەرگە ئوغۇت بەرمەك. * ئاش بەرگەن قازاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چاقما(ماقال). * بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس (ماقال).

3. ياتلىق قىلماق [嫁给]. ئەرگە بەرمەك. * ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر(ماقال).

4. ساتماق [卖,出售].

—قانچە پۇلغا بېرىسىز؟

—مېتىرىنى ئالتە كويدىن بېرىمەن.

5. قەرزنى تۆلىمەك، قايتۇرماق [还,还借的东西]. ئېلىشتا بارىكاللا، بېرىشتە ئەستەغپۇرۇللا(ماقال). * ئېلىشتا سانى ئوتتۇز، بېرىشتە سانى توققۇز (ماقال).

6. سوقماق[打]. تېلېفون بەرمەك، تېلېگراممىا بەرمەك.

7. تارقاتماق [播放]. رادىئو ئىستانسىسىدىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتىمىز. * تېلېۋىزوردا بۈگۈن كونسېرت بەردى.

8. بايان قىلماق[发表,述]. پىكىر بەرمەك، ئەرز قىلماق.

9. ماقۇللۇقنى بىلدۈرمەك [表示同意,满意]. رۇخسەت بەرمەك، ئىجازەت بەرمەك، ۋەدە بەرمەك، سۆز بەرمەك، قول بەرمەك، رازىلىق بەرمەك، ئىشقنى بەرمەك، كۆڭۈل بەرمەك. * ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى بولمىدى.

10. ئۈنۈم ھاسىل قىلماق[结果,出成绩]. مېۋە بەرمەك، پايدا بەرمەك.

بەر II ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. 1. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ[助动词:使一些名词动词化]. تەنقىد بەرمەك، ئىلھام بەرمەك.

2. "پ" لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ باشقا ئادەم ۋە شەيئىگە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. [助动词:表示行为涉及他人,他事]. ئۇ ماڭا كىيىنىت ئوقۇپ بەردى. * ناختىنى سەن باشلاپ بەر.

"ئا، ئە"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىشلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تىلدا "ئا، ئە" لەر "ى" غا، "ب" يەنە "ۋ" غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. [表示行为的连续进行].

خىتىنىڭنى يېزىۋەر (= يازا بەر)، تارتىنماي بۇ ياققا كېلىۋەر (= كېلە بەر).

## بەز

**بەز I** ئىسىم. 1. ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ياشىشى ئۈچۈن، زۆرۈر ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان توقۇلما[腺]. لىمفا بەزلىرى، قالقانسىمان بەزلەر، تەر بەزلىرى، شۆلگەي بەزلىرى.

2. ھايۋان يېغى ئىچىدە ئۇچرايدىغان كۈل رەڭ توقۇلما [胰]. ياغدىكى بەزنى ئېلىۋەتمەك. * مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق، بەزگە ئامراق (ماقال).

3. ئورگانىزمنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن تومپىيىپ قالغان يەر [瘤]. ئېقىمغا بەز چۈشكەن بولسا، بويۇڭ ئۆسىدىكەن.

**بەز II** سۈپەت. 1. گەپ ئۆتمەيدىغان، سۆز تەسىر قىلمايدىغان[痴呆]. ئۇ تازا بىر بەز ئادەم ئىكەن.

2. سۇ سىڭمەيدىغان، يۇمشىمايدىغان [白板土]. بەز تۇپراق، بەز لاي.

**بەز III** پېئىل. بەزمەك، بېزىش. بىزار بولماق، كۆرگۈسى كەلمەي قالماق، زېرىكمەك، تويماق، ۋاز كەچمەك [讨厌,烦厌,厌恶]. شۇ كۇنلەردىكى ناھەقچىلىقتىن بەزدىم. * ئاتىسى تورۇپ بالىسى سۆزلىگەندىن بەز (ماقال).

## بەس

**بەس I** ئىسىم. تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرە، رىقابەت [争论,辩论,争辩]. بەس تالاشماق، بەس كەلمەك، بەس قىلماق، بەس سالماق، بەس-بەس، بەسلەشمەك. * بەس پىكىرنى ئاچىدۇ، ھەقنى تاپىدۇ(ماقال).

**بەس II** ئۈندەش سۆز. بولدى قىل، كۇپايە، يېتەرلىك بولدى، توختات مەنىلىرىنى بېرىدۇ[够了,得了,算了] . بەس! بۇ گەپنى ئەمدى قويۇڭ! بەس قىلىڭ!

ئىلىمنى ئوغرى ئالالماس، بەس.
ئىلىمنى ئەجەلمۇ ئېلىپ كېتەلمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەك

بەك I سۈپەت. چىڭ، پۇختا، مەزمۇت، مۇستەھكەم، پىششىق[坚实,牢固,结实]. مۇشۇكنىڭ جېنى بەك دېگەن گەپ بار. * يەپ تۇر، بەك تۇر (ماقال).

بەك II رەۋىش. ناھايىتى، ئىنتايىن، قالتىس، ئالاھىدە، تازا، راسا[很,极,太,非常,特别]. بەك ياخشى، بەك قاتتىق، بەك ئۇزۇن، بەك چاپماق، بەك كۈلمەك.

كىشىنى رەنجىتىش ئاجايىپ ئاسان،
كۆڭلىنى ئالماق بەك جاپا-يامان.

## بەگزادە

بەگزادە I ئىسىم. بەگ بالىسى [公子]. ”بەگزادە“ سۆزى ھازىر باينىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

بەگزادە II ئىسىم. قوغۇننىڭ بىر تۈرى [伯格扎得].
50-يىللىرى تۇرپاننىڭ بەگزادە قوغۇنلىرى بەك ئوخشايتتى.

## بەل

بەل I ئىسىم. 1. گەۋدىنىڭ كۆكرەك قاپقىسى بىلەن داس سۆڭەك ئوتتىسىدىكى ئارىلىقى، بەدەندە قورساقنىڭ ئەكس تەرىپى [腰,腰部]. بەلباغ، بەل باغلىماق، بەل ئەگمەك، بەل تۇتۇشماق، بەل چىمبولۇپ كەتمەك. * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە (ماقال). بېگىڭگە يەتكۈچە، بېلىڭنى ئۇشۇتاي (ماقال).

2. نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى، ئوتتۇرا قىسمى[中部,中间]. ياغاچنى بېلىدىن كەس. * گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك.

3. لوككاسىمان تۆپىلىك [驼峰似的坡]. بەلدىن ئۆتكۈچە ماشىنا خېلى ”غىڭشىدى“.

بەل II ئىسىم. كۈرەكنىڭ بىر تۈرى. ”بەل كۈرەك“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ [铲子,小锹].

## بەلچە

**بەلچە I** ئىسىم. موزدۇزلۇق ئەسۋابى. ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنا ۋە چەم چۆرىسىنى تۈزلەش، سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۆت-قۇچلۇق بولىدۇ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.

**بەلچە II** ئىسىم. ئوتىغۇچ[铲子] .

## بەھر

**بەھر I** ئىسىم (كونىرىغان سۆز) . دېڭىز-ئوكيان[海洋] .

بەھر مۇھىت كەبىر-ئۇلۇغ ئوكيان.

**بەھر II** ئىسىم. شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ 19 بەھرىنىڭ ھەربىرى. «قۇتادغۇبىلىك» مەسنىۋى شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان.

## بوتا

**بوتا I** ئىسىم. تۆگىنىڭ بالىسى؛ تايلاق، بوتىلاق [驼娃] . بوتا كۆز، جېنىم بوتام، بوتام بالام.

**بوتا II** ئىسىم. زەرگەرلىك ئەسۋابى، مېتال ئېرىتىش ئۈ-چۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا، چاناق [坩埚] .

**بوتا III** ئىسىم. ھاۋانچىنىڭ تېشى.

## بور

**بور I** ئىسىم. غەيرىي مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى B (Bormu) [硼] . بور كىسلاتاسى.

**بور II** ھاك تاشنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق بىر تۈرى ۋە شۇنىڭدىن ياسالغان، قارا تاختىغا خەت يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان يېزىق قورالى [粉笔] . بىزدە، بەزى يېزا مەكتەپلىرىدە بور يوق، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار دوسكىغا سېغىز بىلەن خەت يازىدىكەن.

## بوز

**بوز I** ئىسىم. تىڭ، خاڭدى [处女地,荒地] . بوز ئاچماق، بوز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەر. * بۇغداي تېرىسالڭ كۆزگە تەر، ئارپا تېرىسالڭ بوزغا تەر (ماقال).

**بوز II** سۈپەت. كۆكۈش ئاق رەڭ، كۈل رەڭ [灰白]. بوز ئات، بوز تورغاي، بوز توشقان، بوز تۈلكە. * ئۆزى كەلسە كەلسۇن، بوز خالتىسى كەلمىسۇن (ماقال).

## بوش

**بوش I** سۈپەت. قۇرۇق، بىكار [空的,空闲]. بوش ئۆي، بوش يەر، بوش ۋاقىت. * بوش تاغار ئۆرە تۇرماس (ماقال). * موللىنىڭ قارنى بەش، بىرى ھەمىشە بوش (ماقال).

**بوش II** سۈپەت. ئاجىز، زەئىپ، يۇمشاق، بوشاڭ، كۈچسىز [松的,软的,弱的,淡的]. بوش يىپ، كەيپى بوش، بوش ئاۋاز، ئاغزى بوش. * بېلى بوشنىڭ گېپى بوش (ماقال).

## بوغماق

**بوغماق I** ئىسىم. تۇزاق [套扣]. بوغماققا قۇشقاچ چۈشۈپتۇ.

**بوغماق II** سۈپەت. سېمىز، دوپ- دوغىلاق [又矮又胖的,矮墩墩,圆滚]. بوغماققىنا بىر بالا كەپتۇ.

**بوغماق III** پېئىل. ئىسىمداش. 1. قاتتىق سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويماق [勒死,掐死,扼死]. بۆرە قوينى بوغۇپ قويۇپتۇ.

2. قاتتىق سىقىپ باغلىماق [扎,结扎]. تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويدۇق.

## بوغۇز

**بوغۇز I** ئىسىم. ئات-ئۇلاغلارغا تەييارلانغان يەم-خەشەك [饲料]. ئاتقا بوغۇز بەرمەك. * قالماق ئىتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە، توۋار تېشەر (ماقال). * بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايىغىدىن تۈتۈن چىقار (ماقال).

**بوغۇز II** ئىسىم. 1. گال، تاماق، ھەلقۇم [咽,咽喉,喉咙]. بوغۇزۇمغا بىرنېمە تۇرۇپ قالدى. * جان بوغۇزغا كەلمەك.

2. چۈگۈن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدىشلارنىڭ جۈمىكى [水龙头]. بوغۇزى قايناپ تۇرغان چۈگۈن (تەمسىل).

بوغۇز III   ئىسىم. جۇغراپىيە ئاتالغۇسى. ئىككى سۇ كۆلى ياكى دېڭىزنى تۇتاشتۇرغۇچى تار سۇ يولى [海峡]. تەيۋەن بوغۇزى.

## بوغۇم

بوغۇم I   ئىسىم. 1. نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرى [环,节]. قومۇشنىڭ بوغۇملىرى.

2. بەدەن سۆڭەكلىرىنىڭ بىرىككەن يېرى [关节,骨节]. گۆش-ئۇستىخانلارنى بوغۇملىرىدىن ئاجرات.

بوغۇم II   ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى. بىر ياكى بىر نەچچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك [音节]. ئوچۇق بوغۇم، يېپىق بوغۇم، بوغۇم كۆچۈرۈش، بوغۇم ئايرىش بەلگىسى.

## بوغۇن

بوغۇن I   ئىسىم. ئەۋلاد، نەسىل[辈分,子孙,后辈,后代]. ياش بوغۇنلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش— ھەممىمىزنىڭ بۇرچى.

بوغۇن II   ئىسىم. ھەرە، سېرىق ھەرە [蜂,黄蜂,马蜂].

## بول

بول I   پېئىل. بولماق، بولۇش. خېمىرنى ئېچىتقۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىتماق[发,面发了]. مانتىغا خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇۋىدىم. تازا ئوبدان بولۇپتۇ، ئەمدى تۇگەيلى.

بول II   پېئىل. بولماق، بولۇش. 1. مەۋجۇت، بار [在,存在]. مەن ھەر كۈنى ئۆيدە بولىمەن.

2. يۈز بەرمەك[发生,出现]. بۇ ۋەقە بۈلتۈر بولغان. * بولغۇلۇق بولۇپ بولدى.

3. ۋەزىپە، ئۇنۋانغا ئىگە بولماق [是,当,做]. ئۇ نازىر بولۇپتۇ. * باھار باش تەرجىمان بولغان. * سىز كىم بولۇپ ئىشلەيسىز؟

4. ئۆسمەك، ئاينىماق، ئوخشىماق [丰,丰产,丰满]. بۇ يىل بۇغداي تازا بولدى. * ئۆرۈك ئوبدان بولدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

5. تېز پۈتتۈرۈش، تېز ھەرىكەت قىلىشقا دالالەت قىلىپ بۇيرۇق رايىدا ئىشلىتىلىدۇ[快,快准备,快结束]. بول، ئىشقا كېچىكىپ قالىسەن. * بولۇڭلار ئەمدى كېتەيلى.

بول III ياردەمچى پېئىل. 1. باغلامچى. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ[助动词:使一些名词动词化]. جەم بولماق، خاپا بولماق، تامام بولماق. * چوڭ بولماق، ھەيران بولماق.

2. ”پ“ لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[表示行为,行动的结束]. يېزىپ بولماق، كېلىپ بولماق، ئوقۇپ بولماق. * يىغلاپ بولدۇڭمۇ؟ * چىراغ ئۆچۈپ بوپتۇغۇ! * كېتىدىغانلار كېتىپ بولدى، كېلىدىغانلار كېلىپ بولدى.

3. سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,行动的完成,实现]. ئۇلار ھازىر كۆنەە كۆرشىدىغان بولدى. * ئۇنىڭ كۆزى ساقايدى، كۆرىدىغان بولدى.

4. چىقىش كېلىشتە تۇرلىنىپ كەلسە، تۇغۇلماق، دۇنياغا كەلمەك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەن قەشقەردىن بولىمەن. * ئۇ ھارامدىن بولغان جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ.

## بۇرغا

**بۇرغا I** ئىسىم. مۈڭگۈزدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى[牛角号]. بۇرغا چالماق، بۇرغا ساداسى.

**بۇرغا II** ئىسىم. كانچىلىق ئاتالغۇسى. قېزىش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان[钻子]. نېفىتلىكتە بۇرغا بىلەن يەر قېزىۋاتقان ئىشچىلار نېمىدۇر بىرنېمە ئۈستىدىن بەس-مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى.

## بۇرۇن

**بۇرۇن I** ئىسىم. 1. سەزگۈ ئەزاسى، پۇراش، نەپەسلىنىشكە خىزمەت قىلىدۇ [鼻子]. پۇچۇق بۇرۇن، ھەمەك بۇرۇن، بۇرنىنى تاشلىماق، بۇرنىنى تارتالماي قالماق، بۇرنىدىن بۇلاق بولماق، بۇرنىدىن يېتىلىمەك. * بۇرنىغا سۇ كىرمەك، بۇرنىغا ئىككى قولىنى تىقىپ قالماق، بۇرنىغا مۇشت يېمەك،

بۆرنىغا يېمەك. * بۆرنى قۇلىقىغىچە تويماق، بۆرنى كۆپمەك، بۆرنى قانىماق. * بۆرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەك. * بۇقىنىڭ ئۆزى قىرىسىمۇ، بۆرنى قىرىماس (ماقال). * بۆرنىغا يېمىگۈچە موللا بولماس (ماقال).

2. قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىقلارنىڭ ساپىقى بار يېرىنىڭ قارشى تەرىپى. قوغۇننىڭ بۆرنى.

**بۇرۇن II** رەۋىش. ئىلگىرى، ئاۋۋال، بالدۇر [以前,从前,很早]. بۇرۇنقى، بۇرۇندىن، بۇرۇنقىلار، بۇرۇن زاماندا. * تويغا بارساڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار (ماقال). * بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ (ماقال).

بىر بۇرۇن كۆردۈم بۇرۇن،
ھەممە بۇرۇنلاردىن بۇرۇن،
ئاش ئىچسە، بۆرنى ئىچىدۇ،
قوشۇق ئالماستىن بۇرۇن.

## بۇقا

**بۇقا I** ئىسىم. پىچىلمىغان ئەركەك كالا[公牛,雄牛]. بۇقا بۆرنىغا يىغار، ئابدال قوينىغا (ماقال).

**بۇقا II** ئىسىم. دەريا، ئۆستەڭ سۈيىنى توسۇپ قايتۇرۇش ياكى ئېگىزرەك يەرگە چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ ئاچا قىلىپ باغلانغان تۇرمەل ياغاچ[右栅栏]. بۇقا سالماق.

## بول

**بول I** ئىسىم. 1. ھارۋىنىڭ ئوقىنى ئايلاندۇرۇپ تۇ-رۇشقا بېكىتىلگەن ئىچى كاۋاك كۆتەك [车毂]. ھارۋا بولى.

2. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش سايمىنى [辘轳]. قۇدۇق بولى.

**بول II** سۈپەت. نەملىشىپ، ئىچىدىن ئېچىغان، بۇزۇلغان [发雷]. بول بۇغداي، قوناق بول بولۇپ كېتىپتۇ.

## بولا

**بولا I** پېئىل. بولىماق، بولاش. بىراۋنىڭ نەرسىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زورلۇق بىلەن ئېلىۋالماق، تالىماق [抢劫,掠夺]. بۇلىۋالغان بۇلاڭغا كېتىدۇ (ماقال).

**بۇلا II** پېئىل. بۇلىماق، بۇلاش. تۇگۈرمەك، مىلىمەك [蘸]. بۇلاپ يېسەڭمۇ، تويۇپ يە (ماقال).

## بۇلغار

**بۇلغار I** ئىسىم. ماي تەركىبى بولغان بىر خىل يۇمشاق خۇرۇم [多脂革,油性革]. بۇلغار ئۆتۈك.

**بۇلغار II** ئىسىم. بۇلغارىيىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى، جەنۇبىي سلاۋيانلارغا مەنسۇپ [保加利亚人]. بۇلغارلار، بۇلغارچە، بۇلغار تىلى.

## بۇلۇت

**بۇلۇت I** ئىسىم. سۇ تامچىلىرى ۋە مۇز كرىستاللىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان، ھاۋا بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرىدىغان بىر خىل جىسىم [云,云彩]. بۇلۇت چىقماي يېغىن ياغماس، دەرد تارتماي ياش چىقماس (ماقال). * يات تۇغقىنىڭدىن بۇلۇت يېقىن (ماقال).

باھاردا بۇلۇت ياش تۆكسە بول شادمان،
بۇ سۇيېت يېغىشىدىن ھەممە ياق بوستان.

**بۇلۇت II** ئىسىم. 1. تۆۋەن دەرىجىلىك، كۆپ ھۈجەيرىلىك بىر خىل دېڭىز ھايۋىنى [海棉].

2. كاۋچۇك ياكى سۇلياۋ (يالتىراق) دىن ياسىلىدىغان، كۆپ تۆشۈكلۈك ماتېرىيال. "بۇلۇت I "گە ئوخشايدۇ. ماچالكا [海棉]. بۇلۇت پالاق.

## بۆلە

**بۆلە I** ئىسىم. خاماندا سورۇشقا دۆۋىلەپ قويغان چەش [打好后堆起来的粮食]. بۆلە ئايرىماق، بۆلە دۆۋىلىمەك.

**بۆلە II** پېئىل. بۆلىمەك، بۆلەش. بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىپ، تەرتىپ بىلەن تېڭىپ قويماق [把孩子捆在摇床上].

بالىنى بۆشۈككە بۆلەپ قوي.

## بۆلەك

**بۆلەك I** ئىسىم. بۆلەنگەن نەرسىنىڭ ھەربىر پارچىسى، بىر پۈتۈننىڭ تەشكىلىي قىسمى[部分]. ئىشنىڭ بىر بۆلىكى ساقلاتەن. * ناننى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ، بىر بۆلەكتىن يېدۇق.

**بۆلەك II** ئىسىم. گراممانىك ئاتالغۇ. ئايرىم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر[成分]. جۈملە بۆلەكلىرى، باش بۆلەك، ئەگەشمە بۆلەك، بىرىكمە بۆلەكلەر. * جۈملىلەرنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق.

**بۆلەك III** سۈپەت. 1. باشقا، ئۆزگە، يات [别的,另外的,其他的,不同的]. بۆلەكتىن. * بۆلەكچە. * سەندىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. * بۆلەك چاپىنىڭنى كىي.

2. ئايرىم، مۇستەقىل، ئالاھىدە[分别的,独自的]. ئۇ ئوغلىنى بۆلەك قىلىپ قويۇپتۇ. * قوشنا بولساڭ بۆلەك بول، بۆلەك بولمىساڭ يۆلەك بول (ماقال).

## بۆلۈش

**بۆلۈش I** ئىسىم. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى. تۆت ئەمەلنىڭ بىرى[除法]. بۆلۈش ئەملى. * بۆلۈش بەلگىسى (÷).

**بۆلۈش II** پېئىل. 1. ”بۆل“ نىڭ ئىسىمدىشى، بۆلمەك؛ بۆلۈش ئەمەلىنى ئىجرا قىلماق [除]. چوڭ ساننى كىچىك سانغا بۆلۈش كېرەك. * ئوننى بەشكە بۆلسەك، ئىككىدىن تېگىدۇ.

2. بىر پۈتۈن نەرسىنى قىسىملارغا، پارچىغا، بۆلۈمگە ئايرىماق، بۆلەك-بۆلەك قىلماق، ئۈلۈشمەك [分配,分]. مىراسنى بۆلمەك. * كىشىنىڭ گېپىنى بۆلمە. * بۇ شۇمتەك ئەجەب خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. * تاۋۇزنى تۆتكە بۆلمەك.

## بېرىش

**بېرىش I** ”بار“ پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى، بارماق[去,到].

www.uyghurkitap.com

بۇگۈنكى يىغىنغا جەزمەن بېرىش كېرەك. * بېرىش-كېلىش قىلماق.

بېرىش II "بەر" پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. بەرمەك [给,给予,授予,发给]. ئېلىشتا سانغا ئوتتۇز، بېرىشتە سانغا توققۇز. * ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئېلىش-بېرىشىم يوق.

## بېسىق

بېسىق I سۈپەت. 1. بىكار ئەمەس، ئالدىراش، باس-باس [繁忙,繁多]. سەن ئىشىمىز تازا ئالدىراش ۋاقتىدا كېلىپ قالدىڭ.

2. ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، تەمكىن، سالماق، ئېغىر، ئېغىر-بېسىق [郑重,稳重,稳键]. بېسىق بول بالام، ئېغىر-بېسىقلىق ياخشى پەزىلەت.

بېسىق II پېئىل. بېسىقماق، بېسىقىش. بېسىلماق، پەسلىمەك، جىمىماق، تىنجىماق [平静,平和,平定,平复]. قاتتىق جېدەل بىر دەمدىلا بېسىقتى. * قاتتىق يىغۇاتقان قار ئاستا-ئاستا بېسىقتى.

## بېلىقچى

بېلىقچى I ئىسىم ("بېلىق"قائىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "چى"قوشۇلغان). چايكا [鱼鹰,鹗]. "بېلىقچى"بەزى يەرلەردە "بېلىقچىقۇش" مۇ دېيىلىدۇ.

بېلىقچى II ئىسىم. بېلىق تۇتۇش، بېلىق بېقىشنى كەسىپ قىلغان كىشى [鱼夫,鱼翁,鱼民]. بېلىقچىنىڭ كۈنى سۇدا(ماقال).

## بىرلىك

بىرلىك I ئىسىم ("بىر"سانىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە"لىك"قوشۇلغان). ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق، بىر پۈتۈنلۈك [和睦,团结]. بىرلىك بولماي، تىرىكلىك يوق(ماقال). * ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە(ماقال).

بىرلىك II ئىسىم. پەلسەپە ئاتالغۇسى. بىردەكلىك، ئوخشاشلىق [统一,致一,同一]. قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى.

بىرلىك III ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى. سان كاتېگورد-

يىسسىنىڭ بىر تۈرى. ئانتونىمى: كۆپلۈك. ئات سىتتىۋالدىم، دېگەندە "ئات" بىرلىك ساندا كەلگەن.

**بىرلىك** IV بىر تۈردىكى مىقدارلارنى ئۆز ئارا باھالاش، سې-لىشتۇرۇش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئۆلچەم[单位]. ۋاقىت بىرلىكى، پۇل بىرلىكى، ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. * بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارقىتىسى
www.uyghurkitap.com

# پ

## پات

**پات I** ئىسىم. يىپ ۋە رەختنى قاتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان كراخمال سۇيۇقلۇق[浆]. پات بەرمەك. * پەتى بار رەخت.

**پات II** رەۋىش. تېز، چاپسان، ئىلدام[快,尽快]. پات بېرىپ، پات كەل.

**پات III** پېئىل. پاتماق، پېتىش. 1. سىغماق، لايىق كەلمەك[盛下,装下,溶纳下]. ماڭا 40 - ئاياغ پاتىدۇ. * خەلق سارىيىغا ئۈچ مىڭ ئادەم پاتىدۇ. * بۇ ئۈيگە يەنە بىر كارىۋات پاتىدۇ. * تاغقا پاتمىغان ئۈچكە قازانغا پاتماس (ماقال). * يۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا، موزاييېپشى بوش كەلدى(ماقال).

2. چۆكمەك، مىلەنمەك[沉没,落入,陷入]. ماشىنا لايغا پېتىپ قالدى. * پاراخوت سۇغا پېتىپ قالدى. * هاي، قولۇڭ مۇرابباغا پاتتى.

3. سانجىلماق[砾,刺伤]. تاش پۇتۇمغا پاتتى. * ئۇنىڭ گېپى جېنىمغا پاتتى.

**پات IV** تەقلىد سۆز. ماشىنىنىڭ سىگنال بەرگەندە، كانىيىدىن چىققان ئاۋاز[象声词]. كېتىپ بارساق، ماشىنىدىن "پات" قىلغان ئاۋاز چىقتى.

## پات-پات

**پات-پات I** رەۋىش. تېز-تېز، دائىم[不时,时常]. كىمكى سۆزدە پات-پات "گېپىم راست دېسە، شۇ گېپىم راست" دېگىنى يالغان.

ئاردا تام بولمىسا، يارىمنى كۆرسەم پات-پات.

يارىمنىڭ باسقان ئىزىدا ئېچىلدى گۈللەر قات-قات.

**پات-پات II** تەقلىد سۆز. موتسىكلىت قاتارلىقلارنىڭ ئىس چىقىرىشىدىن چىققان ئاۋاز[象声词]. ئالدىمىزدىن بىر موتسىكلىت

”پات-پات“ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

## پار

**پار I** ئىسىم. سۇنىڭ گاز ھالىتى: ھور، بۇغ [热气,蒸气]. پار قازىنى. * پار تۇرۇبىسى. * پارغا ئايلانماق.

**پار II** سۆپەت. جۈپ، بىر قۇر (كىيىم-كېچەك، ئاياغ-پاي-پاق... لار ھەققىدە)[对,副,双,套,身]. بىر پار كىيىم. * بىر پار ئۆتۈك. * بىر پار پايپاق. * بىر پار پالاق. * پار كەلمەك، پار بولماق.

## پاراق

**پاراق I** ئىسىم. دېھقانلار دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان، دېھقان-چىلىق بېجىغا بېرىدىغان ئاشلىق، غەللە، دەھيەك ۋە لەڭ [公粮,田赋]. غەللە-پاراق. * پاراق تاپشۇرماق.

**پاراق II** تەقلىد سۆز. قاتتىق كۈلكىنىڭ، سۇنىڭ قاينى-شىدىن چىققان ئاۋاز[象声词:哈哈,咕都咕都]. كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. * قازان پاراقلاپ قاينىدى.

## پارلا

**پارلا I** پېئىل. پارلىماق، پارلاش. چاقنىماق، نۇر چاچ-ماق [闪耀,闪光,发亮]. قۇياش سۇزۇك ئاسماندا پارلىدى.

كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى قەلبىم يايرىدى،
ئىلھام جۇش ئۇرۇپ، بەختىم پارلىدى.

**پارلا II** پېئىل. پارلىماق، پارلاش. 1. خىللىماق، تۇر-لىمەك، ئىلغىماق، تاللىماق [挑,拣,挑选,选择]. ئۈزۈم پارلىماق. * ئۇرۇق پارلىماق. * ئۆگۈت پارلىماق.

2. جۈپلىمەك[配对儿]. ئاياغلارنى پارلاپ قويۇڭلار.

## پاشىلىق

**پاشىلىق I** ئىسىم (”پاشا“غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لىق“قوشۇلغان). پاشا كۆپ يەر[蚊子多的地方]. بىر پاشىلىققا كىرىپ قاپتۇق، كۆرمىگەننى كۆردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاشىلىق II ئىسىم. پاشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داكا، ماتا قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلگەن چىمىلدىق[蚊帐]. پاشىلىق تىكمەك. * پاشىلىق تارتماق. * ژۇخەندىكى مېھمانخانىلاردا ھەربىر كارىۋاتتا بىردىن پاشىلىق بولىدىكەن.

## پاك

پاك I ئىسىم. قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى [方]. پاك سىزماق. * باللار كوچىدىلا پاك ئويىنىشىۋاتاتتى.

پاك II سۈپەت. گاس، ساغىرۇ[耳聋的,聋子]. پاك بولماق. * پاك قىلماق. * پاك قۇلاق. * پاك بىلەن ئورتاق بولدۇم، گەپ ئاڭلىتالماي پورداق بولدۇم. * قورسىقى ئاچنىڭ قۇلىقى پاك (ماقال).

پاك III تەقلىد سۆز. ئېتىلىش، يېرىلىش، پارچىلىنىشتىن چىققان ئاۋاز[象声词:啪的,啪的一声]. «پاك» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

## پاكقاي

پاكقاي I ئىسىم. چارپاينىڭ ئىلىك ئۇستىخىنى [后腿从膝盖踝骨之间的骨头]. ئات پاكقىيى. * قوي پاكقىيى.

پاكقاي II سۈپەت. قۇلىقى ئېغىر، قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس[耳聋]. ئۇ تازا كەتكەن بىر پاكقاي ئىكەن.

## پال

پال I ئىسىم. رەم، قۇرئىي [占卦,占卜,算命,起课]. پالچى. * پالچىلىق. * پال ئاچماق. * پال سالماق. * پال باقماق. * پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە(ماقال).

پال II تەقلىد سۆز. يورۇقلۇقنىڭ تېز كۆرۈنۈشى [象声词:忽地]. چىراغ «پال» قىلىپ يېنىپ «لىپ» قىلىپ ئۆچتى.

## پالاق

پالاق I ئىسىم. 1. كېمە، قېيىق ۋە قولۋاقلارنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان[浆]. قېيىق پالىقى.

2. چىۋىن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىم ياكى يالتىراق توردىن ياسالغان ساپلىق سايمان[苍蝇拍子]. چىۋىن پالىقى.

3. تىكتاك توپ قاتارلىق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىدا توپنى ئۇ-رۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سايمان [乒乓球拍子]. تىكتاك توپ پالىقى.

4. دەررە (كونىرىغان سۆز) شەرىئەتتە گۇناھلىق ھېسابلانغان-لارنى، دىنىي مەكتەپلەردە تەرتىپنى بۇزدى دېيىلگەن تالىپلارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى[板子]. پالاق بىلەن ئۇرماق.

**پالاق II** سۈپەت. بۇزۇلغان، سېسىغان(تۇخۇم ھەققىدە) [坏了的,臭了的,变质的]. پالاق تۇخۇم. * تۇخۇم پالاق بولۇپ قاپتۇ.

**پالاق III** تەقلىد سۆز. يىقىلىش، ئۇرۇلۇشتىن چىققان ئاۋاز [象声词:仆通一声,啪嚓一声]. ئۇ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى.

## پاي

**پاي I** ئىسىم. شىركەت، كارخانا ۋە بىرلەشمىلەرگە شې-رىك بولۇپ قوشقان ھەسسە، ئۈلۈش [股份,股]. پاي پۇلى. * پاي چېكى. * پاي ئۆسۈمى. * پاي فوندى.

**پاي II** ئىسىم. ئاياغ، پۇت، پۇت ئىزى [脚,足,足迹]. كۆپىنچە تۇراقلىق ئىبارىلەردە كېلىدۇ: چار پاي. * چىراغپاي. يەنە III شەخس تۇرىدىمۇ، ئايرىم تۇراقلىق ئىبارىلەردىمۇ كېلىدۇ: پېيىغا چۈشمەك. * پېيىدا بولماق.

باغۋەن ئىش پېيىدا بولمىسا بەزەن،
باسىدۇ شۇ ھامان ئەتراپنى تىكەن.

**پاي III** مىقدار سۆز. دانە، تال [量词:只,发,粒]. بىر پاي ئۆتۈكۈم يوق تۇرىدۇ. * ئۇ تۆت پاي ئوق ئۈزدى. * ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچاقتىكى قازىنىغا ئۈچ پاي قاسقان ئورنىتىلغانىدى. * ھەر خىل مىلتىقتىن بىر پاي ئاتسىمۇ، تەككۈزگىنى ئاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پايلا

پايلا I پېتىل. پايلىماق، پايلاش. بەرداشلىق بەرمەك، چىدىماق[忍受,经受,经得起]. قىيىنچىلىقتا پايلىماق. * توشقان تېرىسى ئاران ئۈچ كۈن پايلايدۇ.

پايلا II پېتىل. پايلىماق، پايلاش. كۆز قولاق بولماق، يوشۇرۇن كۆزەتمەك، مارىلاپ يۈرمەك، پېيىغا چۈشمەك[跟踪,窥伺,追踪,侦探]. مۇشۇك چاشقاننى بىر دەم پايلاپ تۇردى. * ئۇ مېنى ئارقامدىن پايلاپ يۈرىدۇ. * دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا(ماقال).

## پەس

پەس I سۈپەت. تۆۋەن، پاكار [低的,矮的,下边,下面]. ئانتونىمى: ئېگىز، يۇقىرى. پەس ئۆي. * پەس تام. * پەس ئۇچماق. * يورۇزغىلار پەسكە چۈشەيلى. * سىلەر پەستە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. * ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس، ئۇ نېمە؟ (تېپىشماق— ئىگەر).

پەس II سۈپەت. پەسكەش، رەزىل، پەسەندە، خار[下贱的,下流的,低级的]. ئانتونىمى: ئېسىل. پەس ئادەم. * تېگى پەس، پەس ئارزۇ-ھەۋەس. * زىدى پەسنىڭ كۆڭلى پەس (ماقال). * قەست قىلغاننى پەس قىل(ماقال). * پەس پەسكەشلىكنى قىلماي قويمايدۇ.

پەس كىشى مال-دۇنياكۆتۈرمەس بىشەك،
ئېشەك ئەتلەس توقۇمى بىلەنمۇ ئېشەك.

## پەسىل

پەسىل I ئىسىم. يىلنىڭ تۆت مەۋسۇمىنىڭ ھەربىرى [季,季度,季节]. ئەتىياز پەسلى، ياز پەسلى. * كۈز پەسلى، قىش پەسلى. * پەسىللىك، پەسىلچان. * پەسىلگە قاراپ كىيىم كىي.

پەسىل II ئىسىم. كىتابلار، ماقالىلەرنىڭ تۈرلۈك بۆلۈنۈشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى[编]. بۇ كىتاب ئىككى پەسىل، سەككىز باب، ئون ئىككى بۆلۈمدىن ئىبارەت.

## پەش

پەش I ئىسىم. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى، بەلگىسى (،)، جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەر، قوشما جۈملىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ[逗点,逗号]. پەش جايىدا قويۇلمىسا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. سىلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: تۇرسۇن توختى—تۇرسۇن، توختى ۋە باشقىلار.

پەش II ئىسىم. چاپان، كۆينەكلەرنىڭ ئالدى تەرىپى، ئېتەك قىسمى[襟]. ئىچ پەش، تاش پەش. * پېشىنى تۇتماق، پېشىغا ئېسىلماق. * پېشىنى قاقماق، پېشىنى تارتىپ قويماق. * پەشنى كېسىپ يەڭنى ياماپتۇ (ماقال). * پەشنى قاققان ئەمگەكتىن، قۇتۇلالماس مەينەتتىن (ماقال).

پەش III لوق گۆش، كۆپىنچە دۈمبە گۆش [剔骨肉]. پەشلىمەك.

پەش IV ئىملىق. مۈشۈكنى قوغلاشتا ئىشلىتىلىدۇ[唬]. توخۇسنى تاخ دېمە، مۈشۈكنى پەش دېمە (ماقال).

"پەش"تىن بىر تۇيۇق:

خېتىمدا مەن ھەمراھ بولاي چېكىت، پەش،
تاماقتا يېگىن، ھەم بولاي ياغۇپەش،
تەقدىرىمدۇر، ساڭا خاس ھاياتىم،
مەيلى ھەم چاپانغا بولۇپ قالسامۇ پەش.

—ئەركىن ئەبەيدۇللا.

## پەشمەت

پەشمەت I تۇجۇركا چاپان [短依]. پەشمىتىڭنى كىيىۋال!— دەپ ۋارقىرىدى ئانا بالىسىغا.

پەشمەت II ئىسىم. تاتلىق يېمەكلىك. ئۇ ياغدا قورۇلغان ئۇن ۋە قىيامدىن تەييارلىنىدۇ، تالا-تالا يىپسىمان بولىدۇ [酥糖]. شۇ كۈنلەردە پەشمەتكە باشقا مىللەتلەرمۇ قىزىقىپ قالدى.

## پەللە

پەللە I ئىسىم. شوتا، پەلەمپەيلەرنىڭ ھەربىر باسقۇچى،

www.uyghurkitap.com

بالدىقى[级,台阶,梯阶]. پەلەمپەيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققۇچە ھالىم قالمىدى. * ئۆيۈڭگە يولاتما قىرى دەللىنى، كىرىپ-چىقىپ بۇزىدۇ پەللىنى.

پەللە Ⅱ ئىسىم. تەنتەربىيە ئاتالغۇسى. يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە، ئوغلاق تارتىشتا، باشلانغان ۋە توختايدىغان يەر [终点,起点]. ئۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، پەللىگە ئاز قالغاندا يىقىلىپ چۈشۈپ ھەسرەتتە قالدى.

پەللە Ⅲ ئىسىم. تىبابەتچىلىك ئاتالغۇسى. بەدەننىڭ يىڭنە سانجىشقا بولىدىغان يەرلىرى[穴位].

پەللە Ⅳ ئىسىم. ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ يۇقىرى چوققا، نىشان، مەنزىل[高蜂,顶峰,极点,顶点].

## پەن

پەن Ⅰ ئىسىم. ئىلىم، ئىلىم-بىلىم [科学,学科] تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر. * پەنلەر ئاكادېمىيىسى. * پەنلەر دوكتورى. * پەن تەتقىقاتى. * پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى. * پەن—بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.

پەن Ⅱ ئىسىم. تاختاي، شال [木板]. پەن زاۋۇتى. * پەن تىلماق.

## پەي

پەي Ⅰ ئىسىم. قۇشلار تېنىدىكى يۇمشاق تۈك، موي [羽毛]. پەي ياستۇق، پەي يوتقان-كۆرپە. * پەي توپ، پەي قەلەم * پەي ئوت بىلەن "ئوينىمايدۇ" (ماقال). * قاغىنىڭ پېيى قەلەم بولماس (ماقال).

پەي Ⅱ ئىسىم. سىڭىر [筋]. پەي تارتىشماق. * پەي تار. * پېيىنى قىرقىماق.

پەي Ⅲ ئىسىم. ئارمىيە قۇرۇلمىسىنىڭ شتات بىرلىكى [排]. پەي بەندىن يۇقىرى، ليەندىن تۆۋەن بولىدۇ. * پەيجاڭ. * تۆتىنچى پەي.

## پو

پو Ⅰ ئىسىم. زەمبىرەك [大炮].

پو Ⅱ ئىسىم. ھور، پار، بۇس [气,蒸气].

پو Ⅲ سۈپەت. لاپ [大话,吹牛皮]. پوچى. * پو ئاتماق.

## پوچتا

**پوچتا I** ئىسىم. خەت-ئالاقە، گېزىت-ژۇرنال، پوسۇلكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرسىتىلگەن ئادرېسقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كەسىپ ۋە ئاپپارات [邮政]. پوچتا ماركىسى. * پوچتا ساندۇقى. * پوچتىخانا. * پوچتا-تېلېگراف.

**پوچتا Ⅱ** ئىسىم. قايرىما سايىۋەنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئورنى بار، تۆت چاقلىق هارۋا [皮包车].

## پوچتىكەش

**پوچتىكەش I** ئىسىم. پوچتىچى، پوچتاليون، پوچتىخانىنىڭ خەت-چەك، گېزىت-ژۇرناللارنى كۆرسىتىلگەن ئادرېسقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان خادىمى [邮递员,邮差,投递员].

**پوچتىكەش Ⅱ** ئىسىم. ”پوچتا Ⅱ “نى هەيدەيدىغان كىشى، كوچىر [(赶皮包车的)车夫].

## پوچى

**پوچى I** ئىسىم (”پو Ⅲ “كە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”چى“ قوشۇلغان). يوغان گەپ قىلىدىغان، پو ئاتىدىغان، لاپ ئۇرىدىغان كىشى [说大话的,吹牛皮的]. پوچى ئىش بۇزىدۇ، نوچى ئىش تۈزەيدۇ.

**پوچى Ⅱ** ئىسىم. كان كولىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچلۇق تىغ بېكىتىلگەن ئەسۋاب.

## پور

**پور I** ئىسىم. 1. دەرەخنىڭ چىرىگەن قىسمى [朽了的,空了心的]. پور ياغاچ. * پور كۆتەك.

2. سۈپەت. پورلاشقان، چىرىگەن [糠了的]. پور لوبو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پور II سۈپەت. خام سېمىز [虚胖的]. ئۇ بىر پور ئادەم.

## پورەك

پورەك I ئىسىم. ئەمدى ئېچىلىۋاتقان گۈل، غۇنچە [花蕾,蓓蕾, 花骨朵儿]. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ "پورەك" تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلار يازاتتى، ئەپسۇسكى، ئۇلارنى يىغالمىدۇق.

سالام ساڭا مۇئەللىم، ساڭا چوڭقۇر يۈرەكتىن.

تەربىيەڭدە ئېچىلغان مىڭلاپ غۇنچە-پورەكتىن.

پورەك II ئىسىم. دىئالېكت سۆز. زاغرا. پورەك پىشۇرماق.

## پوست

پوست I ئىسىم. 1. دەل-دەرەخ، مېۋە-چېۋە، ياش-كۆكتات ۋە بەزى ھايۋانلار، دانلارنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان قەۋىتى [皮,壳]. دەرەخ پوستى. * يىلان پوستى. * پوستىنى سويغان پىيازدەك. * پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى تولا (ماقال).

2. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نېپىز توقۇلما، تېرە ئاستىدىكى يۇپقا پەردە [皮]. پوستىغا كىرىۋالماق. * ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا (ماقال).

3. يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى [地壳].

پوست II ئىسىم. قاراۋۇل [岗,岗哨]. پوست قويماق. * پوستتا تۇرماق. * پوستقاچىقماق. * پوستتىن چۈشمەك.

## پوستەك

پوستەك I ئىسىم. تۈگمەن خامپىسىدىكى ئۇننى سۈپۈردىغان تېرە سۈپۈرگە [羊皮帚]. پوستەك تۈتقان تۈگمەنچى خامپىدىكى ئۇننى سۈپۈرۈۋاتاتتى.

پوستەك II ئىسىم. قارا ياغاچنىڭ تەڭگىسى [榆钱子]. پوستەكنى جىگمۇمىغا قېتىپ يېگەن ۋاقىتلىرىمىز بولغان.

## پوكان

پوكان I ئىسىم. ئادەم ۋە قۇشلارنىڭ تۆش قىسمى

[咳嗽]. توخۇ پوكىنى. * ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. * ھېلىم پوكىنىنى ئۈستەلگە يۆلەپ ئۇخلىدى.

**پوكان II** دان ۋە مېۋە چالا پىشقان، كىيىم-كېچەك، نەملىكى تۈگىمىگەن، چالا قۇرۇغان ھالەت [湿,未熟].

## پۇت

**پۇت I** ئىسىم. 1. ئادەم ۋە ھايۋاناتنىڭ تۇرۇشى، يۈرۈشى ۋە ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەزاسى، ئاياغ [脚,腿,足]. پۇت ئاتماق، پۇت تېپىشمەك. * پۇت تىقماق، پۇتقا چېتىۋالماق. * پۇتىنى ئالماشتۇرماق. * پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەك. * ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقماق. * پۇتىغا ھۆل خىش قويماق. * سېمىزلىك پۇتقا يۈك. * بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە. * بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق. * پۇتى كۆيگەن توخۇدەك. * قاغا پۇتى خەت. * يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن (ماقال). * كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق (ماقال). * ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ (ماقال).

2. ئۈستەل، كارىۋات، ئورۇندۇققا ئوخشاش ئۆي جاھازلىرىنى تىك تۇرغۇزىدىغان قىسمى. سافانىڭ پۇتى. * جوزىنىڭ پۇتى. * داڭقان پۇتى گەپ.

**پۇت II** ئىسىم. رۇسلاردىن كىرگەن ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى [普特]. پۇت كۆپرەك ئاشلىق ئۆلچەشتە قوللىنىلىدۇ. بىر پۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ.

## پۇتلۇق

**پۇتلۇق I** سۈپەت ("پۇت I" گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). پۇتى بار، پۇت بېكىتىلگەن [有脚的,带腿的]. ئافرىقىدا تۆت پۇتلۇق قۇش بايقالغان. * ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت پۇتلۇق چوڭ ئۈستەل تۇراتتى.

**پۇتلۇق II** سۈپەت ("پۇت II" گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). مىقدارى مەلۇم پۇت ئېغىرلىقىدا بولغان [普特的]. بىر پۇتلۇق گىر تېشى.

www.uyghurkitap.com

## پۇچاق

**پۇچاق I** ئىسىم. 1. ئىشتاننىڭ تىزدىن تۆۋەن قىسمى [裤腿]. ئىشتاننىڭ پۇچىقى. * پۇچاقنى تۈرمەك. * پۇچاقتىن پۇژلىمەك. * پۇچاقتا پىت چۈشمەك.

2. هايۋانلارنىڭ پاقالچىقى-شىرنىقىنىڭ تېرىسى [腿皮]. تۈلكە پۇچاقلىرىدىن تىكىلگەن جۇۋا.

**پۇچاق II** ئىسىم. ئۇمۇمەن پارچە-پۇرات تېرە پۇرۇچلىرى [碎皮].

## پۇڭ

**پۇڭ I** ئىسىم. خەلق پۇلىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى [分]. بىر يۈەن ئون جياۋ (ماۋ)، بىر جياۋ ئون پۇڭ. * بىر قاپ سەرەڭگە ئىككى مو بەش پۇڭغا چىقىپتۇ.

**پۇڭ II** ئىسىم. جۇڭگوچە يەر يۈزى ئۆلچەم بىرلىكى، مونىڭ ئوندىن بىرى [分]. تەخمىنەن 66 كۋادرات مېترغا تەڭ. * يېزىمىزدا جان بېشىغا ئىككى مو تۆت پۇڭدىن يەر توغرا كەلدى.

## پۇڭلۇق

**پۇڭلۇق I** سۈپەت ("پۇت I"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). قىممىتى پۇڭغا تەڭ. ئۇ ئاممىۋى تېلېفونغا بەش پۇڭلۇق مېتال پۇل تاشلىدى.

**پۇڭلۇق II** سۈپەت ("پۇڭ II"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). كۆلىمى پۇڭغا تەڭ [分的]. ئىككى مو بەش پۇڭلۇق يەرگە كۆكتات تېرىغاندىم، تازا ئوخشىدى.

## پۈت

**پۈت I** پېئىل. پۈتمەك، پۈتۈش. تۈگىمەك، ئاخىرىغا يەتمەك. ئاياغلاشماق، تاماملانماق [完,完成,完结,完竣,完毕]. يېڭى بىنا پۈتتى. * كىيىم پۈتتى. * ئىش پۈتتى. * ئېشىكىم سۇدىن ئۆتتى، ئىشىم پۈتتى (مەتەل). * پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر (ماقال).

ياخشىلىق بىلەن ئىش پۈتسە پەقەت،
جاڭجال غوۋغا قىلىشقا بۇندا نەھاجەت.

پۈت II پېئىل. پۈتمەك، پۈتۈش. يازماق [写,记]. خەت پۈتمەك. * دەپتەرگە پۈتۈپ قويماق. * پېشانىگە پۈتۈلگەننى تارتماي ئامال يوق.

پۈت III پېئىل. پۈتمەك، پۈتۈش. 1. ئىچىدىكى بوشلۇق تىنىپ، ئېتىلىپ قالماق [堵塞]. يىڭنىنىڭ تۆشۈكى پۈتۈپ قاپتۇ.

2. يارا ساقايماق، ئاغزى جىپلاشماق[愈合,收口,长好,痊愈]. يارىنىڭ ئاغزى پۈتۈپتۇ.

3. بۇرۇن نەپەسلىنىش قىيىن بولماق [不通气]. بۇرنۇم پۈتۈپ قالدى.

4. ئاۋاز چىقماي قالماق [沙哑,嘶哑]. ناخشىنى تولا ئېيتىپ، ئاۋازىم پۈتۈپ قالدى. * ئۇ قىز ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە تولا يىغلاپ، ئاۋازى پۈتۈپ كەتتى.

5. قۇلاق ئاڭلىماس بولۇپ قالماق [耳聋]. ئۇ بوۋاينىڭ قۇلىقى پۈتۈپ قاپتۇ.

پۈت IV پېئىل. پۈتمەك، پۈتۈش. ئىشەنمەك، خەقنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەك [相信]. ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈپ، خاتا قىلدىم.

## پۈتۈش

پۈتۈش I پېئىل. پۈتۈشمەك، پۈتۈشۈش. كېلىشمەك، توختاملاشماق، قارارلاشماق [商妥,商定,相约,说好]. مەن ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇم، شېرىك بولىدىغان بولدۇق.

پۈتۈش II پېئىل. پۈتۈشمەك، "پۈت"نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى، "پۈت I "گە ئوخشاش كەلمەيدۇ. ["پۈت"的共同态].

## پۈتۈك

پۈتۈك I ئىسىم ("پۈت II "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۈك" قوشۇلغان). (كونىرىغان سۆز) خەت-چەك، كىتاب، ۋەسىقە، ھۆججەت؛ تاشقا ئويۇلغان يېزىق [信,文件,文书]. پۈتۈكچى. * بىزدە قەدىمكى پۈتۈكلەر ناھايىتى كۆپ، ئەپسۇسكى، تېخى تېپىلمىدى، ئېچىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**پۈتۈك II** سۈپەت ("پۈت" III "كە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۈك" قوشۇلغان). 1. تۆشۈك، بوشلۇق، ئېتىلىپ قالغان پۈتەي [实心的,无空的]. بۇ يىڭنىنىڭ كۆزى پۈتۈك ئىكەن. * قورۇق گەپكە پۈتۈك قۇلاق (ماقال). * قۇۋنىڭ قۇلىقى پۈتۈك (ماقال).

## پۈرۈك

**پۈرۈك I** ئىسىم ("پۈر" گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۈك" قوشۇلغان). قوينىڭ پۈرمەك گۆشى، بەزى قۇشلارنىڭ قوڭى [肛门肉]. توخۇنىڭ پۈرۈكى.

**پۈرۈك II** سۈپەت. ياسىلىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. پۈر-مەر-پۈرمە بولۇپ پۈرۈلگەن پۈرۈك كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ!

## پېقىر

**پېقىر I** سۈپەت. كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل [清贫的,贫苦的,贫寒的]. پېقىر ئادەم. * بۇلۇتنىڭ قەدرى يوق ئاي يېنىدا. پېقىرنىڭ قەدرى يوق باي يېنىدا (ماقال).

**پېقىر II** ئالماش. كەمىنە، كەمىنىلىرى [鄙人,小人]. پېقىر كۆپ ئوقۇمىغان، مەنسەپ تۇتمىغان ئادەم.

## پېئىل

**پېئىل I** ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى. سۆز تۈركۈملە-رىنىڭ بىرى. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى، ھالىتى، ئۆزگىرىشى قا-تارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر [动词]. پېئىل ئۆتۈملۈك پېئىل، ئۆتۈم-سىز پېئىل، ياردەمچى پېئىللارغا بۆلۈنىدۇ. * پېئىلدا يەنە دەرىجە كاتېگورىيىسى، زامان كاتېگورىيىسى، شەخس كاتېگورىيىسى، مەيل كاتېگورىيىسى بار.

**پېئىل II** ئىسىم. مىجەز-خۇلق، خاراكتېر، كەيپىيات، روھىي ھالەت [牲格,脾气]. خۇش پېئىل. * كىچىك پېئىل. * كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن (ماقال).

كۆپلەر بار دۇنيادا گەپ-سۆزى جانان،
لېكىن پېئىل ئېتىبارى ياماندىن يامان.

## پىپى

پىپى I ئىسىم. 1. تال چىۋىقنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان نەيچە، باللار چېلىپ ئوينايدۇ.

2. پۈۋلەپ چېلىنىدىغان سازلارنىڭ بۆلۈنىدىغان نەيچىسى.

پىپى II ئىسىم. چىمىشىر.

## پىستە

پىستە I ئىسىم. پىستە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى [阿月浑子]. پىستە-بادام. * پىستە چاقماق.

پىستە II ئىسىم. تېنى كىچىك، ئاياغلىرى قىسقا، تۈك-لىرى ئۇزۇن ۋە پاخماق بىر خىل ئىت[小狮子狗,长毛小狗]. پىستە قىرىسىمۇ كۈچۈك (مەتەل).

## پىش

پىش I پېئىل. پىشماق، پىشىش. 1. دانلىق زىرائەت، مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇزلار يېتىلىپ ئىشلىتىشكە، يېيىشكە بو-لىدىغان هالەتكە كەلمەك [熟,成熟]. بۇغداي پىشىپتۇ. * قوغۇن پىشسا سايىقىدا تۇرماس (ماقال). * ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش (تەمسىل).

2. ئۇن (خېمىر) گۇرۇچ، گۆش، كۆكتاتلار هەر خىل ئۇ-سۇللار ئارقىلىق يېيىشكە بولىدىغان هالەتكە كەلمەك[成熟,熟]. ئاش پىشتى. * گۆش پىشىپتۇ. * بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس (ماقال).

پىش II پېئىل. پىشماق، پىشىش. نەرسىنى سۇغا، سۇ-يۇقلۇققا چۆمۈلدۈرمەك، چىلاپ يۇماق [洗,冲洗]. ئاتنى ئۆستەڭگە پىشىپ كەلدىم.

## پىلتە

پىلتە I ئىسىم. جىزا [剂子]. لەغمەنلەرگە پىلتە قىلماق. * تۆت پىلتە لەغمەنگە تويمايدۇ ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلتە Ⅱ ئىسىم. 1. دۈپپىنىڭ تېشى بىلەن ئەستىرى ئارىسىغا، تون ۋە يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ قىرلىرىغا قاتۇرۇش ئۈچۈن بىرىلىدىغان قەغەز ياكى پاختا پىلىك [捻子]. دوپپىنى يارشىملىق قىلىدىغىنى پىلتىسى. * مۆسىنەم تونغا پىلتە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

2. پارتلاتقۇچ بومبىلارنىڭ ئوت ئالىدىغان يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىپ [导火索,导火线,引火索].

3. پوچاڭزىنىڭ ئوت ئېلىشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن پىلىك، يىپ [火绳,捻子]. پوچاڭزىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياق.

4. توقۇمىچىلىقتا ئېگىرىشكە تەييارلاپ قويۇلغان ئۇزۇنچاق پىلىك [棉条].

پىلتە Ⅲ مىقدار سۆز. يۆگەم، ئورام [量词:桄,绞,把子]. بىر يۆگەم يىپ. * بىر ئورام مەشۇت يىپ.

# ت

## تاپ

**تاپ** I ئىسىم. ئۆلۈك، ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكى [(自毙的动物)尸体,死尸]. تاپ يەيدىغان. * تاپنى ئارتماق. * قوزغۇن ئۆلۈۋېتىپ تاپ ئىزدەيدۇ.

**تاپ** II ئىسىم. 1. ئىز، قوش ئىزى [犁沟]. تاپ ئاچماق. * تاپ سالماق. * تاپ باسماق. * تاپتىن چىقماق.

2. (”تاپ II —1“ <). ئازغىنا يەر، بىر تاپ ئېلىشقىلا بولىدىغان يەر [畦]. بىر تاپ يەر.

3. قوش ھەيدىگەندە، قوشنى تاپتىن چىقماسلىق ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان خىتاب (”تاپ II —1“ <).

**تاپ** III ئىسىم. ۋاقىت، پەيت، ئان [时候,会儿]. كۆپىنچە كۆرستىش ئالماشلىرى بىلەن كېلىدۇ. شۇ تاپ. * بۇ تاپتا، ئۇ تاپتا.

تۆت دەھر ئارا ئۆزۈڭ نۇرى ئاپتاپ،
يەتتە بەھر ئىچىدە گۆھەر سەن شۇ تاپ.

**تاپ** IV پېئىل. تاپماق، تېپىش. 1. ئىزدىمەك، ئىزدىگەنگە ئېرىشمەك [找,寻,拣到,拾到]. تاپقاق، تاپقۇر. * تاپقان-تەرگەن، تاپقان-تۆككەن. * يوقنى كىبرەك تاپىدۇ (ماقال). * تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ، تەرتىپ سېنى تاپىدۇ (ماقال). * ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا (ماقال). * پۇتقا تاپساڭ باشقا يوق، باشقا تاپسا پۇتقا (ماقال).

2. ئىگە بولماق، تاپاۋەت قىلماق [得到,获得]. ئاتامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ باركاللىسىغا يەتمىدى (ماقال). * ئاش قەدرىنى يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر (ماقال).

3. ئويدۇرۇپ چىقماق، پەيدا قىلماق [造,惹,招]. گەپ تاپماق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

* ئىش تاپماق. * بالا تاپماق. * چاتاق تاپماق.

4. ... دەپ قارىماق، ... ھېسابلىماق [认为,以为]. لازىم تاپماق، زۆرۈر تاپماق. * ماقۇل تاپماق، مۇۋاپىق تاپماق.

**تاپ V** ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. راۋاج تاپماق.
* ئارام تاپماق. * روناق تاپماق. * قۇدرەت تاپماق.

## تاتار

**تاتار I** ئىسىم. تاتار مىللىتى ۋە شۇ مىللەتتىن بولغان كىشى [塔塔尔,塔塔尔人,鞑靼人]. تاتار تىلى. * تاتارچە. * تاتارىستان. * تاتار خەلقى. * تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي.

**تاتار II** پېئىل. تاتارماق، تاتىرىش. ئۆڭمەك، ئۆڭگى ئۆچمەك [苍白]. ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ گەپ قىلالماي قالدى.

## تار

**تار I** ئىسىم. چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەۋرىتىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان يىپى [弦]. پەي تار، سىم تار.

تار ئېشىپ ناۋا چالسام،
يارىمنىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

**تار II** سۈپەت. ئېنى، ھەجمى، سىغىمچانلىقى چوڭ ئەمەس [窄,狭窄的]. ئانتونىمى: كەڭ. تار يول، تار كوچا، تار ئۆي. * تار دائىرە، تار بولۇش. * ئىچى تارنىڭ گۆرى تار (ماقال). * تار يەردە ئاش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە (ماقال). * ئۆتۈكۈڭ تار بولسا، جاھاننىڭ كەڭ بولغىنىدىن نېمە پايدا (ماقال). * قىش ئۇچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار (ماقال).

## تارا

**تارا I** پېئىل. تارىماق، تاراش. تارقالماق، يېيىلماق، چېچىلماق، تارقىماق [散开,走散,散布]. مېھمانلار تارىدى. * قويلار تاراپ كېتىپتۇ. مەستلىكى تاراپتۇ. * راك ئۆپكىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تاراپتۇ. * سېسىق پۇراق بىردەمدىلا ئۆيگە تارىدى. * تاز تارانغۇچە، توي تاراپتۇ (ماقال).

**تارا II** پېئىل. تارىماق، تاراش. چاچ، ساقالغا ئوخشاش تال-تال نەرسىنى چېگىشىنى يېشىپ تال-تال قىلماق، تەكشىلىمەك [梳]. چاچ تارىماق. * ساقال تارىماق. * تىۋىت تارىماق. * بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن (ماقال).

## تارتما

**تارتما I** ئىسىم ("تارت"قا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ما" قوشۇلغان). سىيرىتما [抽屉]. ئۈستەلنىڭ تارتمىسى. * ئىشكاپنىڭ تارتمىسى. * تارتمىغا سېلىپ قويماق. * تارتمىدىن ئالماق.

**تارتما II** ئىسىم ("تارت"قا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ما" قوشۇلغان). ئېيىل [马肚带]. ئاتنىڭ تارتمىسىنى چېڭىتىپ قوي.

**تارتما III** ئىسىم. يۇقىرىغا چىقىش، يۇقىرىدىن چۈشۈش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان پەلەمپەي [板梯]. تاش تارتما. * تارتمىدىن چۈشمەك.

## تارتۇق

**تارتۇق I** ئىسىم ("تارت"قا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۇق" قوشۇلغان). ھەدىيە، سوۋغات [礼物,礼品]. تارتۇق تارتماق. * تارتۇقلىماق.

**تارتۇق II** ئىسىم. يارا ئىزى [伤疤]. تارتۇق چۈشمەك. * تارتۇق قالماق. * ئېرى تارتۇقنىڭ خوتۇنى پۈچۈق (ماقال). * مەن كۆرمىگەن يېرىڭ بارمۇ، سېڭار يېرىڭ تارتۇق.

"تارتۇق"تىن بىر تەجنىس:

سەت تۇرمىغاي ئەلگە ئىشلەپ بولسالڭ يۈز تارتۇق،
بىلگىن ئۇنى چىن يادىكار—ئەل بەرگەن تارتۇق.
—ئەركىن ئەبەيدۇللا

## تارلىق

**تارلىق I** سۈپەت ("تار I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). تار سېلىنغان، تارى بار[带弦的]. تارلىق چالغۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسۋابلىرى.

**تارلىق II** ئىسىم ("تار II "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). [窄,狭窄的名词形式]. ئىچى تارلىق. * ئۆي تارلىق قىلماق. * نېرى يات، بېرى يات دېگەن گورۇن تارلىقى، نېرى تۆر، بېرى تۆر دېگەن كۆڭۈل تارلىقى (ماقال).

## تازا

**تازا I** سۈپەت. 1. پاكىز، پاك[清洁的,干净的]. تازا سۇ، تازا كىيىم. * پۇت-قولۇڭنى تازا تۇت. * قولۇڭلار تازا بولسۇن دېمە، قەلبىڭىز تازا بولسۇن دە (ماقال).

هايات بەش كۈنلۈك دەپ كەلدى سادا،
بەش كۈنلۈك هاياتنى ئۆتكۈزگىن تازا.

2. ساپ، باشقا بىرنېمە ئارىلاشمىغان [纯的]. تازا ئىپىرت. * تازا سۈت.

3. ساق، ساغلام [健康的]. تەنلىرى تازىمۇ؟ * تازىكەنلا.

**تازا II** رەۋىش. 1. راسا، ئىنتايىن، ناھايىتى [十分,非常,太]. ئۇ تازا كېلىشكەن قىز ئىكەن. * بىز بۈگۈن تازا ئىشلىدۇق. * ئۇنىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى. * دۈشمەنگە تازا قاتتىق زەربە بەردۇق.

2. دەل، توپمۇ توغرا [真是,真的]. تازا چۈش ۋاقتى ئىدى. بىرمۇنچە يولداشلار چۈشلۈك تاماق يەۋاتاتتى.

3. غەلىتە، قاملاشمىغان [怪僻的]. ئەخمەت، سېنىڭ دوستۇڭ تازا بىرنېمە ئىكەن، گەپ ئاڭلىتالمىدىم.

## تاش

**تاش I** ئىسىم. 1. سۇدا ئېرىمەيدىغان قاتتىق جىسىم [石,石头]. چىنتاش، تاشچى، تاشچىلىق. * تاشلىق يەر. * تاش دەۋرى. * تاش پۇتۇك. * تاش قورال. * تاش ئۆستەڭ. * تاش مەتبەئە. * كىچىككىنە تاش، ياردۇ باش (ماقال). * بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىق تاش چاقىدۇ (ماقال). * يېرىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن (ماقال). * تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولماس (ماقال). * تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز (ماقال). * قولۇڭدا تاش، تاش ئۈستىدە يىلان،

ئۆر، قاتۇرما باش. * تاشنى سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان (مەتەل).

**2.** تۈگمەننىڭ ئۈگۈتنى ئېزىپ ئۇن قىلىدىغان سايمىنى [磨盘]. تۈگمەن تېشى مەن بولسام، چېقىلدۇرغى سەن بولدۇڭ (ماقال).

**3.** جىڭ ۋە گىرلارنىڭ قادىقى [称砣]. ئابدالغا كەپسەن بەرسەڭ، تېشىڭ توغرىمۇ دەيدۇ (ماقال).

**4.** سائەتنىڭ يىڭنىسىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان سايمىنى [钻石]. 17 تاشلىق سائەت.

**5.** ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆت، جىگەرلىرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان قېتىشما [石头]. تۇرسۇننىڭ ئۆتىدە تاش بار ئىكەن-

**تاش II** ئىسىم. 1. سىرت [外,外面,外表]. ئانتونىمى: ئىچ. تاشقى، تاشقىرى، تاشقىرىقى. * تاشلىق. * تاش كۆڭلەك. * تاش مايماق. * تاش ئات، تاش كامىر، تاش گۆر. * تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال (ماقال). * ئۆتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي (ماقال). * ئادەمنىڭ تېشىغا قارىما، ئىچىگە قارا (ماقال).

**2.** نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ، قاپلاپ تۇرغان قىسمى؛ تاشقى تەرىپى [面儿,封面]. يوتقان تېشى، كىتاب تېشى. * تاشسىز جۇۋا.

**تاش III** مىقدار سۆز. قەدىمكى ئۆلچەم بىرلىكى [盘,水]. تۆت تاش سۇ. * تۆت تاش تۈگمەن.

**تاش IV** پېئىل. تاشماق، تېشىش. قىرغاقتىن، گىرۋەكتىن ئېشىپ چىقماق [溢,漫]. تاشقىن. * سۇ تاشماق. * بىز تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ئىشلەيمىز. * دەريا تاشسا تۆردەككە نېمە غەم (ماقال). * چۆگۈن تاشسا ئۆز بويىنىغا تاشىدۇ (ماقال).

## تاشلا

**تاشلا I** پېئىل. تاشلىماق، تاشلاش. 1. ئاتماق، چۆرىمەك [扔,投,掷,抛]. تورغا توپ تاشلىماق. * بومبا تاشلىماق. * ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىماق.

**2.** تەرك ئەتمەك، توختاتماق [戒除,停止]. تاماكا تاشلىماق، ھاراقنى تاشلىماق. * ئىش تاشلىماق، دەرس تاشلىماق. * خام خىيالنى تاشلىماق، يۇرتنى تاشلىماق. * قىشلىق چاپاننى تاشلىماق.

3 . قالدۇرۇپ قويماق، قويۇپ كەتمەك [放下,不管].
كېلىشمەيدۇ ئەسلا ئادەم زانىغا.
يىقىلغاننى تاشلاپ، مىنمە ئېتىغا.

**تاشلا II** پېئىل ("تاش II نىڭ 2-"گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). تاشلىماق، تاشلاش. تاشلىق بېكىتمەك، قاپلىماق [挂面儿,包皮]. يوتقاننى تاشلىماق. كىتابنى تاشلىماق. * جوۋا تاشلىماق.

**تاشلا III** ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. 1. ئىسىملىك سۆزلەرنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. بالا تاشلىماق. * سايە تاشلىماق.

2. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، "ئەت، ۋەت"گە ئوخشاش تۈس ياسايدۇ: 1) قىرىپ تاشلىماق، چۆرۈپ تاشلىماق. 2) كۆلۈپ تاشلىماق، يىغلاپ تاشلىماق.

## تاشلىق

**تاشلىق I** ئىسىم ("تاش I "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). 1. تاش كۆپ جاي [石头滩]. تاشلىقتىن تاش توشۇماق. * مەنسىز ياشلىق—سايدىكى تاشلىق (ماقال).

2. سۈپەت ("تاش I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). تاش كۆپ، تاش بار [石头多的地方]. تاشلىق يەر.
* تاشلىقتا ئات پۇتتىن كېتىدۇ.
ئاتۇشنىڭ يولى تاشلىق،
ئاتۇشتا بولار ئاشلىق.

**تاشلىق II** سۈپەت ("تاش II نىڭ 2-"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). 1. تاشلانغان، تېشى بار [挂面儿的,有封面的]. تاشلىق جوۋا. * يالاڭ تاشلىق چاپان. * ئاق تاشلىق كىتاب. * قىزىل تاشلىق كىنىشكا.

2. تاش قىلىشقا تەييارلانغان، تاش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتى-

لىمدىغان[作封面的,作面子的]. تاشلىق رەخت ئالدىم.

3. ئىسىم ("تاش II نىڭ 2-"گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان) تاش قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياكى تاش قىلىنغان نەرسە [面子,面儿,封面]. جۇۋىنىڭ تاشلىقى كونىراپ كېتىپتۇ. * يوتقاننىڭ تاشلىقى جايىدا بولماپتۇ، قىزىل بولۇپ قاپتۇ.

**تاشلىق III** ئىسىم. قۇشلارنىڭ ئاشقازىنى [肫,肌胃]. توخۇنىڭ تاشلىقى. * كەپتەرنىڭ تاشلىقى.

## تاغاق

**تاغاق I** ئىسىم. قولنىڭ، ھايۋاننىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۈرجەك سۆڭەك [甲骨,肩甲骨]. تاغاق سۆڭىكى. * قوينىڭ تاغىقى. * خەنزۇچە خەتنىڭ چىغناق-تاغاققا يېزىلغان نۇسخىسى.

**تاغاق II** ئىسىم (ئىملاسى: تارغاق). چاچ ۋە موي تاراشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم [梳子]. ساقال تارغىقى. * ياغاچ تارغاق. * تاز بىلەن تارغاق تالىشىپتۇ (ماقال). * تازنىڭ نېمىسى بار؟ —تۆمۈر تارغىقى (ماقال). * سوپىغا باغاق كەتمەس، تازغا تارغاق (ماقال).

## تاق

**تاق I** سۈپەت. يالغۇز، يەككە [单的]. ئانتونىمى: جۈپ. تاق سان، تاق تورنىك، تاق رېلىس، تاق كۈن. * تاق-جۈپ ئوينىماق. * قاچانغىچە تاق ئۆتەرمەن. * بەخت تاقنى جۈپ قىلىدۇ، قازا جۈپنى تاق قىلىدۇ (ماقال). * دەرد كەلسە تاق، دۆلەت كەلسە جۈپ (ماقال).

**تاق II** پېئىل، تاقىماق. 1. تاقىماق، ئاسماق[戴,佩戴,别,缀]. گالستۇك تاقىماق. * ئىزناك تاقىماق.

**تاق III** رەۋىش. دەل [正好,恰好]. ئەمەت ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن، تاق ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ.

**تاق IV** تەقلىد سۆز. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز [哐啷]. ئىشىك تاق قىلىپ يېپىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تاقا

**تاقا I** ئىسىم. ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىغا قېقىلىدىغان تۇياق شەكىللىك تۆمۈر [马蹄铁,马掌]. تاقىچى، تاقىچىلىق. * تاقىلىماق. * توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا (ماقال). * مىخنى ئايىساڭ تاقىدىن ئايرىلىسەن (ماقال).

**تاقا II** پېئىل. تاقىماق، تاقاش. 1. ياپماق، ئەتمەك [闩,上]. ئىشىكنى تاقىماق. * زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان كارخانىلارنى تاقاش كېرەك.

2. يېقىن تەگكۈزمەك، تىركىمەك [顶,挨,触及]. ئۈستەلنى تامغا تاقاپ قوي. * بىرۋاقىتلاردا سەللا بىر ئىش بولسا، ئىدىيەڭگە تاقا، دەپ تولىمۇ ئاۋارە قىلىدىغانىدى.

3. يېقىنلاپ كەلمەك [将到]. بۇ يىل مەن 60 ياشقا تاقاپ قالدىم.

4. ئاسماق، سالماق: "تاق II"گە ئوخشاش. ئۈزۈك تاقىماق. * ھالقا تاقىماق.

5. قادىماق [钉]. تۈگمە قادىماق.

**تاقا III** مىقدار سۆز. ئەتلەس، بەقەسەملەرنىڭ ھەربىر توپى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ [匹]. تۆت تاقا ئەتلەس ئالدىم. * بەش تاقا بەقەسەم ئالدىم.

## تاقاق

**تاقاق I** ئىسىم ("تاقا"غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). جىنايەتچى دەپ قارالغان كىشىنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويىدىغان جازا سايمىنى [枷]. ساقچى بويىنىغا تاقاق سېلىنغان بىر كىشىنى ئەپكەتتى.

**تاقاق II** ئىسىم. ياسىلىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. 1. ئىشىك-دەرۋازىلارغا ئىچىدىن سېلىپ ئېتىپ قويىدىغان توغرا بالداق [门闩]. ئىشىككە تاقاق سېلىپ قويماق.

2. تۇما، چۇشۇرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قاپقا [闸门]. تومىنىڭ

قاپقىنى كۆتۈرۈپ قويماق.

**تاقاق III** سۈپەت ("تاقا"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). تاقاق سېلىنغان، ئېتىك، تاقاقلىق [关住的,关着的]. دەرۋازاڭ تاقاق ئىكەن، كىرەلمەي قايتىپ كەتتىم.

## تاقتا-تۇقتا

**تاقتا-تۇقتا I** ئىسىم. بالىلار ئويۇنى[小孩子的一种游戏]. بۇ ئويۇندا بالىلار پۇتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىر-بىرىگە تەرەپ ئولتۇرىدۇ. «تاقتا-تۇقتا قوشىقى»نى ھەربىر پۇتقا سۆزمۇسۆز تاقاپ ئېيتىدۇ. "چىق"قا توغرا كەلگەنلەر ئازاد بولۇپ، پۇتىنى تارتىۋالىدۇ، ئاخىردا چىقماي قالغان پۇتنىڭ ئىگىسى «جازا»غا تارتىلىپ، ناخشا ئېيتىپ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. «تاقتا-تۇقتا قوشىقى» مۇنۇ: تاقتا-تۇقتا، زەنجىر-ھالقا، سەن تۇرۇپ، سەن چىق.

**تاقتا-تۇقتا II** سۈپەت. سۆزى تۇتۇرۇقسىز، گېپىنىڭ تايىنى يوق [颠三倒四,乱七八糟]. ئۇ—تاقتا- تۇقتا گەپ قىلىدىغان كىشى. * قوي، ئۇنداق تاقتا-تۇقتا سۆزلىرىڭنى!

## تاقلا

**تاقلا I** پېئىل. تاقلىماق، تاقلاش. قويۇق ئۆسكەن زىرائەتلەرنى تېگىشلىك دەرىجىدە شالاڭلاتماق، چاقلىماق [间苗]. كېۋەز تاقلىماق، قوناق تاقلىماق. * كېۋەز تاقلاۋاتقان قىزلار ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

**تاقلا II** پېئىل. تاقلىماق، تاقلاش. سەكرىمەك [跳,蹭]. ئۆستەڭدىن تاقلاپ ئۆتمەك. * تاقلاپ-تاقلاپ ئورنىغا چۈشۈپتۇ( ماقال).

## تاڭ

**تاڭ I** ئىسىم. سەھەر، سۈبھى، بامدات [黎明,拂晓,署光]. تاڭ ئاتماق، تاڭ سۈزۈلمەك، تاڭ يورۇماق. * تاڭ ئاشۇرماق. * تاڭ نۇرى، تاڭ يۇلتۇزى، تاڭ قاراڭغۇسى. * توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ (ماقال). * تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق، ياغ چىقمايدىغان قىچا (ماقال). * ھەر كۈننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئىشى بار، ھەر تاڭنىڭ ئۆز غېمى (ماقال).

**تاڭ II** پېئىل. تاڭماق، تېڭىش. يۆگەپ، ئوراپ چىگ-مەك، باغلىماق [包扎,捆]. يۈك-تاقلارنى تېڭىپ تەييار قىلىپ قويدۇق.
* ۋاقتىدا تاڭمىغان يارا يىرىڭدايدۇ.

**تاڭ III** ئىملىق. "تاڭەي"، دەپمۇ كېلىدۇ، كۆپىنچە دىئا-لوگلاردا ئۇچرايدۇ. "بىلمەيمەن، ئۇقمايمەن" دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ [不知道,不晓得].
— ئاتاڭ نەگە كەتتى؟
— تاڭ.
— ئىشقا بارمىدىمۇ؟
— تاڭەي.

**تاڭ IV** رەۋىش ("قالماق، كۆرمەك، سۆزلىمەك"لەر بىلەن پېئىللىشىدۇ). ھەيران بولماق، ئەجەبلەنمەك [发呆,发楞,瞠目结舌]. كۆرۈنگەنگە تاڭ قالساڭ، كۆپچىلىك ساڭا تاڭ قالىدۇ (ماقال). * تاڭ كۆرگەنگە تاڭ يوق.

**تاڭ V** تەقلىد سۆز ("تاڭ-تاڭ" بولۇپ، تەكرارلىنىپمۇ، "تاڭ-تۇڭ" دەپ ئومۇملاشتۇرۇپمۇ كېلىدۇ. "قىلىپ" بىلەن پې-ئىللىشىدۇ). قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشى، ئۇرۇلۇشى ۋە مىلتىقنىڭ ئېتىلىشىدىن چىققان ئاۋاز [叭,铛(枪声或撞击声)]. "تاڭ" قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. * ئىشىككە "تاڭ" قىلىپ بىرنەرسە تەگكەندەك قىلدى.

# تال

**تال I** ئىسىم. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرى. جىگەر رەڭلىك، يۇمشاق كېلىدۇ [脾脏].

**تال II** ئىسىم. 1. سۆگەت [柳树]. تالگۈل. * مەجنۇنتال، چوكانتال. * تال چىۋىق. * تامچا سۇدا تال كۆكۈرەر (ماقال). * ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىز يارىشىقى خال(ماقال). * تۆگە تالغا ئامراق، سودىگەر پۇلغا (ماقال).

2. تەك [葡萄藤,葡萄枝蔓]. تال كۆممەك، تال ئاچماق. * تېلىمنى سورىماي ئۈزۈمىنى يە (ماقال). شۇ كۈنلەردە شالىدا، مالىدا، تالىدا بەرىكەت بار. * ئۆلۈشكە چىدىسالڭ مال ئەت، كۆمۈشكە چىدىسالڭ تال ئەت (ماقال).

**تال III** پېئىل. تالماق، تېلىش. چارچىماق، ھالسىزلان-ماق، ھارماق [困,困倦,疲劳,疲倦]. قول تالماق، كۆز تالماق. * تىلەك بولسا بىلەك تالماس (ماقال). * ئايىغىڭ تالسا تالسۇن، قورسىقىڭ تويسۇن (ماقال).

**تال IV** مىقدار سۆز. دانە، نەپەر [量词:根,条,支,颗]. بىر تال سەرەڭگە. * ئىككى تال ئوق. * ئۈچ تال تاماكا. * بىر تال باش— بىر قوشۇق ئاش (ماقال). * بىر تال ماياق بىر قازاننىڭ ئېشىنى پاسكىنا قىلار (ماقال). * توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىم پۇلغان. * بۇ ئىشتىن مېنىڭ بىر تالمۇ خەۋىرىم يوق.

## تالا

**تالا I** ئىسىم. ئۆي ئىچى ۋە ھويلىغا نىسبەتەن سىرت، تاشقىرى، تالا-تۈز [户外,外面,野外]. تالاغا چىقماق. * تالادىن كىرمەك. * تالاغا قارىماق. * تالانىڭ ئادىمى. * تالانىڭ گېپى. * خوتۇن ئالمىسام تالادا قالدىم، خوتۇن ئېلىۋىدىم بالاغا قالدىم (ماقال). * تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

**تالا II** ئىسىم. يىپسىمان ماددا [纤维]. تەبىئىي تالا. * سۈنئىي تالا. * بىرىكمە تالا.

**تالا III** ئىسىم. پارچە، بۆلەك [瓣,块]. پالاسىنىڭ تالاسى. * تۇماقنىڭ تالاسى. * دۇتارنىڭ تالاسى. * تالاسىدىن سۆكۈلمەك.

**تالا IV** پېئىل. تالىماق، تالاش. 1. ئىت ۋە باشقا يىرتقۇچلار چىشلىمەك، بېسىپ تارتىشماق [咬]. مېنى كىچىك ۋاقتىمدا بىر ئىت تالىغانىدى، شۇندىن تارتىپ ئىتتىن قورقىمەن. * بىرى سىزنى تۆرەم دەپ قارار، بىرى ئىتتەك تالار (ماقال).

2. بۇلىماق، تارتىۋالماق، تالان- تاراج قىلماق [掠夺,抢劫,抢夺]. ئاستىدىكىنى تالايدۇ، ئۈستىدىكىنى سىيلايدۇ (ماقال).

## تالالىق

**تالالىق I** سۈپەت ("تالا I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

”لىق“ قوشۇلغان). 1. تالا-تۈزدە ئىشلىتىشكە لازىملىق [外出时用的]. تالالىق كىيىم. * مېنىڭ تالالىق بەتىنكەم يوق. * تالادىمۇ ئۆيئىچىلىك بەتىنكەمنى كىيىپ يۈرىمەن.

2. ئىسىم. تالا-تۈزگە يارىشىملىق [善于外交际的, 适合外面]. ئۇ خوتۇننىڭ تالالىقى بار، ئۆي ئىچىلىكى يوق.

3. تالالىق (”قىلماق، بولماق“ بىلەن پېئىللىشىدۇ). ياتلىق، ئەرلىك، ئۆيلۈك قىلماق، بولماق [出嫁]. پاتىگۈل تالالىق بولغىنىغا ئىككى يىل بولدى. * توختىكام قىزىنى تالالىق قىلماقچى.

**تالالىق II** سۈپەت (”تالا II“گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لىق“ قوشۇلغان). تالاسى بار، تالادىن تۈزۈلگەن [纤维的]. تالالىق ئۆسۈملۈكلەر. * تالالىق رەخت. * بىرىكمە تالالىق رەختلەر. * ئۇزۇن تالالىق پاختا.

**تالالىق III** سۈپەت. تالاسى بولغان، تالالاردىن قۇراشتۇرۇلغان [有瓣的, 带瓣的]. تالالىق بۆك. * سەككىز تالالىق شەپكە.

## تاللىق

**تاللىق I** ئىسىم (”تال II نىڭ 1-“گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لىق“ قوشۇلغان). تال كۆپ ئۆسكەن يەر، سۆگەتلىك [柳林, 柳丛]. بىز كىچىكىمىزدە سەھرادىكى تاللىقتا ئوينايتتۇق.

**تاللىق II** ئىسىم (”تال II نىڭ 2-“گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لىق“ قوشۇلغان). تەكلىك، ئۈزۈملۈك [葡萄园]. تاللىق باغقا كىرىپ قالماق.

## تام

**تام I** ئىسىم. ئۆي-ئىمارەتنىڭ تۇرۇسىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان، لاي، خىش، كېسەك، ياغاچلاردىن تىك كۆتۈرۈپ سېلىنغان قۇرۇلما، دىۋار [墙, 墙壁]. تامچى. * ئەنجان تام، سوقما تام، قىسما تام، خىش تام، كېسەك تام. * تام سوقماق، تام سالماق. * تام-تۇرۇس. * تام گېزىت، تام مەش، تام سائەت، تام ئەينەك، تام قوشنا. * تام

تېشەر. * تامغا مىنمەك، تامغا ئۆسمەك. * تامدەك تۇرماق، تامدەك ناتارماق. * ئۆت تام بىر كۆلۈك. * تامدىن تارىشا چۈشكەندەك. * يالغۇز خىش تام بولماس(ماقال).
* تامنىڭمۇ قۇلىقى بار (ماقال). * تام ياقىلىسالىڭ، تام باسار (ماقال). * هويلامنىڭ تېمى يوق، دەرۋازىسى قۇلۇپلاپلىق.

**تام II** ئىسىم. جاڭزا، داچا [庄子,别墅]. تامغا بېرىپ يازلاپ كەلمەك.

**تام III** پېئىل. تامماق، تېمىش. تامچىلاپ چۈشمەك ۋە ئاقماق [滴,滴落,漏]. چېلەك تېمىپ قاپتۇ. * ئۇنىڭ كۆز يېشى ئېتىكىگە تېمىپ چۈشتى. * ئاغزىدىن هەسەل تامدىغان. * تىلىدىن هەسەل تامدۇ، زەهەرمۇ تامدۇ.
* تاما-تاما كۆل بولار (ماقال).

**تام IV** سۈپەت. (قۇمۇل شېۋىسىدە) ئاز، كەم.

## تاماق

**تاماق I** ئىسىم. تاڭلاي، بوغۇز [咽,咽喉,喉咙]. تامىقىنى قاقماق، تامىقىنى چەكمەك. * تامىقىنى قىرماق. * تامىقى ئىشىپ قالماق. * تاماق بىرىپ، تامىقىدىن ئىلىپتۇ (ماقال).

**تاماق II** ئىسىم. ئاش، غىزا، تائام [饭,食物]. تاماق ئەتمەك، تاماقلانماق، تاماق يېمەك. * تاماقخانا. * تاماقتىن قالماق، تاماققا كىرىشمەك -
* تاماقتىن قىسماق. * كېچىدىكى تاماققا بارغۇچە، ئەتىگەندىكى سوقۇشقا بار
(ماقال).

تاماقتىن بەدەنگە كېلىدۇ لەززەت،
ئەمما ئارتۇقى كەلتۈرەر زەخمەت.

**تاماق III** ئىسىم. مىلتىقنىڭ ئوق سېلىنىدىغان يېرى [膛,枪膛]. ئوق تاماققا سېلىندى.

**تاماق IV** ئىسىم (تا: ماق). تىرنا، بارانا [耙子]. تاماقلىماق
* تاماق سالماق. * تاماق سال، مول هوسۇل ئال (ماقال).

## تان

**تان I** پېئىل. تانماق، تېنىش. جانلىقلار تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلى هالىدىن ناچارلىشىپ، باشقىچە تۈس ئېلىمى

قالماق [退化]. پەت ئەسلىدە قاناتلىق ئىدى، تېنىپ قاناتسىز بولغان. * بىزدە قوغۇن، قاپاق ۋە مېۋە-چېۋىلەردە تېنىش بار. جۇغمۇ، تەممۇ بۇززۇلغانلار بار.

**تان II** پېئىل. تانماق، تېنىش. قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرى، قىلمىش-گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالماق [否认,食言,翻案]. ئۇ تېخى تۈنۈگۈن قىلغان سۆزىدىن تېنىۋالدى.
* ئەخمەت ئىقرارىدىن تېنىۋالدى.

## تاۋ

**تاۋ I** ئىسىم. ئىسسىقلىق، تەپت [热量,热力,火力]. بۈگۈن كۈننىڭ خېلى تاۋى بارغۇ. * تونۇرنىڭ تېۋى يېنىپ قالمىسۇن. * تۆمۈرنى تاۋلىغاندا، ئۇنىڭ تېۋىغا قاراش كېرەك.

**تاۋ II** ئىسىم. مىجەز، تەبىئەت [心情,精神]. ۋاي، تاۋى نازۇك خېنىم، نېمە بولدى؟ ماي تارتىپ قاپلىغۇ. * بۈگۈن مېنىڭ تاۋىم يوق.

## تاۋار

**تاۋار I** ئىسىم. فابرىكىدا يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل رەخت، تاۋار-تورقا، دۇردۇن [缎子]. تاۋار كۆڭلەك. * تاۋار چاپان.
* تاۋار يوتقان. * تويغا بارساڭ تويۇپ بار، تاۋار-تورقا كىيىپ بار (ماقال).

**تاۋار II** ئىسىم ("تاۋار I" <). سېتىش، ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات [商品]. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئىگىلىكى، تاۋار كاپىتالى. * تاۋار ماركىسى. * تاۋار مۇئامىلىسى. * تاۋار ئاشلىق.
* تاۋار قىممەت ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە.

## تاۋاق

**تاۋاق I** ئىسىم. 1. ئاياق، لېگەن [大盘子,陶土碗]. چىنە تاۋاق، تۈنىكە تاۋاق. * ھېجىر تاۋاق، ياغاچ تاۋاق. * بىز بىر تاۋاقتا ئاش يېگەن.
* ئېشىغا قاراپ تاۋىقى، ئىشىغا قاراپ سىمكىرى (ماقال). * تاۋاق توشۇغان تاماق سورىماس.

2. تويدا، ھازىدا بىراۋغا ئېلىپ بارىدىغان ئاش. تاۋاق ئەپبارماق.
* بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، يانمىساڭ يېرىم يولدا سۇن تاۋىقىم (ماقال).

**تاۋاق II** ئىسىم. مەتبەئەچىلىك ئاتالغۇسى. قەغەز تاختىسى[张]. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» م م 850×1168، 32 فورمات، 7.5 باسما تاۋاق.

## تاي

**تاي I** ئىسىم. قۇلۇندىن چوڭ، بىر ياشلىق ئات، تايچاق[马驹]. تاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولۇپتۇ (ماقال). * ئات ئايىقىنى تاي باسار (ماقال). * تاي تېپىرلايدۇ، هارۋىنى ئات تارتىدۇ (ماقال). * يېتىم تايدىن بورىغا چىقار، يېتىم بالىدىن دورغا چىقار (ماقال).

**تاي II** ئىسىم. چىگداپ، پرېسلاپ تېڭىلگان مال بولۇپ، مىقدارنى بىلدۈرىدۇ [包,捆]. بىر تاي قەغەز. * ئون تاي پاختا.

**تاي III** پېئىل. تايماق، تېيىش. 1. سىيرىلماق، تېيىلماق [滑,溜]. يەر مۇز ئىكەن، پۇتۇم تېيىپ كەتتى. * ئات ئورۇق، يول تايغاق، يۈك ئېغىر، مەنزىل يىراق (ماقال).

2. يۆتكىلىپ كەتمەك [移动,滑动]. ئالدىرىغاننىڭ ئۇشۇقى تېيىپتۇ (ماقال). * كۆزدىن كۆز تايسا، كۆڭۈلدىن سۆز تايىدۇ (ماقال).

## تەبىئەت

**تەبىئەت I** ئىسىم. بارلىق مەۋجۇدات، ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى[自然,自然界]. تەبىئەت دۇنياسى. * تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش. * تەبىئەت دىئالېكتىكىسى. * تەبىئەت قارىشى. * تەبىئەتنى يېڭىلىغان ئەقىل—ئىجادىي ئەقىل. * قىبرىلىقتىن چۈچۈمە، تەبىئەت قانۇنى شۇ دە.

**تەبىئەت II** ئىسىم. 1. مىجەز، خۇلۇق، كەيپىيات، تۇرق[本性,天性,性格]. ئادەمنىڭ تەبىئىتى. * ياخشى تەبىئەتلىك. * تەبىئىتى نازۇك. * تەبىئىتىم كۆتۈرمەيدۇ.

ھەركىمدە بولسا گەر ياخشى تەبىئەت،
ئادىمىيلىك يۈكسەك ئۇندا ناھايەت.

* * *

ئاچچىق قوغۇن ئېلىپ يېسەڭ خۇش تەبىئەت كىشىدىن،
تاتلىقراقتۇر بەتپېئىلنىڭ شېكىرى، كىشمىشىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2 . تىبابەتتە كېسەل ۋە دورىنىڭ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇق‍لۇق، ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇق تەسىرى [(医)性,热性,凉性]. لاچىننىڭ تەبىئىتى ئىسسىق.

## تەپ

**تەپ I** ئىسىم. قىزىتما، بەزگەك قاتارلىق كېسەللىك [伤寒,寒热病]. ئۇ تەپ بولۇپ قاپتۇ.

**تەپ II** ( تەپ تارتماق) پېئىل. قورقۇنچ، قىيىنچىلىق ھېس قىلماق [畏惧,胆怯]. ئۇ دادىسىدىن تەپ تارتىدۇ. * ماشىم ھېچ تەپ تارتماستىن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىدى.

كىمكى دۇچ كەلگەندە خەۋپ-خەتەر،
تەپ تارتمىسا شۇ جاھاندا مۆتىۋەر.

**تەپ III** پېئىل. تەپمەك، تېپىش. 1. پۇت بىلەن زەربە بەرمەك [踢]. تەپسە تەۋرىمەس. * ئېشىنى يەپ، ئاۋىقىنى تېپىپتۇ (ماقال). * ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ (ماقال). * ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە، ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە (ماقال).

2 . پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرمەك [打]. تەپكۈچ تەپمەك. * توپ تەپمەك. * تەپكىنى تەپمەك.

3 . پۇت بىلەن دەسسەپ، داننى شاكىلىدىن، پوستىدىن ئايرىماق [打场]. خامان تەپمەك.

## تەپكە

**تەپكە I** ئىسىم ("تەپ"كە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "كە" قوشۇلغان). تېپىك [踢]. تەپكە تەپمەك.

**تەپكە II** ئىسىم. 1 . قورال-ياراغلارنىڭ ئوق ئۈزگەندە باسىدىغان يېرى [板机]. تەپكىنى باسقان ھامان ئوق چىقىپ كەتتى.

2 . ماشىنىنىڭ پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يېرى [板手].

3 . قاپقان، تۇزاقلارنىڭ ئىككى يانغا كېرىلىدىغان ئىككى قانىتى، تىر [捕兽夹子]. قاپقاننىڭ تەپكىسى بوشاپ كېتىپتۇ، چىڭىتىپ قويايلى.

## تەر

**تەر I** ئىسىم. تېرە ئاستىدىكى تەر بەزلىرى ئىشلەپ چىقىرىدىغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق [汗]. تەر بەزلىرى. * تەر چىقىلماق. * سوغۇق تەر باسماق. * تەرنى ئېرتماق. * تەرنى قۇرۇتماق. * يەرگە تەرنىڭ تۆكمىي يوق، خوتۇنغا ئەرنىڭ (ماقال). * تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق، بەر سېنى قويماس قۇرۇق (ماقال). * تەر قىلغان ئىشىڭنى ھالاللايدۇ (ماقال).

**تەر II** ئىسىم. تەلەت، چىراي، يۈز [脸,脸色,相貌]. تەرى يامان. * تەرى تۈتۈلماق. * تەرنى تۈرمەك. * تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان (ماقال). * ئۆينىڭ تۆرىگە قارىما، ساھىبخانىنىڭ تەرىگە قارا (ماقال).

**تەر III** پېئىل. تەرمەك، تېرىش. تېرىماق، ئەكمەك [种,耕种,播种]. بۇغداي تېرىماق. * تېرىغان خامان قىلار، تېرىمىغان ئارمان (ماقال). * تەرگىنىڭنى ئورۇسەن، كۆرمىگەننى كۆرۈسەن (ماقال).

ئېيتقىنىڭنى قايتۇرار نېمە دېسەڭ تاغقا،
ئورۇسەن ھەر نېمە تەرسەڭ تۇپراققا.

**تەر IV** پېئىل. تەرمەك، تېرىش. بىر-بىرلەپ يىغىۋالماق [拣,拾]. ئوتۇن تەرمەك. * باشاق تەرمەك. * پاختا تەرمەك. * بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ (ماقال). چۆچەك ئېيتقان تېرەر، ئاڭلىغان يىغار (ماقال).

## تەسكەن

**تەسكەن I** ئىسىم. بىر خىل چاتقال، يانتاق [刺荆].

**تەسكەن II** ئىسىم. يىڭناسقۇ [脸腺炎,针眼].

**تەسكەن III** ئىسىم. تىلغا چىقىدىغان بىر خىل بۆرتمە [舌尖瘤]. تىلىڭغا تەسكەن چىقسۇن!

## تەگ

**تەگ I** ئىسىم. 1. تۈۋى، يۈزىنىڭ ئاستى [底]. دەريانىڭ تېگى. * قازاننىڭ تېگى. * چىنىنىڭ تېگى.

2. ئاستى، ئاستىنقى قىسمى [下面]. ساندۇق كارىۋاتنىڭ تېگىگە قويۇلغان. * سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ (ماقال). * تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. ئاساس، ئۇل [根基,根脚]. ئامىنلىڭ تېگى. * ئىشنىڭ تېگى خېلى بوش ئىكەن. * مېھنەتنىڭ تېگى راھەت (ماقال). * نادانلىقنىڭ تېگى گادايلىق (ماقال).

4. نەرسىنىڭ ئەسلى يۈزى [下面,底]. تېگى قىزىل ۋۇسكىغا قارا خەت يېزىلغان. * تېگى كۆك، گۈلى قىزىل رەخت.

5. يوشۇرۇن مەنىسى [意思,含意]. گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار. * گېپىڭىزنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم.

6. ماھىيىتى، نېگىزى [实质,本质,真相]. ئىشنىڭ تېگى نېمە؟ مەسىلىنىڭ تېگى نېمە؟ بۇلارنى ئېچىش لازىم.

7. بىر كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى، زاتى [出身]. تېگى پەس. * تېگى تازا. * ئادەمنىڭ تېگىنى بىلمەك تەس.

8. بىر كىشىنىڭ تەكتى، ئەسلى يۇرتى [原籍,祖籍]. تېگىم قەشقەرلىق ئىكەن. ئۆزۈم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. * تېگى دۈشمەن دوست بولماس.

9. قالدۇق، يۇقۇندا [剩余的,残余的]. قازاندا ئاشنىڭ تېگى قالدى. * قاپاقنىڭ تېگىنى يالا.

تەگ II پېئىل. تەگمەك، تېگىش. 1. تاقالماق، تاقاشماق [接触,触及,碰上,触动]. قولۇم تاشقا تەگدى. * جوزىنىڭ پۇتى يەرگە تەگدى. * ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، غادايغانغا غاداي بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە (ماقال). * قولى قولىغا تەگمەي، پۇتى پۇتىغا تەگمەي.

2. تۇرمۇشقا چىقماق، ياتلىق بولماق [嫁人,出嫁]. ئۇ كىمگە تېگىپتۇ؟ * ئەگلەككە بىرىپ ئەرگە تېگىپتۇ (ماقال). * كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ كۆڭلى تەس، كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كۆڭلى پەس (ماقال).

3. تەقسىماتتا بىرەر نەرسىگە ئېرىشمەك [分到,得到]. 43 يىل ئىشلەپتىمەن ئاران چۈجاڭلىق تېگىپتۇ. * بۇ يىلقى تەقسىماتتا 60 كوي تەگدى. * 30نى 5كە بۆلسەك 6 دىن تېگىدۇ.

4. دۇچار بولماق، ئۇچرىماق [受,遭受,碰到]. پايدىسى تەگمەك، زىيىنى تەگمەك، كېسەل تەگمەك. * ھاراق تەگدى. * بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا تېگىدۇ (ماقال). ئىتنىڭ كاساپىتى يۇگۇرگەن ئىتقا تېگىدۇ، ھورۇننىڭ كاساپىتى ئىشچانغا تېگىدۇ (ماقال).

5. تەسىر قىلماق [招惹,触犯,刺激]. چىشىغا تەگمەك. ● كۆڭلىگە تەگمەك. ● جېنىغا تەگمەك.

6. ئۇچراشماق، تېتىماق [接触,尝到]. ئېغىز تەگمەك. ● ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بۇلغانماس (ماقال). ● ئىشلىگەننىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر، ئىشلىمىگەننىڭ تاشقا تېگەر (ماقال).

7. نىشانغا بېرىپ يەتمەك [击中,打中]. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى زايە كەتمەي تېگىدۇ. ● ئاتقان ئوقۇم دۈشمەننىڭ كاللىسىغا تېگىپتۇ.

8. چېقىلماق، زەخمە يەتكۈزمەك [伤害,奸污]. خوتۇن-قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگمەك. ● كىشىنىڭ غۇرۇرىغا، شەخسىيىتىگە تەگمەك.

9. بېسىپ كىرمەك، ھۇجۇم قىلماق [侵犯,侵占]. ئۆيگە ئوغرى تەگمەك. ● مالغا بۆرە تەگمەك. ● شەھەرگە تەگمەك.

10. تاپشۇرۇۋالماق، يەتكۈزۈلمەك [收,收到]. بۇ خەت ئەمەتكە تەگسۇن. ● بۇ خالتا خالىدە گۈلگە تېگىدۇ.

**تەگ III** ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. بەزى ئىسىملىك سۆزلەرنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. چولا تەگمەك. ● ئىس تەگمەك. ● سوغۇق تەگمەك. ● زۇكام تەگمەك. ● قول تەگمەك.

## تەڭ

**تەڭ I** سۈپەت. 1. باراۋەر [平等]. تەڭ، باراۋەر. ● ئەر-ئاياللار ھوقۇقتا تەڭ. ● تەڭ ھوقۇقلۇق. ● تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە.

2. ئوخشاش، بابباراۋەر [相等,同等,一样的]. تەڭ دېمەت. ● تەڭتۇش. ● تەڭداش. ● ئىككىمىزنىڭ بويى تەڭ، كۈچىمىزمۇ تەڭ. ● ھەممىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3. بىللە، بىرۋاقىتتا، بىر خىل [同时,同样]. تەڭ يېگەن تەڭگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە (ماقال). ● كۈن بىلەن تەڭ تۇرغاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن (ماقال). ● تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك (ماقال). ● تاش بىلەن ياڭاق تەڭ بولالماس (ماقال). ● ئاداش-ئاداش بولايلى، بىرنېمە تاپساق تەڭ يەيلى (بالىلار ناخشىسى).

4. تاكاللاشماق، ئېيتىشماق [顶嘴,抗衡]. ھاي، ئاكاڭ بىلەن تەڭ تۇرما. ● يامان بىلەن تەڭ بولغۇچە. ● تەڭ كېلەلمىگەن نېمەڭگە، ئېيتىشىپ نېمە قىلىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. تەڭ-قىسلىققا سالماق [为难,困境].

ھالىڭ تەڭ بولىدۇ، بىپەرۋا تۇرساڭ،
بىراۋ ھالىنى سەن تەڭ قىلغان بولساڭ.
ھوما ھالىنى تەڭ قىلىش قەستىدە
قارغا ئۇستىخاننى كۆمەر خاك ئارا.

6. خىلى، تەڭدىشى، مۇخالىپى [对手]. تەڭ تېڭى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن. * ئۇ سېنىڭ تېڭىڭ ئەمەس.

**تەڭ II** ئىسىم. يېرىم، ھەر نەرسىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى [一半儿]. تەڭ-نىسپى. * يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى، ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى (ماقال). * يامىساڭ، يېڭى بولمىسمۇ، يېڭىنىڭ تېڭى بولار (ماقال).

## تەڭگە

**تەڭگە I** ئىسىم. كۈمۈش پۇل؛ چاقا[银币,银圆]. تەڭگىنىڭ كۆچى تېيىندا. * ئالتە تەڭگەم بار، ئات ئالىمەن، يەتتە تەڭگەم بار، نار ئالىمەن.

**تەڭگە II** ئىسىم. بەزى دەرەخلەرنىڭ پۆپۈكى [款冬花]. سۆگەتلەر تەڭگە بولدى، چوكانلار بەڭگە بولدى.

## تەن

**تەن I** ئىسىم. 1. بەدەن، گەۋدە [身体,躯体]. تەنتەربىيە. * تەن جازاسى. * تېنى تىكەنلەشمەك، تېنى جۇغۇلدىماق، تېنى شۈركۈنمەك. * تەن ساقلىق—زور بايلىق (ماقال). * بىر تەن، بىر جان. * جان راھەتى تەن بىلەن، تەن راھەتى پەم بىلەن (ماقال). * بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق.

تېنىڭدە بىر ئەزا بولسا بىمار،
ھەممىسىدە قالماس سەۋرە ۋە قارار.

**تەن II** سۈپەت. تەۋە، مەنسۇپ [属于]. ئەمدى بۇ ئۆي ماڭا تەن بولدى.

**تەن III** ئىسىم. ئىقرار 1. تەن ئالماق، ئىقرار قىلماق، ئېتىراپ قىلماق، بويىنىغا ئالماق [承认,认输]. گۇناھىڭنى تەن ئالساڭ، جازا يېنىك بولىدۇ. * ئۇ ئۆتتۈرگىنىنى تەن ئالدى.

2. تەن بەرمەك، قايىل بولماق، بويسۇنماق[甘心,称服].

دۈشمەن يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدۇ.

## توپ

**توپ I** ئىسىم. 1. ئىچىگە يەل بېرىلگەن شار شەكىللىك ئويۇنچۇق، پوكۇزەك [球,球类]. تىكتاك توپ. * پەي توپ. * سىز توپ. * چويۇن توپ. * توپ ئوينىماق. * توپ تەپمەك. * توپ مەيدانى. * توپ سېتكىسى. * يېقىندا تىكتاك توپ مۇسابىقىسى بولدى.

2. توپ ئويۇنلىرىدا ئۇتقان توپنى ھېسابلايدىغان بىرلىك [球]. پەي توپتا بىز تەرەپ ئاۋۋال ئالتە توپ ئۇتتۇۋىدى، كېيىن قارشى تەرەپ يېتىشىۋالدى.

**توپ II** ئىسىم. زەمبىرەك [大炮]. زىنىت توپ. * توپ ئوقى. * توپ ئاتماق. * توپقا تۇتماق.

**توپ III** ئىسىم. بىر يەرگە توپلاشقان كىشىلەر گۇرۇھى، ھايۋانلار، قۇشلار بۆلىكى [人群,畜群]. توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر (ماقال). * توپقا قاراپ تاش ئاتما (ماقال). * توپ توپقا يىقىلار، يالغۇز ئازگالغا (ماقال). * بۇقا توپىدىن ئايرىلسا، مۈڭگۈزىدىن ئايرىلار (ماقال).

**توپ IV** مىقدار سۆز. 1. رەختلەرنىڭ بىر ئۆلچەمدە ئورالغان باغلىمى [匹]. بىر توپ چىت، بەش توپ تاۋار.

2. ئومۇمەن توپلانغان نەرسە [群]. بىر توپ ئۆردەك. * توپ-توپ ئادەملەر.

## توپان

**توپان I** ئىسىم. تىرىپ [糠]. شال توپىنى. * بۇغداي توپىنى.

**توپان II** ئىسىم. رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان زور تاشقىن، پۈتۈن دۇنيانى باسقان سەل [大洪水,漫天大水]. توپان سۈيى. * توپان بالاسى. * ئالەمنى توپان باسسا، ئۆردەككە نېمە غەم (ماقال).

## توپچا

**توپچا I** ئىسىم. تۈگمە [钮口,钮子]. توپچاڭنى ئېتىۋال.

**توپچا II** ئىسىم. ئەمچەك [乳头]. بالا ئانىسىنىڭ ئەمچەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توپچــىسىنى چىشلەپ تارتىپتۇ.

## توپچى

**توپچى I** ئىسىم. زەمبىرەكچى [炮手,炮兵]. توپچى قىسىم.

**توپچى II** ئىسىم. ھەر خىل تۇردىكى توپ ئويۇنلىرىنىڭ ماھىرى [球类运动员]. توپچىلار كوماندىسى.

## توپىلاڭ

**توپىلاڭ I** ئىسىم. 1. جەڭگىجېدەل، پاتپاراق، سۇرەن-شاۋقۇن [喧哗,混乱]. نېمە توپىلاڭ چىقىرىشىـەن، جىم ئولتـۇرۇش. * توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپتۇ.

2. ئىسيان، قوزغىلاڭ [造反,叛乱,骚乱]. توپىلاڭچى. * توپىلاڭ چىقارماق. * توپىلاڭ كۆتۈرمەك. * زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭ ھەق.

**توپىلاڭ II** سۈپەت. تـوپىسـى كۆپ، بـوش توپىلىـق [土大的,虚土的]. توپىلاڭدىن چىققۇچە تازا قىينالدۇق.

## توختام

**توختام I** ئىسىم. كېلىشىم، دوگوۋور [合同,契约]. توختام باھا. * توختام خەت. * توختامنامە. * توختام تۈزمەك. * توختاملىق ئىشچى. توختامغا ئەمەل قىلماق.

**توختام II** سۈپەت. توختاپ يىغىلىپ قالغان [积下的].
توختام سۇ. * ھەممەيلەن كۈچ چىقىرىپ، مەھەللىمىزدىكى توختامسۇنى چىقىرىۋەتتۇق.

## تور

**تور I** ئىسىم. 1. ئۆمۈچۈكنىڭ، ئوزۇق قىلىشقا ھاشاراتلارنى ئۇۋلاش ئۈچۈن تارتىلغان يىپلىرى [蜘蛛网]. تورۇسقا ئۆمۈچۈك تور باغلاپتۇ. * لەمپىدىكى تورلارنى تازىلىۋەت.

2. بېلىق تۇتۇش، قۇش ئۇۋلاش ئۈچۈن كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان سايمان ("تور I — 1" >) [鱼网,鸟网]. تور توقۇماق. * تور سالماق. * ئەر يېڭىلىپ قولغا چۈشەر، قۇش يېڭىلىپ تورغا (ماقال). * گال بولمىسا، قۇش تورغا چۈشمەس ئىدى، گال بولمىسا، ئادەم تور سالماس ئىدى.

* كۆلمۈ بىلىق تورى.

3. سۈپەت. تانا، يىپ ياكى سۈنئىي تالالاردىن كۆزلۈك قىلىپ توقۇلغان توقۇلما [窗纱,络子,网兜]. تور خالتا. * تور پەردە. * تور ياغلىق. * تور پاختا. * تور كۆڭلەك.

تور II ئىسىم. كۈچ، ۋەزىن، بىسىم [劲,分量,斤量]. ئۇنىڭ قولىنىڭ خېلى تورى بار ئىكەن. * ئۆرۈك ئۇتۇنىنىڭ تورى بار. * پالتىنىڭ تورى بولمىسا بىكار.

## توز

توز I ئىسىم. تاۋۇس [孔雀].

توز ماكانى بولغاندا بوستان،

ئەسلا ئېسىگە كەلمەس ھىندىستان.

توز II ئىسىم. تۈگمەندە تارتىلغان ئۇننىڭ ئۇچقۇنلىرى [磨面时散发的面,土面]. توز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر (ماقال).

توز III پېئىل. توزماق، توزۇش. 1. چېچىلماق، يېيىلماق. تارىماق [飞扬,飞散]. چاڭ توزماق. * توپا توزماق. * ئالدىمىزدا بىر ماشىنا توپا توزۇپ تۇرغان يولدىن ئۆتۈپ كەتتى.

2. گۈل-گىياھلار سولاشماق [凋谢]. ئاتام بارغۇچە لەيلىقازاق توزۇپتۇ.

3. پىتراپ تار قىلىپ كەتمەك [走散,飞散]. قۇشقاچلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ توزۇپ كەتتى. * دەرەخ يىقىلسا، مايمۇن توزۇپتۇ (ماقال).

4. ۋەيران بولماق، خانىۋەيران بولماق [家庭离散,家破人亡]. توختى بىچارىنىڭ ئۆيى توزۇپ كەتتى. * بىلىملىك ئوزار، بىلىمسىز توزار (ماقال).

5. تىتىلىپ، ئۇۋۇلۇپ، يىرتىلىپ كەتمەك [破烂,破碎]. ئاتىسى، بالىلارنىڭ كىيىملىرى توزۇپ كەتتى، بىر يېڭى كىيىم ئەپ بەرسىلە.

## توس

توس I پېئىل. توسماق، توسۇش. بوۋاقنى ئەپلەك تۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈپ تاھارەت قىلدۇرماق [把婴儿]. ئانارخان بالاڭنى ۋاقتى-ۋاقتىدا توسۇپ تۇر.

**توس II** پېئىل. توسماق، توسۇش. 1. ئالدىنى توراپ ئۆتكۈزمەسلىك [阻当,阻拦]. توسا، توسۇق، توسقۇن، توسقۇنلۇق. * قاراقچى قاراڭغۇدا توسىدۇ (ماقال). * تارىخنىڭ ئېقىمىنى توسىغىلى بولمايدۇ.

2. ئارىلىقنى ئايرىۋەتمەك [堵截]. بالام، ئۆينى توسۇپ، ئىككى ئېغىز قىلايلى.

3. دالدا قىلماق، كۆرسەتمەسلىك [遮当]. ئاينى ئېتەك بىلەن توسىغىلى بولماس (ماقال).

4. توراپ ئېقىمنى باشقا تەرەپكە بۇرىماق [堵]. سۇنى توسماق. * دەريانى توسىغىلى بولار، ئەلنىڭ ئاغزىنى توسىغىلى بولماس (ماقال).

5. توختاتماق، يۈرگۈزمەسلىك [制止]. يامان ئىللەتلەرنى توسۇش كېرەك. * پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى توسۇش لازىم.

# توغرا

**توغرا I** ئىسىم. نەرسىنىڭ كەڭلىكى، ئېنى ئانتونىمى: ئۇزۇنى. [幅面,横的,宽度]. ئۇزۇنى 66 مېتىر، توغرىسى 11 مېتىر يەر بىر مو بولىدۇ. * ئۇزۇنىدىن سەن پايدا ئالدىڭ، توغرىسىدىن مەن.

**توغرا II** سۈپەت. 1. چىن، ھەق، راست، گەنجىلىك، ھەقىقىي [真实,正确,对]. توغرا يول. * توغرا پىكىر. * توغرا باھا. * توغرا سۆزلىمەك. * توغرا سۆز تاشنى يارار، ئەگرى سۆز باشنى (ماقال). * توغرا ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقمايدۇ (ماقال).

2. تۈز، ئەگرى يېرى يوق [真,不歪]. تۈز يول، تۈز يەر. * ھەركىمكى توغرىدۇر شادلىققا يەتتى، كىمكى ئەگرى بولسا يىتەلمەي كەتتى.

3. بىر يۆنىلىشكە قارىمۇقارشى ئورۇنلاشقان [对面]. توغرا تام. * توغرا قىر.

**توغرا III** رەۋىش. دۇرۇس، دەرۋەقە [正确的,真实的].

توغرا ئويلاپ، توغرا يۈرگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى مۇستەھكەم ئۇنىڭ ئىشى.

**توغرا IV** قىستۇرما سۆز [连词:诚然,果然].
توغرا، سەۋرى ئاچچىق، لېكىن ئاقىۋەت
تاتلىق مېۋە بېرىدۇ ھەم كۆپ مەنپەئەت.

**توغرا V** پېئىل. توغرىماق، توغراش. كېسىپ، چاناپ، ھەرىلەپ ئۇششاق-ئۇششاق قىلماق [切,剁]. گۆش توغرىماق. * چۆپ توغرىماق. * ئوتياش توغرىماق. * گۆلەندەم ئۇگرە توغراشقا ئۇستا، مەن بېدە توغراشقا.

## توغرىلىق

**توغرىلىق I** ئىسىم ("توغرا II نىڭ 1-"سىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). چىنلىق، پاكلىق، راستلىق، ھەقىقىيلىك [正确性,真实性]. پۈتۈنلۈك توغرىلىقىغا قارىما، يولۇچىنىڭ توغرىلىقىغا قارا (ماقال).

جاھاندا ياخشى ئىش يوق توغرىلىقتىن،
توغرىلىق گۆلى خالىي تىكەن تىغىدىن.

**توغرىلىق II** سۈپەت. گەۋدىلىك، ئەنلىك، كۆلدىلەڭلىك [身材高大的,个子大的,魁梧的]. ئەمەت توغرىلىق بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

## توق

**توق I** سۈپەت. قورساق تويغان [饱]. ئانتونىمى: ئاچ. توق قورساق. * قورساق توق، قايغۇ يوق (ماقال). * كۆز- قارنى توق. * ئاچ بالا توق بالا بىلەن ئوينىماس (ماقال). * كۆز توقنىڭ ئۆزى توق (ماقال). * توق كېكىرەر، ئاچ ئوسۇرار (ماقال). * خوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن كارى يوق (ماقال). * ئۇماچ ئىچتىم توق، ئۆرە تۇرسام يوق (ماقال).

**توق II** سۈپەت. 1. تولۇق، پۈتۈن [饱满,完全]. يىلىكى توق. * دېنى توق. * مېغىزى توق. * كۆڭلى توق، غېمى يوق.

2. ئاشۇرما سۈپەت. قېنىق، قويۇق، تۇم [深的,浓的]. ئانتونىمى: ئاچ. توق قىزىل. * توق يېشىل.

## توقا

**توقا I** ئىسىم. شاخ-شۇمبۇدىن ياسالغان ئىلمەك[钩].

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتاپ
www.uyghurkitap.com

توقا II ئىسىم. 1. كەمەر، پويىزا، تۆشباغلارنىڭ ھالقىسى، جىرىمى [铁环]. ھەتىنكىنىڭ توقىسى. * كەمەرنىڭ توقىسى. * تۆشباغنىڭ توقىسى.

2. تارازا، جىڭ قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىنىڭ تايىنىش نۇقتىسىدىن كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن تانا ياكى تاسما [连接秤盘与秤捍的绳子,秤毫,秤纽]. باش توقا. * ئاياغ توقا.

## توقال

توقال I ئىسىم. كىچىك خوتۇن[妾,小老婆,偏房]. توقال—تۆلكە، ئالغان كۆلكە.

توقال II سۈپەت. مۈڭگۈزى يوق[无犄角的]. توقال كالا. * توقال ئۆچكە. * توقال ئۆكۈزنىڭمۇ چىشىغا تەگمىگەن ياخشى.

## توقاي

توقاي I ئىسىم. چاتقاللىق [灌木丛]. توقايدا توختىما.

توقاي II سۈپەت. ئەگرى، دوناي [歪,曲]. ئەگرى-توقاي يوللار. * ئۇنىڭ بېغىشى توقاي.

## توقلا

توقلا I ئىسىم. ئىككى ياشلىق قوزا، بارقا [羊羔]. توقلا سويماق. * توقلا ئايرىماق. * قويچى ئىككى بولسا، ئارىدا توقلا ئۆلەر(ماقال).

توقلا II پېئىل. توقلىماق، توقلاش. قورساقنى تويغۇزماق [吃饱]. قورساقنى توقلا، كەمبەغەلنى يوقلا.

## توقۇ

توقۇ I پېئىل. توقۇماق، توقۇش. تال چىۋىق، سىم ۋە يىپلاردىن رەخت، پوپايكا، بورا، سېۋەت قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلىماق [织]. ئېلى بابكار ماتا توقۇيدۇ، ئايالى پوپايكا توقۇيدۇ. * ساۋۇت سېۋەت توقۇيدۇ.

توقۇ II پېئىل. ئات-ئۇلاغلارغا ئىگەر-توقۇم ئارتىپ،

مىنىشقا تەييارلىماق [备,备鞍子]. ئىگەر توقۇماق. * تۆگىگە چوم توقۇماق.
* ئېشەككە ئوچۇلۇق توقۇماق.

## توك

**توك I** ئىسىم. ئېلېكتر زەرىتىنىڭ ئېقىمى [电,电流].
توك بېسىمى. * توك ئېقىمى. * توك دەزمال. * توك ئوچاق. * توك سائەت.

**توك II** تەقلىد سۆز. قاتتىق نەرسىگە تەگ-
كەندە چىققان ئاۋاز[咚,嘣]. تاغ تۆۋىدە ئولتۇرساق، بىر تاش توك قىلىپ يەرگە
چۈشتى.

## توڭ

**توڭ I** ئىسىم. 1. مۇز قاتقان، مۇزلىغان يەر [冻土].
توڭ كۆتۈرۈلمەك. * توڭ يانقۇزماق. * توڭ ئېرىماق. * توق ئىت، توڭدىسۇ ئىغنايدۇ
(ماقال).

2. سۈپەت. پىشمىغان [生的,未熟的]. توڭ ئۆرۈك. * بىر قوغۇننى
تىلساق توڭ چىقتى.

**توڭ II** توڭلىماق، توڭلاش. مۇزلىماق، سوغۇق ئۆتمەك
[冻,发冷]. قىشنىڭ سوغۇقىدا توڭغۇچە، يازنىڭ ئىسسىقىدا كۆي (ماقال). * بىرى
تويۇپ سەكرەيدۇ، بىرى توڭۇپ سەكرەيدۇ (ماقال). * كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول
توڭار (ماقال).

## توم

**توم I** ئىسىم. جىلد [卷,集]. «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»
نىڭ 4-تومى.

**توم II** سۈپەت. ئايلانمىسى چوڭ، قاتلىمى قېلىن
[粗的,厚的]. ئانتونىمى: ئىنچىكە، نېپىز. توم يىپ. * توم ئارغامچ
ا. * توم كىتاب. * توم نان.

## تون

**تون I** ئىسىم. ئالدى ئوچۇق، تۆز ياقىلىق چوڭ چاپان
[长袍]. تون كىيدۈرمەك. * تون ياپماق. * بەقەسەم تون. * كىيىم ئايغان تو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيەر (ماقال). * ئاقىسىز ئەل بولماس، ياقىسىز تون (ماقال).

**تون II** ئىسىم. 1. مۇزىكىشۇناسلىق ئاتالغۇسى. ئاۋۇشنىڭ ئېگىز-پەسلىكى [音调].

2. تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى. بەزى تىللاردا، مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا ئاھاڭنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى [语调,声调]. خەنزۇچە خەتلەردە تۆت تون بار.

## تونۇش

**تونۇش I** ئىسىمداش. بىلىش [认识]. دادامغا، ئانامغا، قالمىش تونۇش-بىلىشلەرگە سالام.

**تونۇش II** پېئىل. تونۇماقنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ئۆزئارا بىر-بىرىنى تونۇماق [互相认识]. تونۇشقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

## توي

**توي I** ئىسىم. 1. كاتتا مەرىكە [喜事,婚礼,割礼]. ئات تويى. * بۆشۈك تويى، خەتنە تويى، سۈننەت تويى. * توي خېتى، توي چېيى، توي قىلماق. * توي-تۆكۈن. * تاز تارانغۇچە، توي تارقاپتۇ (ماقال). * تويدىن كېيىن ناغرا چاپتۇ (ماقال).

2. زور مۇراسىم، بەزمە [庆祝会,典礼]. ئات ئۆلسە، ئىستقلال تويى (ماقال). * ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي (ماقال). * شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويىغا ئاتاپ چوڭ زىياپەت بېرىلدى.

**توي II** پېئىل. تويماق، تويۇش. 1. يەپ، ئىچىپ، ئاچلىق، تەشنالىقنى قاندۇرماق [吃,吃饱]. تويغۇچە يە، تەرلىگۈچە ئىشلە (ماقال). * يەپ تويمىغان يالاپ تويار (ماقال). * ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويماپتۇ (ماقال). * تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار (ماقال). * تويمىساڭ تويۇڭدا تويارسەن (ماقال).

2. بەزمەك، بىزار بولماق، يىرگىنمەك، زېرىكمەك [厌烦,厌恶,腻烦]. جاندىن جاق تويماق. * شۇ كۈنلەردە تويدىن تازا تويدۇم. * مەن ئۇنىڭ گېپىدىن تويۇپ كەتتىم.

## تۇت

**تۇت I** ئىسىم. شاتۇتى، ئۈجمە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى [桑树,桑]. مېۋىسىز دەرەختىن تۇت ياخشى، ھورۇن ئادەمدىن پۇت ياخشى(ماقال).

**تۇت II** پېئىل. تۇتماق، تۇتۇش. 1. قاماماق، قولىغا ئالماق [抓,提,拿,持,握,抡]. تۇتقۇچنى تۇتماق. * توپنى تۇتماق. * خانتەڭلا قىزى چۆمۈچ تۇتسا، قولى قاپىرار (ماقال). * ئوغرىنى ئوغرى تۇتار (ماقال).

2. قوزغالماق [犯,发]. تۇتقاقى تۇتماق. * تەلۋىلىكى تۇتماق. * بەزگىكى تۇتماق. * خۇمار تۇتماق.

3. ئوۋلاپ قولغا چۈشۈرمەك [提拿,捉拿]. بېلىق تۇتماق. * كەپتەر تۇتماق.

كەمبەغەلنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتسا،
باينىڭ مۈشۈكى توشقان تۇتار.

* * *

تەجرىبىلىك ئىت يەيدۇ يولۋاسنى تۇتۇپ،
جەڭ كۆرمىگەن شىر قاچار تۈلكىدىن قورقۇپ.

**تۇت III** ياردەمچى پېئىل. تۇس باغلامچىسى. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:一些名词动词 化]. روزا تۇتماق. * دوست تۇتماق. * سۆز تۇتماق. * ئۆي تۇتماق. * ماتەم تۇتماق.

## تۇتاش

**تۇتاش I** پېئىل. تۇتاشماق، تۇتۇشۇش. يانماق، كۆيمەك، ئوت ئالماق [燃烧,起火]. تونۇرۇق تۇتاشتى. * ئوت تۇتاشتى. * ئۆيگە ئوت تۇتاشتى.

**تۇتاش II** پېئىل. تۇتاشماق، تۇتۇشۇش. بىر-بىرىگە ئۇلاشماق، تېگىشىپ تۇرماق [相连,连接]. يۇرتىمىزنىڭ شىمالىي چېگرىسى قازاقىستانغا، جەنۇب تەرىپى قىرغىزىستان، تاجىكىستانلارغا تۇتاش. * تاشيوللار بىر-بىرىگە تۇتاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇ ئاقار ئىز بېسىپ، ئۆلىنىپ تۇتاش،
دوستلارمىز شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە يولداش.

## تۇر

**تۇر I** ئىسىم. ئەتراپنى كۆزىتىش، كۆزەتكەن ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بىرەر دۆڭلۈككە ئېگىز قىلىپ ياسالغان جاي، تىم [了望塔,烽火台]. قومۇلغا بارىدىغان كونا يول بويىدا تۇرلار كۆپ ئىدى.

**تۇر II** پېئىل. تۇرماق، تۇرۇش. 1. پۇتىغا تايىنىپ ئۆرە ھالەتتە بولماق [站,立]. تىك تۇرماق. * ئۆرە تۇرماق. * كۈرنىدىن تۇرماق. * تىز پۈكۈپ ياشىغۇچە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى (ماقال).

2. بىرەر جاينى ماكان تۇتۇپ ياشىماق [居住,住,待]. خالىقنىڭ ئىنىسى قەشقەردە تۇرىدۇ. * مەن ھازىر ئۈيدە تۇرۇۋاتىمەن. * تۇرمىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى (ماقال).

3. ياتقان يەردىن قوپماق [起来,起]. بالدۇر يات، ئەتىگەن تۇر (ماقال). * سەھەر تۇرغان ئىتتىن قورق (ماقال). * ئەتىگەن تۇرغان ئەلدىن ئۆزار (ماقال).

**تۇر III** ياردەمچى پېئىل. 1. تۇس باغلامچىسى. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. قارشى تۇرماق. * تەك تۇرماق. * تاقابىل تۇرماق.

2. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەكرار يۈز بېرىشىنى ياكى ئالدىن بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,行动的重复,先行].

مەن كېلىپ تۇر، مەنمۇ بېرىپ تۇراي،
مەن مېڭىپ تۇر، مەن ئارقاڭدىن باراي.

3. شۇ رەۋىشداشلار بىلدۈرگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتىنچە بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,行动的暂短性]. كىتابىڭنى بېرىپ تۇر، ئوقۇپ باقاي. * ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ "ماقۇل" دېدى. * تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھازىر كېلىمەن.

4. "غىلى، قىلى، كىلى، گىلى" شەكىلدىكى رەۋىشداشلارغا

قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,行动的起头,开始]. ئابلىز ئانىسىنى كۆرۈپلا يىغلىغىلى تۇردى. * ياسىن مېنى كۆرۈپلا ھال ئېيتقىلى تۇردى. * سائەت تۆتلەردە مېھمانلار كەلگىلى تۇردى. * ئوقۇغۇچىلار دەرس تۈگىشى بىلەنلا ئۆيىگە كەتكىلى تۇردى.

## تۇرا

**تۇرا I** ئىسىم. تۇرالار قەدىمكى بىر قەبىلە [狄,吐].

**تۇرا II** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). قورغان [塞子].

## تۇرۇپ

**تۇرۇپ I** ئىسىم. ئوتياشنىڭ بىر تۈرى. تۇرۇپ چامغۇر [水罗卜,青罗卜].

خىتاي كەشنى "خەي" دەيدۇ،
تۇرۇپ چامغۇرنى "سەي" دەيدۇ،
بېيجىڭدىن خىتاي كەلسە،
كېلىڭ جاڭگويدى "لەي" دەيدۇ.
—قوشاق.

**تۇرۇپ II** ئىسىم. قارتا ئويۇنىدا ئات تۇتۇلغان قارتا تۈرى [主,调主]. تۇرۇپ چۈشمەك.

## تۇز

**تۇز I** ئىسىم. تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن سېلىنىدىغان، مالغا يالىتىدىغان ئاق شور مىنېرال ماددا، ناترى [盐,食盐]. تاش تۇز، گۈرۈچ تۇز. تۇز كانى. * ئاش تۇزى. * تۇزچى، تۇزچىلىق، * تۇزلۇق، تۇزسىز. * تۇز ھەققى —خۇدا ھەققى (ماقال). * تاتلىق بولسۇن دېسەڭ تۇز سال (ماقال). * ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن، ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن (ماقال).

**تۇز II** ئىسىم. قارتا ئويۇنىدىكى ئەڭ چوڭ، ھەممىنى باسىدىغان "A" بەلگىلىك، بىر خال چۈشۈرۈلگەن، ساناقتا بىرگە توغرا كېلىدىغان، شاھ ھېسابلىنىدىغان قارتا [扑克牌中的"A"]. ئويۇننىڭ تۈزى. * تۇز چۈشمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇزلۇق

**تۇزلۇق I** ئىسىم ("تۇز"غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). تۇز قاچىسى [盐罐]. بۇ خېنىمنىڭ تۇزلۇقى، ئاپتاپتا قاپتۇ تۇزلۇقى (ماقال). * تۇزنى يەپ، تۇزلۇقنى چېقىپتۇ (ماقال).

**تۇزلۇق II** سۈپەت ("تۇز"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). تۇزى ئۆتۈپ كەتكەن [盐味太重的]. تۇزلۇق تاماق. * شورلۇق خوتۇننىڭ ئېشى تۇزلۇق. * تۇزلۇق سۇ. * تۇزلۇق كۆل.

# تۇغ

**تۇغ I** ئىسىم. 1. ئەلەم، بايراق [旗,旌旗,旗帜]. تۇغ كۆتۈرمەك.

2. داخانلارنىڭ كېسەلگە ئوقۇغاندا ئۆيگە تارتقان ئارغامچىسى ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلغان ئالىيېشىل لاتىلار [神幡]. تۇغ باغلىماق. * تۇغنى ئايلانماق.

**تۇغ II** ئىسىم. تۇغان، دامبا، توسما [堤坝]. تۇغ سالماق. * تۇغ تۇتماق.

**تۇغ III** پېئىل. تۇغماق، تۇغۇش. بالا كۆرمەك؛ باللىماق؛ كاكىلىماق [生,分娩,下,产]. ئوغۇل تۇغماق. * قىز تۇغماق. * ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا خوتۇنىدىن كۆرمەك (ماقال). * سېتىۋالمىغۇچە، كالا بولماس، تۇغۇۋالمىغۇچە، بالا بولماس (ماقال). * ساغلىقىمىز تۇغدى. * توخۇيىمىز تۇخۇم تۇغدى.

# تۇمشۇق

**تۇمشۇق I** ئىسىم. قۇشلارنىڭ ئاغزىغا تۇتاشقان، دان چوقۇپ يەيدىغان، ئۈزۈنچاق، مۈڭگۈزسىمان ئەزاسى؛ ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ ئېغىز ۋە جاغلىرى ئەتراپى؛ تاغ، كېمە، ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئۇچى، بېشى [嘴,喙,首,头,尖]. ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقى. * تاغنىڭ تۇمشۇقى. * ئاياغنىڭ تۇمشۇقى. * جان تۇمشۇققا كەلگەندە سۆرە ياسىننىڭ نېمە پايدىسى (ماقال). * تۆمۈر تۇمشۇق تۇمشۇقى بىلەن ياشار (ماقال). * نادان تۇلكە

تۇمشۇقىدىن ئىلىنەر (ماقال).

**تۇمشۇق II** ئىسىم. جۇغراپىيە ئاتالغۇسى. قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگەن يېرى [山岬角]. ئۇمىد تۇمشۇقى.

## تۇياق

**تۇياق I** ئىسىم. ھايۋانلارنىڭ ئاياغلىرى ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قاتتىق قىسمى [蹄]. ئاچا تۇياق. * توم تۇياق. * ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن (ماقال). * ياخشى ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاڭ چىقماس (ماقال). * كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرساڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ (ماقال).

**تۇياق II** مىقدار، سان. تۇياقلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ: باش، دانە [头,条]. بەش تۇياق قوي.

## تۇيۇق

**تۇيۇق I** ئىسىم. شېئىرنىڭ بىر تۈرى. مۇختەمىلات، تەجنىس [图尤克].

تۇيۇقتىن بىر كۇپلېت:

ئەل، ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆي، گۈلخان بولۇپ سەن يان بالام،
ياخشىلىقتىن قولنى ئۈزمە، نامەرد يولىدىن يان بالام.
گەر ھەقىقەت بوستىنىدا ئىستىسەڭ كۆلمەكنى سەن،
كۆڭلى قىش ناكەسكە ھەرگىز باسمىغىن ھېچ يان بالام.

—ئابدۇكېرىم مەقسۇت.

**تۇيۇق II** سۈپەت. چىقىدىغان ئېغىزى يوق، پۈتۈك، ئاخىرى يوق [无出路的,行不通的]. تۇيۇق يول. * تۇيۇق يولغا باشلىماق. * تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماق.

## تۆپە

**تۆپە I** ئىسىم. 1. دۆڭ، تۆپىلىك [丘,岗]. تۆپىدىن ئۆتمەك. * تۆپىدىن چۈشمەك.

2. بىرەر نەرسىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە ئۈست تەرىپىدىكى بوشلۇق [顶,巅,上边,上头,上面]. كاڭنىڭ تۆپىسى ئىسسىق ئىكەن. * تاغ

www.uyghurkitap.com

تۆپەسىدە قارىغاي، بۇلبۇل كېلىپ سايرىغاي ... . * بىز ماشىنىنىڭ تۆپەسىدە ئولتۇرۇپ كەلدۇق.

**تۆپە II** ئىسىم. تاشلانمىغان يۇڭلۇق تېرەتۇماق [皮帽]. بالام بېشىڭغا تۆپەڭنى كىيىۋال.

## تۆشۈك

**تۆشۈك I** ئىسىم. كامار، يېرىق [窟,窿,孔,洞,眼]. تۆشۈك تەشمەك. * تۆشۈكنى ئەتمەك. * يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتمەك. * ئۇنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق. * ئارزۇ خالتىنىڭ تۈۋى تۆشۈك (ماقال).

**تۆشۈك II** ئىسىم (تۆ: شۈك). ئۆي ئىشى، تاماق تەييارلاش ئىشى [烹饪]. تۆشۈككە پىشقان قىز. * تۆشۈكنىڭ قېلىپى يوق.

## تۈپ

**تۈپ I** سۈپەت. ئاساسىي، نېگىزلىك، ئەسلى [根本的,基本的]. تۈپ قانۇنىيەت. * تۈپ زىددىيەت. * تۈپ سۆز. * تۈپ سان.

**تۈپ II** مىقدار سۆز. دەل-دەرەخ، ئوتياش-كۆكتاتلارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ [株,棵]. بىز باغقا ئالتە تۈپ ئالما دەرىخى تىكتۇق. * كۆكتاتلىقتىن ئىككى تۈپ يېسىۋىلەك ئەكەلدىم.

## تۈر

**تۈر I** ئىسىم. خىل، نەۋئى [类,种,种类]. تۈرلۈك-تۈرلۈك. * دۇكانغا ھەر خىل-ھەر تۈردىكى ماللار سېلىنىدى. * زاۋۇت مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتتى . * ئىغىز ئاچماسلىق جاۋابنىڭ بىر تۈرى (ماقال). * تەلۋىنىڭ ئىككى مىڭ تۈرى بار (ماقال).

**تۈر II** پېئىل. تۈرمەك، تۈرۈش. 1. ئورىماق، يۆگىمەك [卷,挽,缠]. يەڭنى تۈرمەك. * پۇچقاقنى تۈرمەك. * يىپنى تۈرمەك. * قورسىقى توق، قازاننى كۆرسە تامىقىنى تۈرەر (ماقال).

2. چىراي، يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرىنى پۈرۈشتۈرمەك [皱,蹙]. قاپىقىنى تۈرمەك. * تەرىنى تۈرمەك. * قوشۇمىسىنى تۈرمەك.

## تۆرمەل

**تۆرمەل I** ئىسىم. جىلتىنىڭ ئۇچىغا توغرالغان كۆكتات سېلىپ تۆرۈپ پىشۇرۇلغان هورنان [菜卷儿].

**تۆرمەل II** ئىسىم. ئۇچىغا تاش ئېلىپ، شاخ-شۇمبا ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولىنى يۆگەپ باغلىغان، سۇنى توسۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توساق، چوڭ باغلام [柳条捆]. تۆرمەل ياساپ، ئېرىققا سېلىندى.

## تۆرۈك

**تۆرۈك I** سۈپەت ("تۆر"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۈك" قوشۇلغان). تۆرۈلگەن [皱着的,秋眉苦脸的]. ئۇنىڭ قاپىقى تۆرۈك تۆرىدىغۇ، نېمە بولدى.

**تۆرۈك II** سۈپەت. ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز، بىلىمسىز، كاج [文盲,无知的]. ئۇ ئالىما، بۇ ئۆرۈك، سەن موللا، مەن تۆرۈك. * تۆرۈككە بىر تاياق، موللىغا ئون تاياق (ماقال).

## تۈز

**تۈز I** سۈپەت. 1. ئەگرى، قىڭغىر، سىڭايان ئەمەس، رۇس [直的]. تۈز ياغاچ. * تۈپتۈز يول. * يىلان ئۆزۈم تۈز، يولۇم ئەگرى دەيمىش (ماقال).

2. ئېگىز-پەس ئەمەس، تەكشى [平的,平坦的]. تۈز يەر. * تۈز يول. * كەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە (ماقال).

**تۈز II** پېئىل. تۈزمەك، تۈزۈش. 1. مەلۇم تەرتىپتە تۈزۈپ چىقماق [编纂,编造]. لۇغەت تۈزمەك. * مۇندەرىجە تۈزمەك. * جۈملە تۈزمەك.

2. ئىشلەپ چىقماق، رەتلەپ چىقماق [制定,制订]. پىلان تۈزمەك. * تۈزۈم تۈزمەك. * شەرتنامە تۈزمەك. * دوستۇڭ ئۇرۇش قىلىشقا تۈزسە پىلان، ئۇرۇشتىن يىراق بول سەزگىنىڭ هامان.

3. قۇرماق، تەشكىللىمەك [建立,成立,组织]. گۇرۇپپا تۈزمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* ھۆكۈمەت تۈزمەك.

## تېپىش

تېپىش I پېئىل. ”تاپ“نىڭ ئىسىمدىشى. ئۇچرىشىپ بىر-بىرىنى يارىتىپ قالماق [结识,要好,交成朋友]. تېپىشمىغىچە ئېلىشماس (ماقال). * تېپىشىش ئايرىلىشنىڭ بېشى (ماقال).

تېپىش II پېئىل. ”تەپ“نىڭ ئىسىمدىشى. بىر-بىرىنى تەپمەك [互相踢打]. ئىككى ئات تېپىشسە، ئارىدا قالغان ئېشەكنىڭ جېنىغا زاۋال (ماقال).

## تېز

تېز I ئىسىم. قېلىپ [楦子,楦头]. ئاندىن قىڭغىر تۇغۇلغاننى تېزگە سالسىمۇ تۈزەلمەس (ماقال).

تېز II سۈپەت. 1. چاپسان، ئىلدام [快,迅速的]. تېز قەدەم تاشلىماق. * تېز ھەرىكەت قىلماق. * تېز پويىزغا چۈشمەك. * ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز (ماقال).

2. رەۋىش. دەرھال، ئىتتىك، چاپسان، ئىلدام چاققان [很快的,迅速地]. ئۇكام تېز ماڭ. * تالىپ ئىش چاتاق، تېز قاچ. * تېز كەتكەن، تېز توختار (ماقال).

## تىرنا

تىرنا I ئىسىم. دېھقانچىلىق سايمىنى، تاماق، بارانا [耙子,钉齿耙]. يەرگە تىرنا سالماق.

تىرنا II ئىسىم. ئۇششاق، يېگىندەك بېلىق، بېلىجان [小鱼].

## تىرناق

تىرناق I ئىسىم (”تىرنا“غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”ق“ قوشۇلغان). ئادەمنىڭ پۇت-قول، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا گۆش ئۈستىدىكى، ھايۋان، قۇشلارنىڭ پۇتى، پەنجىسى ئۈستىدە-

كى قاتتىق جىسىم [指甲]. تىرناق ئالماق. * تىرناق ئالغۇچ. * مۈشۈكنىڭ تىرنىقى. * قارچىغىنىڭ تىرنىقى. * يولۋاسنىڭ تىرنىقى. * تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك. * تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس (ماقال).

**تىرناق II** ئىسىم. 1. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى. ("تىرناق I" >) ئارىفمېتىكىلىق، ئالگېبرالىق ئىپادىدە بىرقانچە سان ياكى ئەزانىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى ۋە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر. بۇنىڭ چوڭ تىرناق { }، ئوتتۇرا تىرناق [ ]، كىچىك تىرناق ( ) دېگەن تۈرلىرى بار [括号].

2. گراماتىكا ئاتالغۇسى ("تىرناق I" >). تىنىش بەلگىسى. بۇنىڭ قوش تىرناق، يالاڭ تىرناق دېگەن تۈرلىرى بار.

## تىرىش

**تىرىش I** پېئىل. تىرىشماق، تىرىشىش. كۈچ چىقارماق، غەيرەت قىلماق، ئىجتىھاد قىلماق [努力,勤奋]. تىرىشچان، تىرىشقاق. * تىرىشىپ-تىرمىشىپ. * غەيرەت قىل، بىلىمىلىشقا تىرىش، بىلىۋال-دە، ئىشقا كىرىش. * تىرىشقان تاغ ئاشار (ماقال).

**تىرىش II** پېئىل. تىرىشماق، تىرىشىش. بەدەندىكى تېرە تارتىشماق، قورۇلماق [生皱纹]. ئۇنىڭ يۈزى تىرىشىپتۇ، پېشانىسى تىرىشىپ كېتىپتۇ.

## تىز

**تىز I** ئىسىم. پۇتنىڭ يوتا بىلەن پاقالچەك تۇتىشىپ تۇرىدىغان، پۈكۈلىدىغان يېرى [膝,膝盖]. تىزلىك، تىزلاپچا، تىزلىمەك. * تىز پۈكمەك. * دوستۇم ئىش تىزدا يېرىم. * ئۇنىڭ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ. * تىلىمۇالغان تىزغا يەتمەس (ماقال). * كۆرپە سالسا تىز ئۆيۈلار، داستىخان سالسا يۈز (ماقال). * بېلىگنى ئەگسەڭمۇ، تىزىڭنى پۈكمە (ماقال).

**تىز II** پېئىل. تىزماق، تىزىش. 1. تۆشۈكلۈك نەرسىلەرنى بىرەر نەرسىگە ئۆتكۈزۈپ قاتار قىلماق [串,贯]. تىزىق. * تىزماق. * مارجان تىزماق.

2 . قاتار. يانمۇيان تۇرغۇزماق [排列,排队]. رەتكە تىزماق. * سەپكە تىزماق.

3 . جاي- جايىغا ياكى ئۈستى- ئۈستىگە قويۇپ رەتلىمەك [摆,陈列,摆]. كىتابلارنى جازىغا تىزماق. * چىنىلارنى تىزماق. * مېھمانغا ئۈستەل تىزماق. * ئۈستەلگە مەزە تىزماق. * لىمتاققا ئورۇن-كۆرپىلەرنى تىزماق.

## تىك

**تىك I** سۈپەت. يۇقىرىغا قاراپ تۈپتۈز ئورۇنلاشقان، ئېگىلمەي، قىيىشماي تۇرغان [坚,垂直的]. تىك يار. * تىك تاغ. * تىك سىزىق. * تىك بۇلۇڭ. * تىك قوزۇق. * تىك تۇرۇپ ئۆلگەن دۇرۇس، تىز پۈكۈپ تۇرغان نومۇس (ماقال). * مېۋىسىز دەرەخ بېشىنى كۆتۈرەر تىك، مېۋىلىك شاخ بېشىنى سالامغا ئېگىك. * كۆڭۈل بەرمەستىن ئاۋۋال سىناپ باق، تىكمۇتىك تۇرالماس ئايىغى چولاق.

**تىك II** پېئىل. تىكمەك، تىكىش. 1 . تىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرماق [栽,插]. كۆچەت تىكمەك. * چېدىر تىكمەك. * بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك (ماقال). * چىلاننى چۆلگە تىك، ئەنجىرنى كۆلگە (ماقال). * دەرەخ ئورنىغا گەر تىكسەڭ تىكەن، شۇنداق تىكەن ئىككى گۈل بەرسە ئىكەن.

2 . يىپ-يىڭنە بىلەن تۇنەپ، تەپچىپ بىر-بىرىگە چېتىپ جىپسىلاشتۇرماق ۋە شۇنداق كىرەكلىك ھالغا كەلتۈرمەك [缝]. كىيىم تىكمەك. * كەشتە تىكمەك. * تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكمەك. * ئۆتۈك تىكمەك. * يىڭنە تىكمەيدۇ، قول تىكىدۇ (ماقال).

قىلىچتىن يىڭنە كۆپ ياخشىدۇر ئەلۋەت،
ئۇ يىرتار، تىكەر، قىلماس جاراھەت.

## تىل

**تىل I** ئىسىم. 1 . تېتىش، چاياش ۋە تەلەپپۇز قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئەزا [舌,舌头]. تىلنى چىقارماق، تىلنى يارماق. * تىلىڭغا ھۇنناق چىقسۇن. * قاتتىق چىش چۈشىدۇ، يۇمشاق تىل قالىدۇ (ماقال). * تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق، پۇلىنىڭ تىلى (ماقال). * تىلىڭنى تارت، چىشىڭ سۇنمىسۇن (ماقال).

2. ئېغىزدىن چىقىدىغان گەپ-سۆز، نۇتۇق [话,言,语]. تىلى چىقماق. * تىلى كەلمەك. * تىلى تاتلىق. * تىلىڭ تۇتۇلسۇن. * تىلىڭدىن ئايلىناي. * تىلى قىسقا، تىل قىسىنچلىقى بار. * تىلىڭنى تارت. * تىلىنىڭ تەمى يوق. * تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار (ماقال). * دىلى بىرنىڭ تىلى بىر (ماقال). * سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل (ماقال). * كاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار (ماقال). * ئادەم تىلىدىن كېتەر، ئات تۇيىقىدىن (ماقال).

3. تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى ۋە گراماتىكىدىن تەركىب تاپقان سىستېما، ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى [语言]. ئانا تىلى، تىل سىستېمىسى، تىل گۇرۇپپىسى. * ئەدەبىي تىل. * ئېغىز تىلى. * تۇغقان تىللار. * تىلچى، تىلشۇناس.

**تىل II** پېئىل. تىلماق، تىلىش. نەرسىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ، قىسىملارغا بۆلمەك، ئاجراتماق [切,割,锯,拉,剖]. قوغۇن تىلماق. * تاختاي تىلماق. * تاختاي تىلدىم ئەگرى-توقاي، چېچىمدىن تولا خوجايىن، قايسىبىرىدىن قورقاي.

## تىللا

**تىللا I** ئىسىم. ئالتۇن، زەر، ئالتۇن پۇل [金,金币]. بالىغا تىللا بەرسەڭ، ئېلىپ يەيدىغىنى لەگچەك.

**تىللا II** پېئىل. تىللىماق، تىللاش. ھاقارەت، ئاھانەت قىلماق [骂,曼骂]. تىللاش—يولسىزلىقنىڭ ئىشى.

## تىم

**تىم I** ئىسىم. بۇرۇنىسىدا كۆزىتىش ۋە ئوت يېقىپ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان پوتەي، تۇرا [烽火台].

**تىم II** سۈپەت. رەۋىش. جىم، شۈك [安静的,寂静的]. باش ئويلىغاندا، تىل تىم تۇرسۇن (ماقال). * قوتۇر ئاتنىڭ قۇيرۇقى تىم تۇرماس(ماقال).

## تىن

**تىن I** ئىسىم. نەپەس، تىنىق [气息]. تىن ئالماق. * تىن تارتماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تىن II** پېئىل. تىنماق، تىنىش. 1. لېيى، دۇغى سۈ-
زۈلمەك [沉淀,澄清]. سۇ تىنىپتۇ.

2. تىنجىماق، توختىماق [安静,平息,停]. ئىت ئىتلىقنى قىلمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ (ماقال). * شامال تىندى. * ئۇ سەل تىنىۋېلىپ سۆزلىدى.

3. نەپەس ئالماق [呼吸,喘气]. ئۇ چوڭقۇر تىندى. * ئەھمەت ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

## تىنىق

**تىنىق I** ئىسىم. ئېغىزدىن چىققان نەپەس [气息,呼息].
تىنىقى توختىماق. * تىنىقى سىقىق.

سېلاپ بېقىپ، سېغىنغىنىڭنى بىلدىم،
تىڭشاپ بېقىپ، تىنىقىڭنى بىلدىم.

**تىنىق II** سۈپەت. لاي-لاتقا، دۇغ-قۇرۇملار تىنىپ سۈزۈلگەن، چاڭ-توزاندىن تازىلانغان، سۈزۈك [清的,清亮的,晴朗的].
تىنىق سۇ. * تىنىق ھاۋا.

سۆز تىنىق بولسا ئەگەر كېلىدۇ زۇلال،
تەكراردىن كۆڭۈلگە كېلىدۇ مالال.

**تىنىق III** پېئىل. تىنىقماق، تىنىقىش. ھېرىش-چارچاشتىن خالاس بولغۇچە دەم ئالماق [停歇]. ئات تىنىقتى. * جىم يېتىپ تىنىق، ئاندىن تۇر.

## تىيىن

**تىيىن I** ئىسىم. ئاغمىخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قارىغايلىقتا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋان [松鼠]. تىيىن بولسىمۇ مەيلى، چاشقان تۇتسا بولدى (ماقال).

**تىيىن II** ئىسىم. تەڭگە تۈزۈمىدىكى پۇلنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى. بىر تەڭگىنىڭ يۈزدىن بىرى، سىنت [分(最小的货币单位)]. بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تېك تۇرماق. * تەڭگىنىڭ كۆچى تىيىندا (ماقال). * بىكار تاپقان تەڭگىدىن ئىشلەپ تاپقان تىيىن ئارتۇق (ماقال).

# ج

## جازا

**جازا I** ئىسىم (جازا:) . گۇناھ. جىنايەتكە كۆرۈلىدىغان چارە [惩罚,惩办,处罚]. جازا قانۇنى، تەن جازاسى، قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى. * جازا مەيدانى، جازا لاگېرى. * جازالىماق، جازا بەرمەك، جازا ھۆكۈم قىلماق. * جازاغا تارتماق. * ئۆلمەكنىڭ جازاسى—كۆمۈش. * ئاچلىق قەدرىنى بىلمەسەڭ، ئاچلىق بەرسۇن جازاڭنى.

يامانلىق قىلىپ بولما شادىمان،
جازاسىنى تارتىدۇ ئاخىر يامان.

"جازا" ئېغىز تىلىدا "جاجا"مۇ دېيىلىدۇ: جاجىسىنى بەرمەك، جاجىسىنى يېمەك. جاجىسى بىر تال ئوق.

**جازا II** ئىسىم (جا:زا) . كىبىرى [架子]. جازىسى بار، جازىسى يوق. * جازا كىرىپ قالماق.

**جازا III** ئىسىم (جا:زا) . 1. بىناكارلىقتا بادرا، توم تۆمۈرلەردىن ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلغان قۇرۇلما [架子].

2. ئېتاژېركا [书架]. كىتاب جازىسى.

3. رام، رامكا [框子]. سۈرەت جازىسى.

## جاغ

**جاغ I** ئىسىم. باشنىڭ چىش ئورناشقان يېرى [颌]. جاغ سۆڭىكى، يۇقىرىقى جاغ، تۆۋەنكى جاغ.

**جاغ II** تەقلىد سۆز. تۆمۈر، قەلەيلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز [铁器等撞击声].

## جاڭ

**جاڭ I** ئىسىم. خەنزۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى. مىستىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياسىلىدۇ: بىر خىلى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ چېلىنىدۇ [锣]؛ بىر خىلى چوكا، چوماق بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ [大钟]. جاڭ ئۇرماق، جاڭ چالماق. * جاڭچى.

**جاڭ II** مىقدار سۆز. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى [丈]. بىر جاڭ ئون چىغا ياكى 3.33 مېترغا تەڭ.

**جاڭ III** ئىسىم. شېۋە. زۇكام [感冒].

**جاڭ IV** تەقلىد سۆز. "جاڭ" ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز.

## جام

**جام I** ئىسىم. ئاياق، قەدەھ، جۇڭ [酒杯,酒盅].

**جام II** ئىسىم. موڭغۇلچە، كونىرىغان سۆز. بېكەت [站].

## جاما

**جاما I** ئىسىم (جاما:). جىنسىي مۇناسىۋەت [性交]. جاما قىلماق.

**جاما II** شېۋە. زەيكەش [排水沟]. جاما چاپماق.

## جەز

**جەز I** ئىسىم. 1. سېرىق مىس [黄铜].

2. ئوق قېپى [子弹壳].

**جەز II** ئىسىم. قىمارۋازلارغا تاۋكا قورۇپ، پۇل قەرز بېرىپ، ئۇلارنى قىمارغا سېلىش ۋە ئۇلاردىن تېگىشلىك چوتار ئېلىش ئىشى [设赌,放赌]. جەزخور، جەزخورلۇق. * جەز قىلماق.

## جورا

**جورا I** ئىسىم. 1. بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ھەمراھلار [伴侣,配偶]. جورا بولماق. * قوش جورىسى بىلەن ئۇۋا سالار (ماقال).

2. لايىق [未婚妻,对象]. جوراڭ بارمۇ؟ * جورا تاپتىڭمۇ؟

3. ئۇلپەت، چوپقەت، ھەمدەم [亲朋好友].

**جورا II** پېئىل. جورماق، جوراش. كايىماق [责备]. ھوي،

نېمە جورايسەن؟ * ئۇ جوراپ كەتتى.

## جۇغ

جۇغ I ئىسىم. ئادەملەرنىڭ بەدەن، تەن قۇرۇلۇشى، بوي- تۇرقى، قەد-قامىتى [身材,个子,个儿]. جۇغى كىچىك ئادەم.

جۇغ II ئىملىق. قورقۇشتىن ھاسىل بولغان تىترەك [惊,骇]. ئالدىمدىن ئىت چىقىۋىدى، تىنىم "جۇغ" قىلىپ كەتتى.

## جۇن

جۇن I ئىسىم. ھەربىي سىستېمىدا كورپۇس [军,军一级]. جۇنجاڭ، ئىككىنچى جۇن.

جۇن II ئىسىم. ئاق ھاراق [烧酒].

## جىرغا

جىرغا I ئىسىم. ئات- ئۇلاغقا ئارتىدىغان ناسىلكا [驮轿]. يارىدارلارنى جىرغىدا ئېلىپ ماڭماق. * جىرغا ياسىماق.

جىرغا II پېئىل. جىرغىماق، جىرغاش. سۇيۇقلۇق تۆشۈكتىن ئېتىلىپ چىقماق [喷,滋].

جىرغا III پېئىل. جىرغىماق، جىرغاش. يايرىماق، ئېچىلىپ يايرىماق [畅快地玩耍]. بۇگۈن باغ سەيلىسىدە تازا جىرغىدۇق.

## جىرىم

جىرىم I ئىسىم. كۆچەت [树苗]. 12-مايدا نۇرغۇن جىرىم تىكتۇق.

جىرىم II ئىسىم. ئېتىزدا ئۇرۇق سېلىش ئۈچۈن جىراپ ئېچىلغان چۇنەك [垄沟]. جىرىم تارتماق. * جىرىم تارتىپ تېرىماق. * جىرىمغا دان سالماق.

## جىڭ

جىڭ I ئىسىم. 1. جىڭنى بىرلىك قىلغان تارازا، قاداق [称]. جىڭ تېشى، جىڭ نوتىسى، جىڭ ئىلمىكى. * جىڭلىماق، جىڭغا ئولتۇرماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* ئابدالغا كەپەن بەرسە جىڭنىڭ ساقمۇ دەپتۇ(ماقال). * جىڭنىڭ گۆشى — جىڭنىڭ گۆشى (ماقال).

2. مىقدار سۆز. جۇڭگوچە ئېغىرلىق ئۆلچىمى. مىقدارى 500 گرام كېلىدۇ. كونا جىڭ 16 سەر ئىدى، شەھەر جىڭى ئون سەر [斤].

جىڭ II ئىسىم. خەنزۇچە ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى. تۈن-نىڭ بەش بۆلىكىنىڭ بىرى [更]. ئىككى جىڭغا جاڭ ئۇرۇلدى. * تۈن كېچە ئۈچ جىڭدا نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

جىڭ III سۈپەت. ھەق، راست، ساپ [真]. ئانتونىمى: جا. جىڭ گەپ. * جىڭ ئالتۇن ئوتتىن قورقماس.

## جىم

جىم I ئىسىم. ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ”ج“نىڭ ئېتى. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ ["ج"阿拉伯字母的名称].

جىم II رەۋىش. 1. ئۈن-تىنسىز، مىدىر-سىدىر قىلماي، تىم، شۈك [静]. جىم تۇرماق. * جىم بولماق. * جىم ياتقان يىلاننىڭ بېشىنى قوزغىماق. * سالتانىڭ گادايى جىم ئۇخلايدۇ (ماقال).

2. ئۈندەش سۆز. خەپشۈك[肃静,清静].

# چ

## چاپ

**چاپ I** پېئىل. چاپماق، چېپىش. 1. تىغلىق سايمانلار بىلەن كەسمەك، چانىماق، توغرىماق [砍,劈]. چاپقۇ. * ياغاچ چاپماق. * دەرەخكە پالتا چاپماق. * ۋاقىت ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوقىغا چاپ (ماقال).

مۇمكىنمۇ چىۋىننى قىلىچتا چاپماق،

شىر قانداقچە پاشىغا ئۇرسۇن شاپىلاق.

2. قازماق، كولىماق [挖]. كەتمەن چاپماق، ئۆستەڭ چاپماق. * چېپىق. * ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە (ماقال).

سۇلتان بېگىم سورايدۇ، ئۆستەڭ چاپقانلار نەلىك،

بىز بەگكە نېمە قىلغان، بىكار ياتىدۇ شەلىك.

— قوشاق.

**چاپ II** پېئىل. چاپماق، چېپىش. 1. يۈگۈرمەك [跑]. چاپقۇر، چاپارمەن، چېپىپ كەلمەك. * بەختى بار تاپىدۇ، بەختى يوق چاپىدۇ (ماقال). * ئانىسىنى تاپسام، مىنىپ چاپسام (ماقال).

2. ئات سالماق، ئات قويماق [奔驰]. چاپتۇرماق. * تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپىدۇ (ماقال).

**چاپ III** پېئىل. چاپماق، چېپىش. هايۋانلار ئەركىكى چىشىسىغا ئارتىلماق، ئۇرۇقلاندۇرماق [交配]. ئايغىر بايتالغا چاپتى. * ماڭگا ئېشەك مادا ئېشەككە چاپتى. * بۇقا ئىنەككە چاپتى.

**چاپ IV** پېئىل. چاپماق، چېپىش: ئورماق [割]. چۆپ چاپماق. * تۇرسۇن بۇ يىل يېتەرلىك چۆپ چېپىۋالدى.

**چاپ V** پېئىل. چاپماق، چېپىش. سۈرمەك، يېپىشتۇرماق [抹,贴]. باشقا يىلىم چاپماق. * دورا چاپماق. * ياربىغا مەلھەم

چاپماق. دېرىزىگە قەغەز چاپلىماق.

## چات

چات I ئىسىم. چاتراق [腹股沟,鼠蹊]. چات ئارىلىقى. * چات كەرمەك.

چات II پېئىل. چاتماق، چېتىش. 1. ئۇلىماق، بىرىك‌تۈرمەك، چىگمەك [联结,捆帮]. باشلىقنى چاتماق. * ئۇلاغنى چاتماق. * ئاتنىڭ پۇتىنى چاتماق.

2. تىركىمەك [接]. چاتقۇچ. * ۋاگونلارنى بىر-بىرىگە چاتماق.

## چاتاق

چاتاق I ئىسىم (چا: تاق). غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ. پۇتاق [枝芽,侧枝]. دەرەخنىڭ چاتاقلىرىنى كېسىۋەتمەك. * كېۋەزلەر چاتاقلاپ كېتىپتىكەن، چاتاقلىرىنى چاتاقلىۋەتتۇق.

چاتاق II ئىسىم. 1. ئوڭۇشسىزلىق، پەشكەللىك [事故,故障]. چاتاق بولماق. * چاتاققا قالماق.

2. ئەيىب، ئىۋەن، نۇقسان [毛病,碴儿]. چاتاق تاپماق. * چاتاق ئىزدىگەنگە باھانە تېپىلىدۇ (ماقال).

3. جېدەل، ماجىرا [乱子,岔子]. چاتاقچى. * چاتاق چىقماق. * چاتاق چىقارماق. * چاتاق تېرىماق.

4. كاشىلا، ئاۋارىچىلىك [麻烦]. چاتاق بولماق. * ئىش چاتاق. * چاتاق سالماق.

5. مۇناسىۋەت، ئالاقە [相干,纠缠]. سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ. * چاتىقىم يوق. * چاتىقىڭ بولمىسۇن.

6. غەم، ئوي-خىيال [不相干]. ئۇ يەردە، ماگىزىنغا ئوت كەتكەن تۇرسا، چاتىقىڭدا يوق ئولتۇرىسەنغۇ!

## چاچ

چاچ I ئىسىم. ئادەمنىڭ بېشىدىكى قىلغا ئوخشاش تۈك، موي [头发]. چاچلىق، ئاق چاچ، قارا چاچ، سېرىق چاچ، ئۆرۈمە چاچ. * چاچ

ئالماق، چاچ قويماق، چاچ سالماق. * چاچ ياسىماق، چاچ ئۆرۈمەك، چاچ چۇشمەك، چاچباغ، چاچپۆپۈك، چاچتەڭگە. * چاچ مېيى. * چېچىڭ نەدە ئاقارغان؟ * تازنىڭ كۆزى چاچتا، قىزنىڭ كۆزى قاشتا (ماقال). * بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن (ماقال). * گىنېس خەۋەرىگە قارىغاندا، يۈننەندە 88 ياشلىق بىر موماينىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.65 مېتر، ئېغىرلىقى 1 كىلوگرام ئىكەن.

**چاچ II** پېئىل. چاچماق، چېچىش. 1. سەپمەك، پۈركىمەك [洒]. سۇ چاچماق. * ئەتىر چاچماق.

2. تارقاتماق [撒]. يەرگە ئۇرۇق چاچماق، كۆزىگە توپا چاچماق. * ئاتا چۈمۈلىدەك يىغىدۇ، بالا توخۇدەك چاچىدۇ (ماقال).

گۆھەرگە ئېرىشەلەڭ ئالدىراپ كېتىپ،

ئەينەك-مۇنچاقلارنى تاشلىما چېچىپ.

## چار

**چار I** ئىسىم. چالا تېپىلگەن باش، تېپىلىپ بولمىغان باشاق [茬头]. چار سوقماق. * چار تەپمەك. * بۇ قېتىمقى توپاندىن چار چىقمىدى.

**چار II** سۈپەت. ئالىچىپار [花白的]. چار ساقال. * چار باش. * چار توخۇ. * چار يىلان. * ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قويرۇق (ماقال).

**چار III** سان. پارسچە: تۆت. ئەسلى چاھار، بىرنەچچە سۆز بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ [四,第四]. چار دەرۋىش. * چار پاي. * چارچاپ. * چار پۈتى ئاسمانى. * چارشەنبە.

**چار IV** ئىسىم (شېۋە). ئەيىب، ئۆۋن [差错,毛病]. چار چىقارماق— ئەيىب تاپماق.

## چارە

**چارە I** ئىسىم. تەدبىر، ئۇسۇل، ئامال، ئىلاج، يول [办法,方法,法子,措施,手段]. چارە قىلماق، چارە تاپماق، چارىسىنى قىلماق. * ئەپچىل چارە، ئەمەلىي چارە، كەسكىن چارە. * ئاقىقا قارا يوق، قارىغا چارە يوق. * كۆڭۈل قارىغۇ بولسا، كۆزدە نېمە چارە (ماقال).

قولدىن كەلگەن ھەممە چارەڭ ئاقمىسا،

قولغا قىلىچ ئالساڭ بولىدۇ داۋا.

* * *

قازى يېسە بەش سەر تەرخەمەك پارا،
يۈز دەرە هۆكمىگە تاپىدۇ چارە.

چارە II ئىسىم. جازا، تەنبىھ ("كۆرمەك" بىلەن پېئىللىشىدۇ)[处分,处理,处置,发落]. ئاۋۇتقا ئىنتىزامنى بۇزغىنى ئۈچۈن چارە كۆردۇق.

چارە III سۈپەت. ئۈستۈن، يۇقىرى ("كۆرمەك" بىلەن پېئىللىشىدۇ)[更高,更强,胜过]. ئۇ سېنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ.

## چارەك

چارەك I ئىسىم. 1. ئاشلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان سايمان [秤子]. چارەك يوق بۇغداينى ئۆلچىيەلمىدۇق.

2. مىقدار سۆز. چارەكتە ئۆلچەنگەن ئېغىرلىق بىرلىكى. بىر چارەك، ئومۇمەن، ئون كىلوگراممغا تەڭ [量词:秤子]. چارەكلىمەك. * ئىككى چارەك بۇغداي ئالدىم.

چارەك II سان. تۆتتىن بىر، ۋاقىتنىڭ تۆتتىن بىرى [四分之一,刻]. چارەك ئەسىر، چارەك سائەت. * سائەت چارەك كەم ئون بولۇپ قاپتۇ.

چارەك III مىقدار سۆز. باش بارماقنىڭ ئۇچىدىن بىگىز بارماقنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق بىرلىك قىلىنغان ئۆلچەم، غېرىچ [拃]. بۇ رەختنىڭ كەڭلىكى بەش غېرىچ ئىكەن.

## چازا

چازا I (چا: زا) ئىسىم. قاراۋۇلخانا، توسقا، بېكەت [卡子]. چازىدىن گەپ-سۆز يوق ئۆتۈپ كەتتۇق.

چازا II (چا: زا) ئىسىم. چاچقا قىسىدىغان قىسقۇچ [卡子]. چازا قىسماق. * ئۇ چېچىغا چازا قىسۋاپتۇ.

چازا III (چا: زا) ئىسىم. باداشقان [盘腿]. ئۇلار چازا

قۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى.

## چاس

**چاس I** ئىسىم. مىقدار سۆز. كىنو بۆلىكىنىڭ ھەربىر بۆلىكى [量词:指拷贝数量盘,本]. ئىككى چاس فىلىم. * بۇ كىنو جەمئىي سەككىز چاس ئىكەن.

**چاس II** ئىسىم. ئورنىدا تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى چېكە-سىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق بىلدۈرىدىغان ھۆرمەت؛ ھەربىيچە سالام [敬礼,军礼]. چاس بەرمەك. * سېرژانت ئەسكەرلىرى بىلەن چاس بېرىپ، ئۇززە سوراپ چىقىپ كەتتى.

## چاغ

**چاغ I** ئىسىم. ۋاقىت، پەيت [时候,时辰,时刻]. قايسى چاغ بولدى؟ قاش قارايغان چاغ بولدى. * ئابرويۇڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا، چاپىنىڭنى يېڭى چېغىڭدىن (ماقال).

كۆيگەن كىشنى بەزلىسەڭ ھەر چاغ،

ھەر سۆزۈڭ قۇيىدۇ ئوت ئۈستىگە ياغ.

**چاغ II** ئىسىم. چاما، كۈچ-قۇۋۋەت، مادار، ماغدۇر، قۇرب [力量,力气,能力]. بۇ ئىشنى قىلىشقا مېنىڭ چېغىم يەتمەيدۇ.

**چاغ III** ئىسىم. مۆلچەر، بوداق [估计,估量,估算]. چېغىڭدا ئۇ بۈگۈن كەلمەسمۇ؟

**چاغ IV** سۈپەت. دەل، مۇۋاپىق [合适,恰当]. بۇ ئۆتۈك پۇتۇمغا چاغ كەلدى.

**چاغ V** سۈپەت. خۇشال، خۇرسەن، كۆڭۈللۈك [高兴,愉快]. كۆڭلى چاغ، ۋاقتى چاغ. * ياشلىق ۋاقتىمىزنى چاغ ئۆتكۈزدۇق.

**چاغ VI** تىركەلمە. ئېھتىمال [可能,或许]. ماۋا بوزۇق تۇرىدۇ، يامغۇر ياغىدىغان چېغى.

**چاغ VII** ئىملىق. ئىتنى قوغلاش ئىماسى [赶走狗等用语]. باينىڭ ئىتىنى چاغ دېمەي، مۈشۈكىنى پەش دېمەي كەلسەمۇ ياخشى بولمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

## چاغلا

**چاغلا I** پېئىل ("چاغ II "كە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان) . چاغلىماق، چاغلاش. بودىماق، چەنلىمەك، مۆلچەرلىمەك، دەڭسىمەك [酌量,估量,估计,斟酌]. ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىسالڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا (ماقال) . * دۈشمەنىنى سەل چاغلىسالڭ، بېشىڭغا چىقىدۇ (ماقال) . * ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىلڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن(ماقال) .

**چاغلا II** پېئىل. چاغلىماق، چاغلاش. زىرائەت ئارىلىقىنى چاناپ-چېپىپ يۇمشاتماق [锄]. يەر چاغلىماق. * قوناق چاغلىماق. * كېۋەز چاغلاۋاتقانلار ناخشىنى ياڭرىتىپ، قىزغىن ئىشلىدى.

## چاق

**چاق I** ئىسىم. 1 . بىر-بىر كۆچ بىلەن ئايلاندۇرۇپ، يىپ-تاناپ ئېگىرىدىغان سايمان [纺车]. چاق ئېگىرمەك.

2 . مەخسۇس قۇم تاش بېكىتىپ، بىر-بىر كۆچ بىلەن ئايلاندۇرۇپ، ھەر خىل تىغلارنى بىلەيدىغان سايمان [磨刀]. پىچاقنى چاققا تۇتماق.

3 . قاتناش قوراللىرى، ئەسۋابلار ۋە باشقا قۇرۇلمىلارنىڭ ئايلىنىدىغان دۈگىلەك قىسمى [磨盘,轮,轮子,轱辘]. هارۋىنىڭ چاقى. * چىشلىق چاق، قۇم چاق. * تۈگمەننىڭ چاقى.

تۈگمەننىڭ چاقى يۈز يىل ئايلانغاندىمۇ،
دەريادا كەم بولۇپ قالماس، قەترە سۇ.

**چاق II** پېئىل. چاقماق، چېقىش. 1 . قاتتىق نەرسىنى سۇندۇرماق، ئۇرۇپ پارچىلىماق، پاچاقلىماق [砸]. تاش چاقماق. * ياڭاق چاقماق. * قۇلۇپنى چاقماق.

2 . بىر-بىرگە سۈركىلىپ ئوت هاسىل قىلماق[闪,划,擦]. چاقماق. * سەرەڭگە چاقماق.

3 . چىشلەپ، نەشترىنى سانجىپ ئاغرىتماق [叮,咬,蛰]. پاشا

چاقماق. * سىرىقئىشەك چاقماق. * ھەرە چاقماق. * يىلان چاقىقان، ئالا يىپتىن قورقار (ماقال). * ھەرىنىڭ چاقىقىنىغا چىدىساڭ، ھەسەل ئالىسەن (ماقال).

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى،
شۇنداق تەبىئىتى، پىئىل خاھىشى.

## چاقا

**چاقا I** ئىسىم. ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولغان ئۇششاق يارا، جاراھەت [疮]. چاقا چىقماق. * چاقىنى كوچىلىساڭ چوڭىيىدۇ.

**چاقا II** ئىسىم. 1. مىتالدىن ياسالغان چاقا پۇل، تىيىن [硬币,小铜钱]. چاقىڭىز جىڭمۇ؟

2. ئاز-پاز دەسمايە، ئاز مىقداردىكى ئاقچا[钱,小资金]. ئاتقا تاقا كىرەك، سودىگەرگە چاقا (ماقال).

**چاقا III** ئىسىم. ئۈزۈمنى قورۇتۇپ كىشمىش قىلىش ئۈچۈن چۇنچىگە ئورنىتىلغان ياغاچ قورۇلما [木桩]. چاقىغا ئۈزۈم ئاسماق.

## چاقسا

**چاقسا I** ئىسىم. شادىلىق ياغاچ توسما [篱笆门,柴门].

**چاقسا II** مىقدار سۆز (كونىرىغان سۆز). ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر كىلوگرامنىڭ 1/5 نگە تەڭ [卡克沙].

## چاقماق

**چاقماق I** ئىسىم. چېقىن، ئىلدىرىم، چېقىلغاق[闪电]. چاقماق چاقماق. * چاقماق قايتۇرغۇچ. * چاقماق چۈشكەنىنىڭ ئۈستىگە يىلان چاقتى (ماقال). * چاققاق ئوتقا چاقماق چۈشمەس (ماقال).

ئاداۋەت ئىچەككە تۇتاشمىسۇن، ياق،
جاھانغا ئوت قويار، مىسالى چاقماق.

**چاقماق II** ئىسىم. 1. زاژىگالكا [打火机]. چاقماق تېشى. * گاز چاقماق. * ئېلېكترونلۇق چاقماق. * چاقماق ياندۇرماق. * چاقماققا ئېتىنى تېگىشكەن ئەخمەق (ماقال).

2. ئېتىش قوراللىرىنىڭ مىشەككە تېگىپ ئوت ئالدۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسمى، تەپكە [板机]. مىلتىقنىڭ چاقمىقى.

**چاقماق** Ⅲ سۈپەت. تۈت بۇرجەك، چاسا [方格的]. چاقماق قەنت. * چاقماق دەپتەر. * چاقماق رەخت. * تاۋۇزغا چاقماق سالماق.

## چاقماقلىق

**چاقماقلىق** I سۈپەت ("چاقماق I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). چاقماق چېقىپ تۇرغان[有闪电的]. چاقماقلىق كېچە.

**چاقماقلىق** Ⅱ سۈپەت ("چاقماق Ⅱ نىڭ 1-"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). چاقمىقى بار، چاقماق بېكىتىلگەن [有板机的]. چاقماقلىق مىلتىق.

**چاقماقلىق** Ⅲ سۈپەت ("چاقماق Ⅲ "كە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). چاقمىقى بار، چاقماق شەكلىدە [有方格的]. چاقماقلىق رومال. * چاقماقلىق رەخت.

## چاك

**چاك** I ئىسىم. 1. يېرىق، دەز، ئاراچ [裂缝]. چاك كەتمەك. * چاك باسماق.

2. تىكىچ ئورنى [缝合处,开线]. چاك-چېكىدىن بۆسۈلمەك.

**چاك** Ⅱ تەقلىد سۆز. ئېغىز تامشىتىشتىن چىققان ئاۋاز [亲吻时发出的声音]. ئۇ بالىسىنى "چاك" قىلىپ سۆيدى.

## چاڭ

**چاڭ** I ئىسىم. ساندۇقسىمان، كۆپ تارلىق، ئىككى تال چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى [扬琴,洋琴]. چاڭ چالماق. * چاڭچى.

**چاڭ** Ⅱ ئىسىم. توزان [灰尘,尘土,尘埃]. چاڭ كۆتۈرۈلمەك. * چاڭ باسماق. * چاڭ توزىماق. * يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس (ماقال).

سۈرتسەڭ ئەينەكتىن چاڭنى ھەر نۆۋەت،
روشەن كۆرۈنەر ئەينەكتە سۈرەت.

**چاڭ III** ئىسىم. چاڭگال، پەنجە [爪,爪子]. چاڭ سالماق.
* سار چۈجىگە چاڭ سالدى.

**چاڭ IV** تەقلىد سۆز. قاتتىق ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز [啪的]. ئانىسى بالىسىنى ”چاڭ“ قىلىپ بىر كاچات سالدى.

## چال

**چال I** ئىسىم. ياشانغان، كۆپ ياشىغان ئەر كىشى، بوۋاي، ئاۋۇشقا [老人,老头,老汉,老大爷]. ياشلىقنىڭ نەدە قالغانلىقىنى چال بىلىدۇ (ماقال).

ئۆلۈم تەلۋىسىدە چال ئىڭرار ئىغىر،
سەندەل قىرىپ دورا تەييارلار كەمپىر.

**چال II** پېئىل. چالماق، چېلىش. چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئۇرۇپ، چېكىپ، پۈۋلەپ، سۈركەپ، بېسىپ رىتىملىك، مۇزىكىلىق ئاۋاز چىقارماق [弹,拉,吹,敲打,拍,奏]. ساز چالماق، دۇتار چالماق، نەي چالماق، گارمون چالماق، داپ چالماق. * زاغراڭنى يەپ، ناغراڭنى چال (ماقال).

**چال III** پېئىل. چالماق، چېلىش. سۇغا كۆكۈن، تالقان نەرسىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرماق [搅,拌,打]: ئوماچ چالماق. * شىلىم چالماق.

## چام

**چام I** ئىسىم. بىرەر ئىشتا شۇ ئىشنى قىلغۇچىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن ئۆلۈش [挖渠,修路时分给的地段,工段]. چام بۆلۈپ بەرمەك. * چامنى تۈگەتمەك.

**چام II** ئىسىم. كۈچ- قۇۋۋەت، مادار، قابىلىيەت [力气,力量,能力]: چامىڭنىڭ يېتىشىچە ئىشلە، چامىڭ يەتمەيدىغان ئىشقا ئىسلىما.
* چامىسىغا قاراپ چانىسى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**چام Ⅲ** ئىسىم. قورقۇنچ، ۋەھىمە [受惊]. ئاۋايلا، ئات چام
ئېلىپ قالمىسۇن.

## چانا

**چانا I** ئىسىم. ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان، مۇز ياكى
قارلىق يولدا تېيىلىپ ماڭىدىغان سايمان، قاتناش قورالى. ئۇنىڭ
تۈرى ناھايىتى كۆپ [雪橇,爬犁]. چانا تارتماق. * چانا قاتماق. * چانا
تەنھەرىكىتى. * يازدا چاناڭنى تەييارلا، قىشتا هارۋاڭنى (ماقال).

**چانا Ⅱ** پېئىل. چانىماق، چاناش. 1. پىچاق، پالتا قاتار-
لىق سايمانلار بىلەن توغرىماق، كەسمەك، پارچىلىماق، ئۇۋاقلى-
ماق [剁,砍]. گۆش چانىماق. * پىياز چانىماق. * چاناپ ئۆلتۈرمەك. * چاناپ
تاشلىماق.

2. چاپماق، قازماق، بوشاتماق [挖松]. يەر چانىماق. * ئېتىزنى
كەتمەن بىلەن چاناپ تېرىماق.

## چاناق

**چاناق I** ئىسىم. زەرگەرلىك سايمىنى. ئالتۇن-كۈمۈش
ئېرىتىدىغان قاچا [钳锅].

**چاناق Ⅱ** ئىسىم. تۈگمەندىكى سۇ كەنىنىڭ ئۇگۇت چۈشىدى-
غان نورى [磨斗].

**چاناق Ⅲ** ئىسىم. كۆزنىڭ قارىچۇق ئورۇنلاشقان يېرى
[眼眶]. سەمەتنىڭ چاناقلىرىغا ياش كەلدى.

**چاناق Ⅳ** ئىسىم. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ دىنىنى، كېۋەز-
نىڭ پاختىسىنى ئوراپ تۇرغان شاكىلى [壳]. بۇغداي تازا ئوخشاپتۇ،
دانلىرى چاناقتا پاتماي قاپتۇ.

## چەش

**چەش I** ئىسىم. بىر خىل مىنېرال ماددا، تەركىبى
$SiO_2$. تەركىبىدىكى ئارىلاشمىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇ-

نىڭ رەڭگىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۇزۇكنىڭ كۆزى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ[矿物质]. چەش كۆزلۈك ئۈزۈك.

چەش II ئىسىم. تېپىلىپ، سورۇلۇپ تەييارلانغان ئاشلىق دۆۋىسى [(打好,扬净后堆起来的)粮食堆子]. چەشلىمەك. * چەش بەلگىسى. * چەش بۇرنى. * شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر، قويۇق ئاش چەش كۆرسىتەر (ماقال).

## چەك

چەك I ئىسىم. بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغان قەغەز [支票,票据]. بانكىنىڭ چېكى. * پۇل چېكى. * چەك كەسمەك. * چەككە پۇل ئالماق.

چەك II ئىسىم. 1. سايلام بېلىتى [选票]. چەك تاشلىماق. * تۇرسۇنغا ھەممىدىن كۆپ چەك چىقتى.

2. بىرەر ئىشتا ئىلگىرى-كېيىنلىك، ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇشنى بەلگىلەش، مەسىلىنى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىدە ھەل قىلىشنى بەلگىلەش ئۈچۈن، ئىشلىتىلىدىغان نەرسە[阄,签]. چەك ئالماق. * چەك تارتماق. * چەك چىقماق. * چەك تاشلىماق.

چەك III ئىسىم. ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، چېگرىسى، پەللىسى [界限,限界,限度,边际,境地,止境]. چەكلىك، چەكسىز. * چەكلىمە. * چەك قويماق. * چېكىگە يەتمەك. * چېكىدىن ئاشماق. * ئوغرىغا چەك بار، پىتنىگە چەك يوق (ماقال). * تاقەت مەلۇم چەككە يەتكەندە، گۈزەل ئەخلاق بولماي قالىدۇ.

بىرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار،
ھەسەتتە يا چەك يوق، يا مىقدار.

چەك IV پېئىل. چەكمەك، چېكىش. 1. بارماق بىلەن يېنىك ئۇرماق، قاقماق[敲,弹]. ئىشىك چەكمەك. پېشانىگە چەكمەك. * قازان ئالساڭ، چېكىپ ئال، خوتۇن ئالساڭ، بىلىپ ئال (ماقال). * ئات ئالساڭ مىنىپ ئال، چىنە ئالساڭ، چېكىپ ئال(ماقال).

2. تارتماق، شورىماق، شۈمىمەك[抽,吸,吃]. تاماكا چەكمەك.

* زەھەرلىك چېكىملىك چەكمەك. * نەشە چەككەن كىشىنىڭ تۈتۈن بىلەن قارنى توق (ماقال). * ناسۋال چەككەن كىشىنى، ئۇرۇپ چاقىدىن چىشىنى (ماقال).

3. ھەر خىل تىغ بىلەن ئويۇپ، تىلىپ بىر ەر شەكىل چىقار-ماق[錾]. نەقىش چەكمەك. * تاش چەكمەك.

چەك V ياردەمچى پېئىل. جەريان ياردەمچىسى. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. ھەسرەت چەكمەك، پىغان چەكمەك، ئازاب چەكمەك، ئازار چەكمەك. * كىمنىكى جاپا چەكمىدى، راھەتكىمۇ يەتمىدى (ماقال). * چەككىنىم جەبىر-جاپا، ئاڭلىغىنىم تەنە-تاپا(ماقال). * جاپا چەكمىگۈچە، ھالاۋەت يوق (ماقال).

## چوت

چوت I ئىسىم. ياغاچچىلىق سايمىنى، بىگەن [锛子]. چوت چاپماق.

چوت II ئىسىم. تۆت ئەمەلنى ھېسابلاشقا بولىدىغان تۆت ئەتراپى توسـۇق، ئىچىـدە ئۇرۇق ئورنىتىلغان سايمان، سەنپــەن [算盘]. چوت سوقماق.

## چوتار

چوتار I ئىسىم. سىيلىقلانغان ماتا [白(土)布]. چوتار كۆڭلەك. * چوتار تامبال. * چوتار رومال.

چوتار II ئىسىم. تاۋكادا ئۇتقۇچىلار چىزخورغا مەلۇم نىسبەتتە بېرىدىغان پۇل [抽头]. چوتارچى. * چوتار بەرمەك. * چوتار ئالماق.

## چۆپ

چۆپ I ئىسىم. ئوت، ئوت-چۆپ [草,杂草]. ئاتقا چۆپ سال. * چۆپخانا. * ئادەمنىڭ كۆنى كۆپ بىلەن، ھـايۋاننىڭ كۆنى چۆپ بىلەن (ماقال). * مەزىگەن قوي چۆپنى ئاز يەيدۇ (ماقال).

چۆپ II ئىسىم. 1. نېپىز يېيىلىپ، ھەر خىل شەكىلدە كېسىلگەن خېمىـــر [面条,面片]. چـۆپ توغرىمـاق. * قازانغا چۆپ سالماق. * ئاش يەلك دېسە، چۆپنى تارتىدۇ، ئىش قىلىڭ دېسە، ئۆزىنى تارتىدۇ(ماقال).

2. چۆپ، ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى [羊肉面]. نان چۆپ. * ياغلىما چۆپ. * قايماق چۆپ. * ئاتۇش چۆپى.

## چۆچەك

**چۆچەك I** ئىسىم. كاسا، ئاياق [木碗]. تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارماق. * ئات هارسا، بىر پىچاق، ئىشەك هارسا، بىر چۆچەك قوناق (ماقال).

**چۆچەك II** ئىسىم. تەبىئەت هادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەر توغرىسىدا بالىلارغا خاس يارىتىلغان هېكايە [童话,故事]. بالىلار چۆچىكى. * چۆچەك ئېيتماق. * چۆچەك ئاڭلىماق. * چۆچەك ئېيتقان ئېرىندۇ، ئاڭلىغان يىغىدۇ (ماقال).

**چۆچەك III** ئىسىم. پىلىچىلىك سايمىنى، تەۋەڭ [蚕筐]. پىلە قۇرتلىرىنى چۆچەككە سالماق. * چۆچەك توقۇماق.

## چۆرە

**چۆرە I** ئىسىم. دېدەك، چاكار قىز [女奴,女仆,女婢]. «چۆرە ئىزورا» ئېلىبۇزىيە تىياتىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.

**چۆرە II** ئىسىم. نەرسىنىڭ يېقىن ئەتراپى [周围,边]. ئۆپچۆرە. * كۆلەڭگە دەرەخ چۆرىسىدىن نېرى كەتمەيدۇ (ماقال).

## چۆك

**چۆك I** ئىسىم. هاڭ تاشلار ئۈستىدىكى سۇپا تاش [山岗上的石头]. چۆككە چىقماق.

**چۆك II** پېئىل. چۆكمەك، چۆكۈش. 1. سۇغا غەرق بولماق [淹没,沉没]. ياپراق چۆكۈپ تاش لەيلەيدىغان چاغمۇ بولىدۇ (ماقال). * سۇغا چۆككەن ئۈسسۇلۇق سورىماس (ماقال). * هاراق دېڭىزىغا پالۋانمۇ چۆكىدۇ (ماقال).

2. تىنماق [沉,沉淀]. دوغ ئاستىغا چۆكتى. * چۆكمە، چۆكۈندى.

3. پاتماق، پەسلىمەك، ئولتۇرۇشماق [陷入,沉入]. ئېتىزنىڭ بەزى يەرلىرى چۆكۈپ كېتىپتۇ. * كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن، مەغرۇرلانساڭ چۆكەرسەن (ماقال).

4. تىزلانماق، يۈكۈنمەك [卧下,卧倒]. تۆگە چۆكتى. * توختى دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ چۆكۈپ ئولتۇردى.

چۆك III ئىسىم. ئىملىق [象声词]. تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈش ئىماسى. ئۇ "چۆك"دەپ تۆگىلەرنى چۆكۈرۈشكە باشلىدى.

## چۇچۇ

چۇچۇ I پېئىل. چۇچۇمەك، چۇچۇش. داغلانماق، ياغ داغ بولماق [炼]. ياغ چۇچۇمىسە، ئاش ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ.

چۇچۇ II پېئىل. چۇچۇمەك، چۇچۇش. پەندىيات چەكمەك [碰钉子]. ئەمدى چۇچۇگەنسەن. * سۆزدىن چۇچۇمىگەن تاياقتىن قورقماس(ماقال).

## چۇچۇك

چۇچۇك I ئىسىم. بوۋاقلاردا بولىدىغان ئىچ قېتىش، ئىچ كەلمەسلىك كېسەللىكى[大便不通(指婴儿)]. چۇچۇك بولماق.

چۇچۇك II ئىسىم. بالىلار سۆزى: چۇچاق[小儿用语:龟头].

چۇچۇك III سۈپەت. ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلىقىدىكى ئارىلاشما تەم. چۇچۇمەل [酸的,酸甜的]. چۇچۇك ئالما. * چۇچۇك ئاپىلسىن. * چۇچۇك بۇيا. * جاھاننىڭ ئاچچىق-چۇچۇكىنى تېتىغان.

## چۇش

چۇش I ئىسىم. ئۇخلاۋاتقان ئەھۋالدا، مېڭىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەر [梦]. چۇش كۆرمەك. * چۇشكە كىرمەك. * چۇشى بۇزۇلماق. * چۇشۇممۇ-ئۇڭۇممۇ. * ياخشى چۇش كۆرۈڭ. * چۇشكە نېمە كىرمەيدۇ، دۈشمەن نېمىنى دېمەيدۇ(ماقال). * باتۇر چۇشىدە دۈشمەن كۆرىدۇ(ماقال).

چۇش II ئىسىم. قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن چاغ. پېشىن. جۇمە ۋاقتى [中午,正午,晌午]. چۇشتىن ئىلگىرى، چۇشتىن كېيىن، چۇشكە يېقىن. * چۇشلۇك تاماق. * ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۇشتىن كېيىن كېلەر (ماقال). * چۇش ئۇيقۇسى پادىشاھلىقتىنمۇ ياخشى.

چۈش Ⅲ پېئىل. چۈشمەك، چۈشۈش. 1. تۆۋەنگە، ئېگىزدىن پەسكە يۆنەلمەك [下,落,降]. تاغدىن چۈشمەك. * يوپۇرماق چۈشمەك. * قار چۈشمەك. * باھا چۈشمەك. * تېمپېراتۇرا چۈشمەك. * نۇر چۈشمەك. * ئاپتاپ چۈشمەك. * ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ (ماقال). * ئاتتىن چۈشتۈڭ— ئېتەككە چۈشتۈڭ (ماقال).

2. قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرماق [上,乘坐]. ئايروپىلانغا چۈشمەك. * پويىزغا چۈشمەك.

3. بىرەر ھالەتكە گىرىپتار بولماق [陷入,落入,掉进]. قولغا چۈشمەك. * تورغا چۈشمەك. * قاپقانغا چۈشمەك. * دوست بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر (ماقال).

4. تۇرغان يېرىدىن ئاجرىماق [脱落,掉]. چىش چۈشمەك. * چاچ چۈشمەك.

5. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى باشلىماق، بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كىرىشمەك [表示行为,行动的开始]. پاراڭغا چۈشمەك. * ئىشقا چۈشمەك. * ئۇسسۇلغا چۈشمەك. * چېلىشقا چۈشمەك.

6. يۇيۇنماق [洗澡]. سۇغا چۈشمەك. * مۇنچىغا چۈشمەك. * ھاممامغا چۈشمەك.

چۈش Ⅳ ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. 1. بەزى ئىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]. داغ چۈشمەك. * قورۇق چۈشمەك. * مېھرى چۈشمەك. * قوغۇن چۈشمەك. * سۆز چۈشمەك. * ھاجىتى چۈشمەك.

2. جەريان باغلامچىسى. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ: 1) تۈگىگەنلىكىنى، ئاخىرىسىغا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئاغدۇرۇلۇپ چۈشمەك. * سەكرەپ چۈشمەك. 2) تۇيۇقسىز، بىردىنلا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ كېتىپ بېرىپ يېقىلىپ چۈشتى. * مۈزدا تېيىلىپ چۈشتۈم.

www.uyghurkitap.com

## چوشە

**چوشە I** پېئىل ("چوش"كە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "ە" قوشۇلغان) چوشە كۆرمەك [做梦]. تونۇ داڭگال چوشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال (ماقال). * بىر قىز ئەرگە تەگسە، قىرىق قىز ئەرگە تېگىپ چوشەيدۇ (ماقال).
* مەن سېنى چوشەپ قاپتىمەن.

**چوشە II** پېئىل. پۇت-قولىدىن چېتىپ، چىرماپ باغلىماق [捆,绑]. ئاتنى چوشىمەك. * پۇت-قولىنى چوشەپ قويماق.

## چولۇك

**چولۇك I** ئىسىم. چولۇك دەرىخى [臭椿树].

**چولۇك II** ئىسىم. تۆگە، كالىنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈپ چولۇۋۇر باغلايدىغان نوكچە، تاياقچە [鼻栓]. بۇرنىغا چولۇك سالماق.
* ئانىسىنى تاپسام، بۇرنىغا چولۇك ساپسام (ماقال).

## چېچەك

**چېچەك I** ئىسىم. مېۋە تۇتىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى، گۈلى [花]. چېچەكلىمەك. * چېچەك ئاتماق. * شاپتۇل چېچىكى. * چېچەك سۈيى.

ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ،
يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

**چېچەك II** ئىسىم. بىر خىل كېسەل ۋىرۇسىدىن بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل [天花,牛痘]. چېچەك چىقماق. * چېچەك ئەملىمەك. * چېچەك چەكمەك. * چېچەكچى. * چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار (ماقال). * چېچەكنىڭ ئېتى يامان، قىزىلنىڭ يېلى (ماقال).

## چېچەن

**چېچەن I** ئىسىم. مىللەت نامى ۋە شۇ مىللەتتىن بولغان كىشى [车臣族,车臣人]. چېچەنلەر. * چېچەن تىلى. * چېچەنچە.

**چېچەن II** سۈپەت. سەزگۈر ۋە سۆزمەن [敏感的,机灵的]. چېچەن ئادەم. * چېچەن يىگىت. * چېچەن يېڭىلسا، مىڭ يىللىق (ماقال). * چېچەننىڭ

تىلى، چەبدەسنىڭ قولى(ماقال).

## چېلەك

**چېلەك I** ئىسىم. سۇ ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنى قاچىلاش، توشۇش ئۈچۈن، قەلەيدىن ياسالغان، ئىچى كاۋاك سايمان، تۇڭ [铁桶,水桶]. چېلەككە سۇ ئالماق. * چېلەكتە سۇ توشۇماق.

**چېلەك II** ئىسىم. بارماقتەك ياغاچتىن قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە ياسالغان، قول بىلەن چۆرۈپ يىپ ئېگىرىدىغان ئەسۋاب [纺棰]. چېلەك بىلەن يىپ ئېگىرمەك.

**چېلەك III** ئىسىم. ئۈگە، بوغۇم [节]. شېكەر قومۇش چېلىكى. * قوناق چېلىكى.

## چېلىش

**چېلىش I** ئىسىم. تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى[摔跤]. خەلقئارا چېلىش. * جۇڭگوچە چېلىش. * ئۇيغۇرچە چېلىش. * يىقىلغان چېلىشقا تويماس.

**چېلىش II** "چال II"نىڭ ئىسىمدىشى.

## چىت

**چىت I** ئىسىم. پاختا رەختتىن توقۇلغان گۈللۈك رەخت [花布]. چىت كۆڭلەك.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ ياقىسى پىت،
كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كىيىمى چىت.

**چىت II** ئىسىم. قاشا، چىتلاق [篱笆]. باغ قىلساڭ، چىت قىل، مال قىلساڭ، ئىت قىل (ماقال).

## چىغرىق

**چىغرىق I** ئىسىم. تورنىك [杠]. يالاڭ چىغرىق. * قوش چىغرىق. * چىغرىق ئوينىماق.

**چىغرىق II** ئىسىم. 1. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ پاختىنى چىگىتتىن ئايرىيدىغان سايمان [扎花机]. 2. قۇدۇقتىن سۇ تارتىشقا ئورنىتىلغان قورۇلما [辘轳].

## چىق

**چىق I** پېئىل. چىقماق، چىقىش. 1. تۆۋەندىن يۇقىرىغا، پەستىن ئېگىزگە، بىر نەرسىگە يۆنەلمەك، يۆنەلگەنگە يەتمەك [上,上升,登,攀登]. ئانتونىمى: چۈشمەك، چۈشۈش. تاغقا چىقماق. * دەرەخكە چىقماق. * ماشىنىغا چىقماق. * ھارۋىغا چىقماق. * سەھنىگە چىقماق. * ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى (ماقال).

**چىق II** ياردەمچى پېئىل. 1. سۈپەتداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈتكەندەك ياكى كۈتمىگەندەك بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ گېپى يالغان چىقتى. * تاۋۇز تاتلىق چىقتى.

2. "پ"لىك رەۋىشداشلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى كېچىچە يىغلاپ چىقتى.

3. ھەرىكەتنىڭ پۈتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ رومان يېزىپ چىقتى. * بۈگۈنكى گېزىتنى ئوقۇپ چىقتىم.

4. ھەرىكەتنىڭ گەۋدىلىك بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىزدە شاھماتچىلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ.

## چىقىش

**چىقىش I** ئىسىمداش. چىقىشماق، چىقىشىش. 1. ئەپ بولماق، ياراشماق [和睦相处]. چىقىشماق. * قوشناڭ بىلەن چىقىشقىن، يا كۆچۈپ چىققىن (ماقال). * تۆردىكى بىلەن چىقىشقىچە، پەگادىكى بىلەن چىقىش (ماقال).

**چىقىش II** پېئىل. "چىق" پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى ["چىق"的名词形式]. چىقىش ئىشىكى. * چىقىشىڭنى كىرىشىڭ بىلەن ئۆلچە (ماقال). * چىقىش ئاسان، چۈشۈش تەس (ماقال).

## چىل

**چىل I** ئىسىم. كەكلىكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك قۇش. گۆشى قۇۋۋەتلىك ۋە تاتلىق بولىدۇ [松鸡,沙鸡].

**چىل II** ئىسىم. ھۆل تەمرەتكە [湿疹].

## چىللا

چىللا I پېئىل. چىللىماق، چىللاش. توخۇ-خوراز قىچقارماق [鸡叫]. توخۇ چىللىغانغا تاڭ ئاتماس. * توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ (ماقال). * توخۇ ئۈچ قېتىم چىللىدى.

چىللا II پېئىل. چىللىماق، چىللاش. (تويغا، چايغا) ئېيتماق، تەكلىپ قىلماق [请,邀请]. چىللىمىغان يەرگە بارما، چىللىغان يەردىن قالما (ماقال). * يارىمىنىڭ تىللىغىنى چىللىغىنى (ماقال).

## چىن

چىن I ئىسىم. جۇڭگو. كلاسسىك ئەدەبىياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ؛ ھازىرمۇ بەزى مىللەتلەر شۇنداق ئاتايدۇ[中国,支那]. خاقانى چىن. * چىن-ماچىن. * ھىندىچىنى.

چىن II سۈپەت. 1. ھەقىقىي، راست، توغرا [真正的,真实的,真挚的]. چىن ئىنسان. * چىن گەپ.

2. ساپ، سەمىمىي، پاك [真诚的,诚真的]. چىن مۇھەببەت. * چىن نىيەت. * چىن كۆڭۈل. * چىن يۈرەك. * چىن دوست.

چىن III رەۋىش. ھەقىقىي يوسۇندا، راستچىللىق بىلەن [真正地,真实地]. چىن سۆزلە. * چىن ياشا.

## چىۋىق

چىۋىق I ئىسىم. يېرىق، تېقىم [股,大腿]. بالىنىڭ چىۋىقى بىلىزەرەپ قاپتۇ.

چىۋىق II ئىسىم. تال، سۆگەتنىڭ ئىنچىكە، يۇمران شېخى [细树枝,树条]. چىۋىقنى قۇشقاچمۇ ئېگىدۇ (ماقال).

ئۇششاق باللا ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.
—قوشاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خ

## خار

خار I ئىسىم. لىم، لىم ياغاچ [檩子]. ئەگرى ياغاچ خار بولماس (ماقال).

خار II سۈپەت. قەدىر-قىممىتى يوق. كەمسىتىلگەن، ئىزا-ئاھانەت، خور [凌辱,嫌弃]. خار قىلماق، خارلىماق، خار بولماق. * خار-زار.

ئاچكۆز ئەھلىگە رەھىم قىلما زىنھار،
ئاچكۆز، تويمىغۇر ئادەم دائىم خار.

خار III تەقلىد سۆز. ئادەم خورەك تارتىپ ئۇخلىغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىن، مالنى بوغۇزلىغاندا ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىن چىققان ئاۋاز. [像声词:呼呼] ياسىن ياتقان ھامان ”خار“قىلىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. * قوي بوغۇزلىنىشىغىلا گېلىدىن ”خار“قىلغان ئاۋاز چىقتى.

## خالىڭ

خالىڭ I ئىسىم. كۆمۈر كانى [煤矿]. خالىڭ ئاچماق. * ئاكام خالىڭدا ئىشلەيدۇ.

خالىڭ II ئىسىم. يەرنى، ئىمارەتنىڭ ئۇلىنى چېپىشتىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان سايمان: قالىڭ [夯]. تاش خالىڭ، ياغاچ خالىڭ، تۆمۈر خالىڭ. * خالىڭلىماق، خالىڭ سوقماق.

## خام

خام I ئىسىم. ماتا، بۆز، شىشە [白大布,土布]. خام سۇرۇپ. * خام توقۇماق. * خامدا خالتا تىكمەك.

خام II سۈپەت. پىشمىغان، پىشۇرۇلمىغان، تولۇك ئانتونىمى: پىشىق. [生的,不熟的]. خام گۆش. خام سەي. * خامسۇق.

* خام-خوّتا. * خام تالاش قىلماق. * خام سۈت ئەمگەن. * خام ئالمىنى ئۈزمە، ئۆزى چۈشىدۇ كۈزدە (ماقال). * تونۇرغا كىرگەن نان خام چىقماس (ماقال).

## خانا

خانا I ئىسىم. 1. ئۆي، بۆلمە [房屋,房舍,室]. خانىمىزغا بەرھەمەت قىلغايلا.

قايسىبىر خانىدىن يول ئالسا تۈتۈن،
ئىشىك، تاملىرىنى قارا قىلار پۈتۈن.

2. بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئورنى، جايى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ [室,厅,部,社,处]. ئىشخانا. * كىنوخانا. * مەجلىسخانا. * ئويۇنخانا. * كارخانا. * گېزىتخانا.

خانا II ئىسىم. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى. سانلارنىڭ تۇرۇش ئورنى [位,位数]. بىرلەر خانىسى. * ئونلار خانىسى. * يۈزلەر خانىسى.

## خەير

خەير I ئىسىم. 1. ساۋاب، ياخشىلىق [善行,善事]. خەير-ئېھسان. * خەير-ساخاۋەت. * ھېلىملىك ئىشتا خەير يوق (ماقال).

2. سەدىقە [施舍物,布施]، خەير تىلىمەك. * خەير بەرمەك. * قەلەم تۇتقان خەير سورىماس (ماقال).

خەير II ئۇندەش سۆز [再见,再会]. خەيرلەشمەك. * خەيرخوش. * خەير ئەمىسە. * خەير، سالامەت بولۇڭ. * خەير، يەنە كۆرۈشەرمىز. * خەير، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

خەير III قىستۇرما سۆز. ئىلاجسىز ماقۇل بولغانلىقىنى، خوپ كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ [好吧,好啦]. سىز ئارىلىشىپ قالدىڭىز، خەير، بەرسەم بېرەي. * خەير، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن. * خەير، ئىلاج قانچە.

## خور

خور I ئىسىم. مۇزىكىچىلىك ئاتالغۇسى. كۆپچىلىك ئېيتىدىغان ناخشا [合唱,大合唱]. ئومۇمىي خور. * ئەرلەر خورى. * ئاياللار خورى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**خور II** سۆپەت. خار [侮辱、凌虐]. خورلۇق، خور سانماق. * خورلىماق، خورلانماق. * خور قىلماق.

## خورەك

**خورەك I** ئىسىم. كىبىر [威风]. خورىكى چوڭ. * خورىكى ئۈستۈن. * خورىكى ئېگىز. * خورىكى يوغان. * خورىكى ئۆسمەك. * خورىكى يوغىنىماق. * خورىكىنى ئېلىپ قويماق. * دىلى نازۇك، خورىكى ئۈستۈن.

**خورەك II** ئىسىم. ئادەم ئۇخلاۋېتىپ دەم ئالغاندا خورۇلداپ چىقىرىدىغان ئاۋۇش [打鼾,打呼噜]. خورەكچى، خورەك تارتماق. * ئۇ بۈگۈن ئاخشام خورەك تارتتى. * مەن كېچە خورەكنىڭ دەستىدىن ئۇخلىيالمىدىم.

## خوش

**خوش I** ئۈندەش سۆز. خەير خوش، خەير ئەمىسە [再见,别了]. خوش، مەن كەتتىم. ئەتە يەنە كېلىمەن.

ياشلىق ئۆتتى ”خوش“ دېگىنى يوق،
قېرىلىق يەتتى ”توختا“ دېگىنى يوق.

**خوش II** ئىملىق سۆز. 1. لەۋەي (لەببەي>) بىراۋ چاقىرغاندا ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرۇغاندا ”مانا مەن، مەن تەييار“ مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ: [在,啊,嗯]. ”خوش“ دەپ تۇرماق. * قېنىسەن؟ خوش، مانا مەن.

2. ئۈندەش سۆز. جۈملىنىڭ بېشىدا، قارشى تەرەپنى سۆزگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمسە [那末]. خوش، بازاردا نېمە گەپلەر بار؟ * خوش، سىز نېمىشقا شۇنچە ئالدىراپ قالدىڭىز؟

3. ئېيتىلغان سۆزلەر يەكۈنلەش، تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ [是啊,好吧]. خوش، مۇنداق دەڭ، ئاخىر كېتىدىغان بوپسىز-دە.

4. سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ”ماقۇل“، ”ھەئە“، ”شۇنداق“ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ [是,就是]. خوش ئېيتقانلىرى كەلسۇن.

5. بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە تەكلىپ قىلىپ ئېيتىلىدۇ: قې-

نى، قېنى بولمىسا [请,请吧]. خوش، تاماققا باقسىلا. * خوش، ئىچەيلى.
* خوش، ئىچسەك، ئىچتۇق.

## خۇشتار

**خۇشتار I** ئىسىم. 1. ئۇيغۇرلارنىڭ تارلىق، كامانچە بىلەن چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى [胡西塔尔琴].

**خۇشتار II** سۈپەت. زوقمەن، ئىشقىۋاز، ئامراق، ئىشتىياق، ھەۋەس [喜欢,迷恋,爱好,醉心]. ئۇ كىنوغا خۇشتار ئادەم.

## خۇي

**خۇي I** ئىسىم. 1. مىجەز، خۇلىق، قىلىق، ئادەت [性格,秉性,脾气,习气,性子]. خۇيى يامان. * قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقار (ماقال). * خۇيىنى بىلمىگەن ئاتقا يېقىن بارما (ماقال).

2. ئەسكى مىجەز، قىلىق [坏脾气,坏习气]. خۇيى بار، خۇيى تۇتماق: * خۇيلانماق. * خۇي چىقارماق. * ئۇنىڭ خۇيى بار، خۇيى تۇتسا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. * خەلچەم يېڭى خۇي چىقىرىپ قاپتۇ.

**خۇي II** ئىسىم. تام-تورۇسلارغا زىننەتلەپ چاپلىغان قەغەز، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر [裱糊]. ئۆينىڭ خۇيى چۇشۇپ كېتىپتۇ، قايتا خۇيلاپ قويايلى.

**خۇي III** ئىسىم.ناننى دۈملەش ئۈچۈن، تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويىدىغان تاغار، كېگىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر. تونۇرنىڭ خۇيىنى ياپ.

## خىت

**خىت I** ئۇندەش. ئېشەكنى ھەيدەپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

**خىت II** تەقلىد سۆز. تاماقنى قېقىشتىن چىققان ئاۋاز.

www.uyghurkitap.com

# د

## داپ

**داپ I** ئىسىم. چالغۇ ئەسۋابى. گەردىشكە تارتىلغان تېرە ئۇرۇپ چېلىنىدۇ [手鼓]. داپ چالماق. * داپچى. * داپەندە. * داپقا بېقىپ ئۇسسۇل. * داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرمەك (مەتەل). * داپنى باشقا سەنەمگە چالماق (مەتەل).

**داپ II** ئىسىم. دېھقانچىلىق قورالى (شېۋە)، تۆت بۇرجەك كەتمەن [扁坎土曼].

## داس

**داس I** ئىسىم. كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قەلەيدىن، سۇلياۋدىن، ياغاچتىن ياسىلىدىغان چوڭقۇرچاق ئۈي سايمىنى [盆子].

**داس II** ئىسىم. ئاشلانغان تېرىنىڭ تۈكىنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈردىن ياسىلىدىغان كۆنچىلىك سايمىنى [刮刀].

## داش

**داش I** ئىسىم. (”داش II“ <) چوڭ قازان [大锅]. داش قازاننىڭ ئىشىنى يېمەك.

**داش II** ئىسىم. دەريا تاشقىنىدىن، قار-يامغۇردىن سۇ يىغىلىپ قالغان ئويمان يەر، ئازگال، ئىلەك [水洼儿]. داش قۇرۇغىچە ئادەم قېرىيدۇ (ماقال).

## داغ

**داغ I** ئىسىم. 1. نەرسىنىڭ يۈزىدىكى ئۆزگىچە قارا خال

[黑子]. ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار.

2. نەرسىگە باشقا نەرسە تېگىپ، ئۇنىڭدىن قالغان ئىز، يۇقۇق [痕迹]. داغ چۈشمەك. * داغ قالماق.

**داغ II** سۇپەت. 1. قاينىتىلمىغان، ھېچنېمە سېلىنمىغان سۇ [生水]. بىز داغ سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان ئەرلەر.

2. چۇچۇتۇلگەن [炼过的]. ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ (ماقال).

## داغلا

**داغلا I** پېئىل. داغلىماق، داغلاش. چۇچۇتمەك [炼]. مايىنى داغلىماق.

**داغلا II** پېئىل. قىزىتىلغان نەرسە بىلەن كۆيدۈرمەك [烧灼,烫,烙]. تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىۋەت، يۇمشاق بولسا داغلىۋەت (ماقال).

## داڭ

**داڭ I** ئىسىم. مېتالدىن ياساپ، ئېسىپ قويۇپ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، ئاۋازىدىن خەۋەر يەتكۈزىدىغان بىر خىل سايمان [钟,锣]. داڭ چېلىندى، دەرسكە كىرەيلى. * چېركاۋنىڭ دېڭى قاتتىق چېلىندى.

**داڭ II** ئىسىم. گۆرۈ، رەھنە [当]. داڭپۇزۇل. * ئۇ ئاخىر قىممەتلىك ئۈزۈكىنى داڭغا قويدى.

**داڭ III** ئىسىم. داڭق، نام [名声,名气,声望]. داڭدار، داڭلىق، داڭ چىقارماق، داڭ كەتمەك. * ئۇ دۇنياغا داڭ كەتتى. * يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس (ماقال).

**داڭ IV** تەقلىد سۆز. داڭنى قاتتىق ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز [当]. داڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. * تام سائىتى داڭ ئۇرماقتا.

## داڭلا

**داڭلا I** پېئىل. ("داڭ II "گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). گۆرۈگە قويماق، رەھنىگە قويماق [典当,抵押]. ئىلاج يوق، سائاتىمنى داڭلاپ تۇردۇم.

www.uyghurkitap.com

داڭلا II پېئىل ("داڭ II "كە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). داڭلىماق، داڭلاش. ماختىماق، دېگىنى چىقار-ماق [标榜,吹嘘,夸耀]. سېنى ئاساسسىز داڭلىغان ئاخىر بىركۈن ئاساسسىز خارلايدۇ. * داڭلىغاندىن يىراق تۇر (ماقال).

## دال

دال I ئىسىم. ئەرەب يېزىقىدا "د" ھەرپىنىڭ ئېتى. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدۇ. ئېگىلگەن، دۈمچەيگەنگە ئىستىئارە ["د"字母的名称]. "ئېلىپ" تەك قامىتىم "دال" دەك ئېگىلدى.

"دال" سەن تەمەدىن چېكىپ نادامەت،

ئازاد بول "ئېلىپ" تەك تىك بولسۇن قامەت.

دال II ("ئىسىم. بولماق"، "قىلماق" بىلەن پېئىل-لىشىدۇ). دالدا بولماق، دالدا قىلماق [做掩护,顶事,起作用]. ئوغرىغا ئىت تېزىكى دال بوپتۇ (تەمسىل).

## دام

دام I ئىسىم. 1. قاپقان، تۇزاق، سىرتماق، قىلتاق [捕兽夹子,陷井,套索]. دامغا چۈشمەك.

2. ئالدام، ئادەم خالتا [骗局,圈套]. توختى، ھوشيار بول، دۈشمەننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمە.

دام II ئىسىم. لاپ، پو، يوغان گەپ [大话,吹牛]. دام ئۇرماق. * يېغىنى يان باسىدۇ، ئوغرىنى دام (ماقال). * دام ئۇرغىلى يات يەر ياخشى (ماقال).

## داۋا

داۋا I ئىسىم. شىپا، ئەم [疗效,疗法,良药]. داۋالىماق؛ داۋا بولماق، داۋا تاپماق. * دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپا. * مۇنچا تەنگە داۋا، ئىللىق سۆز جانغا (ماقال). كەم تاماقلىق ھەممە دەردكە داۋادۇر، ئەسلىسى دەردكە پەرھىزدىن شىپادۇر. * ساپ ھاۋا-تەنگە داۋا (ماقال).

داۋا II ئىسىم. دەككە، سوققا، دەشنەم [训斥,惩罚].

داۋىخور. * داۋىسىنى بەرمەك. * داۋىسىنى يېمەك. * داۋىخورغا داۋىسىنى بەرمەك — داۋا.

## دەپنە

دەپنە I ئىسىم. بىر خىل دەرەخ، "لاۋر" دەپمۇ ئاتىلىدۇ [月桂树].

دەپنە II ئىسىم. ئۆلۈكنى كۆمۈش [安葬,埋葬]. دەپنە مۇراسىمى. * دەپنە قىلماق.

## دەستە

دەستە I ئىسىم. 1. ساپ، تۇتقۇچ، ساپاق [把子,柄,杆]. كەتمەن دەستىسى. * قەلەم دەستىسى. * كۈرەكنىڭ دەستىسى. * پىچاق ئۆز دەستىسىنى كەسمەيدۇ (ماقال). * يوقالغان پىچاقنىڭ دەستىسى ئالتۇن (ماقال).

2. بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ پەردە باغلىنىغان ئۇزۇن تۇتقۇچى [指板(弹拨乐器的)]. ساتار دەستىسى. * دۇتار دەستىسى.

دەستە II مىقدار سۆز. باغلام، تۇتام، تىزىق، قاتلام [束,摞]. بىر دەستە گۈل (گۈل دەستە). * بىر دەستە نان.

ھەر ئىشتا ئىنسان كۆرسەتسە ھىممەت،
تىكەنمۇ گۈل دەستە بولار ئاقىۋەت.

## دەستىلە

دەستىلە I پېئىل ("دەستە I "گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لە" قوشۇلغان). ساپلىماق، دەستە بېكىتمەك [安把子]. كۈرەكنى دەستىلەپ قويدۇم.

دەستىلە II پېئىل ("دەستە II "گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لە" قوشۇلغان). [捆成束,摆成摞]. نانلارنى دەستىلەپ قوي. * خىشلارنى ئاران دەستىلىسەم ئۆرۈپ تاشلاپتۇ.

## دەم

دەم I ئىسىم. ئىشىك، دەرۋازىلارغا ئىچ تەرەپتىن سېلىپ قويىدىغان تاقاق [顶门棍]. ئىشىككە دەم سالماق. * ئىشىك دەم بىلەن، ئىش

پەم بىلەن (ماقال). * ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم (ماقال).

دەم II ئىسىم. 1. نەپەس، تىنىق [气息,呼吸,歇息]. دەم سىقىلماق. * دېمى كېسىلمەك، ئۇنىڭ دەم ئېلىشى قىيىنلىشىپ قاپتۇ.

2. تاۋۇش، ئۈن، زۇۋان [声,作声]. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك. * دەم چىقارماي ئولتۇرماق.

3. داخان، باخشىلار كېسەلنى قوغلاپ "چىقارماق" ئۈچۈن ئايەت ئوقۇپ ئېيتقان "كۈف، سۈف[咒语:念咒,符水]". دەم سۈيى. * دەم سالماق.

4. بوس ياكى ھارارەتتە پىشقان، تەم كىرگەن ھالەت [焖,蒸,炖]. پولو دەم يەپتۇ.

5. تۆمۈرچىلىك ئەسۋابى، كۆرۈك [风车].

دەم III ئىسىم. تىنىم، ھاردۇق، ئىستىراھەت، ئارام ئالماق[休息,歇息]. دەم ئالماق. * دەم ئېلىش كۈنى. * دەم ئېلىش ئۆيى. * دورا ئىچكەندىن ساپ ھاۋادا دەم ئالغان ئارتۇق.

دەم IV مىقدار سۆز. قىسقىغىنا ۋاقىت، "بىر"، "ھەر"لەر بىلەن كېلىدۇ[一会儿, 一瞬间]. بىر دەم ساقلىماق.

ياخشى نامى چىققان بولسا،
ئادەملەر ئۈزۈلمەس ئۆيىدىن بىر دەم.
ئەقىلگە بىلىم بىلەن بەرگىن ياردەم،
ئەقىل بۇ بىلىمگە خېرىدار ھەر دەم.

## دورا

دورا I ئىسىم. 1. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ماددا[药,药物]. دورا ئىچمەك. * دورا قايناتماق. * تالقان دورا، كومزىلاچ دورا، مەلھەم دورا. * كەمبەغەلنىڭ چېيى چىشقا دورا (ماقال). ئىتنىڭ چىش ئاغرىقىغا ئېشەك گۆشى دورا (ماقال).

2. ئىسسىقلىقتىن ياكى ئۇرۇلۇشتىن خىمىيىۋى ئۆزگىرىش ياساپ، ناھايىتى يۇقىرى ھارارەتلىك گاز جىسىم پەيدا قىلىدىغان

بىرىكمىلەر ياكى ئارىلاشمىلار [火药，炸药]. مىلتىق دورىسى. * پارتلاتقۇچ دورا.

3. دىھقانچىلىقتا ھاشارات ۋە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش، زىيانداش قۇشلار ياكى زىيانداش ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش، ياۋا ئوتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ماددا. [农药]. دىھقانچىلىق دورىلىرى. * 666 دورىسى، د.د.ت دورىسى. * چاشقان دورىسى.

4. تېتىتقۇ، ئىچكۈلۈك-يېمەكلىكلەرگە تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن سېلىنىدىغان ھەر خىل پۇراقلىق ياكى قۇۋۋەتلىك نەرسىلەر [调料，作料]. چاي دورىسى. * دورا-دەرمان.

**دورا II** پېئىل. دورىماق، دوراش. باشقا بىر ئىش ھەرىكەتنى تەقلىد قىلىپ ئۆگەنمەك، كۆرسەتمەك [模仿，校法]. دورامچى، دورامچىلىق، دورامچۇق. * دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق (ماقال). * ئەھەت قۇشلارنىڭ سايرىشىنى دوراشقا ئۇستا. * بالا كۆرگەننى دورايدۇ، قېرى كۆرگەننى سورايدۇ (ماقال). * قاغا بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى دۇرايمەن دەپ، قاق ئېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ (ماقال). * ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ، قىز ئانىنى (ماقال). * تىلىڭ كەلمىسە دورىما، خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما (ماقال).

## دۇنيا

**دۇنيا I** ئىسىم. 1. ئالەم، جاھان، كائىنات، يەر يۈزى، يەتتە ئىقلىم [世界，天下]. دۇنيا قاراش. * دۇنيا بازىرى. * دۇنيا ئورۇشى. * دۇنيانى سۇ باسسا، ئۆردەككە نېمە غەم (ماقال). * دۇنيا-ئىبرەت سارىيى.

2. دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئىككى دۇنيانىڭ بىرى [人世，人间]. بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا. * دۇنياغا كەلمەك. * دۇنيادىن ئۆتمەك. * بۇ دۇنيادىن كەتمەك. * ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا دوست. * دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قويما.

**دۇنيا II** ئىسىم. بايلىق، مال-مۈلۈك، دۆلەت [财富，财产]. دۇنيا-دەپىنە. * ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ (ماقال). * دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى. * ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن (ماقال).

دۇنيا—يىلان، يىلانچىدۇر دۇنيا ئىزدىگەن،
يىلانچىدىن ئاخىر يىلان ئۆچ ئالار جەزمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيا III سۈپەت. ئاجايىپ، غەلىتە نەرسە. "بىر" بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ [奇怪的，奇异的，怪诞的]. ھەربىر كاللا — بىر دۇنيا. * ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا.

## دۆلەت

دۆلەت I ئىسىم. مەملىكەت بىلەن مەملىكەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھاكىمىيەتنىڭ بىرىكمىسى [国，国家]. دۆلەت تۈزۈمى. * دۆلەت سىياسىتى. * دۆلەت پىلانى. * دۆلەت ئەربابى. * دۆلەت بايرىقى. * دۆلەت شېئىرى. * دۆلەت گېربى.

كۈچ بىلەن تۇتالمايدۇ دۆلەت بېشىنى كىشى،
كور قويسا ئۇسما، مەنىسىزدۇر بۇ ئىشى.

دۆلەت II ئىسىم. 1. بايلىق، مال-دۇنيا [财产，财富]. ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس (ماقال). * دۆلەت ئۇيقۇسى. * بىلىم-دۆلەت، كىيىم-سۆلەت (ماقال). دۆلەتتىن داڭق ئارتۇق (ماقال). * بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.

2. بەخت، بەخت-پاراغەت، راھەت [幸福，福气]. دۆلەت كۆرمەك. * بېشىغا دۆلەت قۇشى قونماق. * ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت (ماقال). * تەن ساقلىق دۆلەت ئىكەن.

## دېمەك

دېمەك I پېئىل. 1. دېيىش، سۆزلەش [说，讲，道]. نېمە دېدىڭىز؟ * بارمايمەن دېدىڭىزمۇ؟ * شارابقا كەتكەن پۇلنى دېمە، ئېلىشقان ئەقلىنى دە. * كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق (ماقال).

بۇ گۈمبەز ئاستىدا ياڭرات خوش سادا،
نېمىنى دېسەڭ ئۇ قايتۇرار ساڭا.

2. ئاتىماق، ئاتاش [叫，称，谓]. بۇنى نېمە دەيمىز؟ * بۇ قۇرتنى نېمە دەيمىز؟ * "كىم ئىدىم" دېمە، "كىم بولىمەن" دە. * خىزمەت كۆرەش دېمەكتۇر.

3. ئوي، خىيال [想，打算]. تىل كۇرسىدا ئوقۇي دەۋاتىمەن. * بۇ يىل كۈزدە توي قىلسامىكىن دەيمەن.

4. مەقسەت، كۆزدە تۇتۇش [为，为了]. سېنى دەپ كەلدىم. * جىقنى

دەپ، ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ(ماقال).

قىزىل گۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم ،
بۇ شەھەرىگدە تۇرغۇم يوق.

5. سەۋەب، ۋەج [由于, 因为, 因]. خاپا بولۇپ قالدى دەپ بارمامسەن؟ * يامغۇر ياغىدۇ دەپ بارمىدىڭمۇ؟ * كېچىنى كېچە دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي.

6. ئىش ھەرىكەتنىڭ بولۇش ئالدىدا ياكى توگەش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[快要, 即将]. ئاش پىشاي دەپ قالدى. * بۈگۈن يامغۇر ياغاي-ياغاي دەپ تۇرىدىغۇ!

**دېمەك II** ياردەمچى سۆز. يىغىپ ئېيتقاندا، قىسقىسى، يەنى دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ، جۈملىدە قىستۇرما سۆز بولۇپ كېلىدۇ[就是, 就是说, 可见, 总之]. دېمەك، بۈگۈن بارمايمەن دېگىن. * بىز بارىمىز، دېمەك، ئىش پۈتىدۇ.

ئۆمۈرنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈش دېمەك،
ئالمىغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلىمەك.

* * *

سۆزىدە ھېچ بىلىم بولمىسا، دېمەك،
جىمجىت ئولتۇرۇش ئەلا ياخشى بېزەك.

## دىۋان

**دىۋان I** ئىسىم. توپلام، قامۇس[诗集, 汇编, 汇集]. زەلىلى دىۋانى. * تۈركىي تىللار دىۋانى.

**دىۋان II** ئىسىم. يۇمشاق ئورۇندۇق، سافا[软椅, 沙发]. دىۋانغا مەرھەمەت قىلىڭ!

**دىۋان III** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). ئوردا مەھكىمىسى [宫殿, 宫室, 宫廷]. دىۋان بېگى. * شاھ ھەزرەتلىرى دىۋانغا كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ر

## راك

راك I ئىسىم. دېڭىز هايۋىنى، تۇرى كۆپ، يېگىلى بولىدۇ[虾].

راك II ئىسىم. يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسىلى، سەرەتان [癌症]. راك توقۇلمىسى، راك كۆچۈش، راك يىلتىزى، راك تېنى، جىگەر راكى. * تەرجىمان، شائىر خەلىل سالىھ 1992-يىلى 10-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۆپكە راكى كېسىلىدىن ۋاپات بولدى.

راك III ئىسىم. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى [拉克《十二木卡姆》第一首曲子的名称]. راك مۇقامى 13 چوڭ نەغمە، سەككىز داستان، ئۈچ مەشرەپتىن تەركىب تاپقان.

## رام

رام I ئىسىم. كېشەك. رۇسچىسى "راما" يەنە "رامكا" مۇ دېيىلىدۇ[框]. دېرىزە رامى. * رەسىم رامكىسى.

رام II ("قىلماق، بولماق" لار بىلەن پېئىللىشىدۇ) جەلپ قىلماق، مەپتۇن قىلماق، مەھلىيا قىلماق [吸引，引人入胜]. ئۇ ھەر خىل يوللار بىلەن بىچارە قىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ.

## رەت

رەت I ئىسىم. قاتار تەرتىپ [排,行,次序]. رەت نومۇرى. * رەتكە تۇرماق. * رەت ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ(ماقال).

رەت II ("قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ) باش تارتماق، قوبۇل قىلماسلىق، ئىنكار قىلىش، ماقۇل كۆرمەسلىك [拒绝,否决]. ئۇنىڭ نامۇۋاپىق تەلىپى رەت قىلىندى. * بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلا-

تى بىخەتەرلىك مۇدىرىيىتىدە بەش دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسىدا رەت قىلىش ھوقۇقى بار.

**رەت III** مىقدار سۆز. قېتىم، دورام [量词:次,回].

ياخشىلىق قىلغانىكەن كىم ساڭا بىر رەت،
يادىڭدىن چىقارما، ئۇنى ئەبەت.
* * *
كىم ياردار بولسا يىلان ئىنىدىن،
ئىككىنچى رەت ئۆتمەس ئۇنىڭ يېنىدىن.

## رەسىم

**رەسىم I** ئىسىم. قائىدە-يوسۇن[习惯,惯例]. مىللىي رەسىم يوسۇنلىرىمىزنىڭ ياخشىلىرىنى ساقلىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. * رىمغا بارساڭ رىمنىڭ رەسمىنى ئۆگەن(ماقال).

**رەسىم II** ئىسىم. 1. بىرەر نەرسىنىڭ سىزىلغان تەسۋىرى، ئەكس، شەكلى [画,图画]. رەسىم سىزماق. * قىستۇرما رەسىم. * رەسىملەر كۆرگەزمىسى.

2. بىرەر نەرسىنىڭ فوتو ئاپپاراتىدا چۈشۈرۈلگەن شەكلى، سۈرەت [相片,照片]. رەسىمگە چۈشمەك. * رەسىم تارتماق.

## رەڭ

**رەڭ I** ئىسىم. 1. بوياق[颜色,色泽]. رەڭدار. * رەڭمۇ-رەڭ. * رەڭلىك مېتال. * رەڭلىك كىنو فىلىمى. * رەڭلىك تېلېۋىزور. * رەڭ بەرمەك. * رېڭى تۇتۇق، رېڭى ئوچۇق.

قامىتىدىن نە پايدا دىتى بولمىسا،
گۈل رېڭىدىن نە پايدا ھىدى بولمىسا.

**رەڭ II** ئىسىم. ھىيلە-مىكىر[计谋]. رەڭۋاز، رەڭۋازلىق، رەڭۋازلىق قىلماق. * ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ(ماقال).

**رەۋىش I** ئىسىم. گىرامماتىكا ئاتالغۇسى. ئىش-ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى [副词]. رەۋىشداش. * رەۋىشلەر جۈملىدە، ئومۇمەن، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

**رەۋىش II** ئىسىم. يوسۇن، ئۇسۇل [方式]. مېھمانلارنى

قىزنىڭ رەڭشىدە كۆتۈرۈلدۇق. * ئىشىمىز شۇ رەۋىشتە داۋام قىلدى. * توختىخان ئەبلى رەۋىشى بار خوتۇن.

## رول

**رول I** ئىسىم. قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى باشقۇرىدىغان ئەسۋاب[舵,方向盘,车把]. ماشىنىنىڭ رولى. * ۋېلسىپىتنىڭ رولى.

**رول II** ئىسىم. كىنو، تىياتىرلاردا ئارتىسلار ئويناپ چىقىدىغان پېرسوناژلار، شەخسلەر[角色]. باش رول. * ياردەمچى رول. * رول ئالماق.

**رول III** ئىسىم. تەسىر؛ ئۈنۈم؛ قۇۋۋەت[作用,功能,机能]. پائال رول ئوينىماق. * ئۇنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى يوق. * بۇ دورىنىڭ ھېچقانداق رولى بولمىدى.

## رۇس

**رۇس I** ئىسىم. مىللەت نامى ۋە شۇ مىللەتتىن بولغان كىشى، روسىيىنىڭ ئاساسىي مىللىتى، ئېغىز تىلىدا"ئورۇس" [俄罗斯族,俄罗斯人]. رۇس تىلى. * رۇس يېزىقى؛

**رۇس II** سۈپەت. تۈز، توغرا[直,端正,正确]. خەتنى ئورۇندۇقتا رۇس ئولتۇرۇپ يېزىش ۋە ئوقۇش كېرەك. * ئەگرى ياغاچنى رۇسلىماق. * گەپ دېگەننى رۇس قىلغۇلۇق.

# ز

## زاك

**زاك I** ئىسىم. قوناق ئۇنىدىن ئېتىلىدىغان قويۇق ئوماچ، ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ، قۇمۇل، تۇرپانلاردا ”جوتاڭ“ دېيىشىدۇ [搅团]. مالۇنى كۆپ يېسە، زاك ئېتىيدۇ (ماقال). * زېمىندا زاك كۆرمىگەن، چۈشىدە نان(ماقال). * ئۇن يوق دېسە، زاك دەيدۇ، ھاردىم دېسە مالك دەيدۇ(ماقال).

**زاك II** ئىسىم. خىيانەت ياكى ئوغرىلىقتىن كەلگەن ھارام مال، پۇل[赃,赃物]. ئۇ خىيانەت قىلغان پۇلنى تاپشۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىندى.

**زاك III** سۈپەت. گەپ سۆز ۋە قىلىقلىرى باشقىلارغا ياقمايدىغان، ئېتىبارسىز، لاۋزا[无聊的,轻佻的,轻浮的]. زاك بىلەن ماز قېرىنداش(ماقال). زاك ئادەم.

## زەپەر

**زەپەر I** ئىسىم. غەلىبە، ئۇتۇق[凯旋，胜利]. ئارمىيىمىز زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ كېتىپ بارماقتا. * ئانا: ”زەپەر قوچ بالام“ دېدى بالىسىنى ئۆزىتىپ.

**زەپەر II** (زە: پەر) ئىسىم. ئىپار[藏红花]. ئىپار-زەپەر. * ھاراققا ئازغىنا زەپەر سالسا، تازا پەيزى بولىدۇ، —دېدى بىر دوستۇم.

## زەي

**زەي I** ئىسىم. ئۆچكە تېرىسىدىن تىلىپ ياسالغان تاسما، شوينا [弦(弹花弓或弓箭的)]. تاش ئۈستىدە پادىچى، قولىدا زەي قامچىسى. * زەينى چىڭ تارتماق.

**زەي II** ئىسىم. جىيەك، زىغزىق [花边]. ئايشەمگۈل كۆڭلىكە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىلاڭ ئېتىكىگە زەي ئۆتۈپتۇ.

**زەي Ⅲ** سۈپەت. نەم، ئاستىدىن نەم ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر [潮湿的地]. زەي يەر. * زەيكەش قېزىپ، يەرنىڭ زېيىنى چىقاردۇق. * تام زەيدىن ئۆرۈلەر، ئادەم غەمدىن (تەمسىل).

## زور

**زور Ⅰ** سۈپەت. چوڭ، كاتتا [大,重大,巨大]. زور ۋەقە. * زور ھادىسە. * زور ئىنقىلاب

**زور Ⅱ** سۈپەت. كۈچى بار، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك [有力的,强大的,坚强的]. زور ئىرادە. * زور ئىرىشچانلىق. * زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ (ماقال).

**زور Ⅲ** ئىسىم. بېسىم. مەجبۇرىيەت، مەجبۇر [逼迫,迫使,强迫]. مەن بۇ يەرگە ئۇنىڭ زورى بىلەن كەلدىم. * ئۇ چىرايىغا زور بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ گەپكە كىرىشتى.

**زور Ⅳ** رەۋىش. كۈچەپ [吃力地, 费劲地]. بۇ تاغارنى كۈچەپ كۆتۈردۈم. * زورمۇزور ئىشلىگەن بىلەن بولمايدۇ.

## زىرە

**زىرە Ⅰ** ئىسىم. ھالقا، سىرغا، ئالبۇرغا [耳环,耳坠子]. ئالتۇن زىرە، كۈمۈش زىرە. * زىرە قىزلارغا يارىشىدۇ.

**زىرە Ⅱ** ئىسىم. بىر خىل ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقى. ئۇ پۇراقلىق بولىدۇ. دورا ياكى تەم تەڭشىگۈچى دورا-دەرمان قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ [孜然]. زىرە سالمىغان كاۋاپنىڭ تەمى يوق.

# س

## ساپ

**ساپ I** ئىسىم. دەستە، تۇتقۇچ، ساپاق[把子,柄杆]. كەتمەن سېپى. * ئۆتمەس پىچاققا ئالتۇن ساپ(ماقال). * تاز قىزغا ئەر تاپماق تەس، قىدام كەكىگە ساپ(تەمسىل). * پالتىنىڭ سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ(ماقال).

**ساپ II** سۈپەت. 1. پاك[纯的,净的]. ساپ ئالتۇن. * ساپ پايدا. * ساپ پاختا.

2. ئازا، پاكىز، غۇبارسىز[清洁的,清新的]. ساپ ھاۋا-تەنگە داۋا (ماقال). * ساپ ئادەم.

بىر پەرت:

بولساڭ سەن دۇنيادا ياخشى—كۆڭلى ساپ،

ئۇنارمەن كەتمەنگە قىلاي دېسەڭ ساپ.

—ئەركىن ئەبەيدۇللا.

**ساپ III** پېئىل. تۆشۈكتىن ئۆتكۈزمەك[穿]. يىڭنىگە يىپ ساپماق. * قولىنى يەڭگە ساپماق.

**ساپ IV** رەۋىش. پۈتۈنلەي، تامامەن("لا"قوشۇلۇپ "ساپلا"بولۇپمۇ كېلىدۇ)[完全,纯粹,尽是,都是]. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالە دېگىنى ساپ ئويدۇرما. * بۇگۈنكى مەجلىسكە ساپلا ئەرلەر كەپتۇ. * بۇ ساپلا بىز ئۆگەنمىگەن سۆزلەر ئىكەن.

## ساپلىق

**ساپلىق I** ئىسىم. چۆمۈچ، ئۇسقاق[马勺,沙勺]. بايا ئىككى ساپلىق ئاش ئىچىۋىدىم، قورسىقىم يەنە ئېچىۋاتىدىغۇ!

**ساپلىق II** ئىسىم. ("ساپ II"گە ئىسىم ياسىغۇچى قو-شۇمچە"لىق" قوشۇلغان). پاكلىق، تازىلىق[清白的,独洁的]. نەدە

هەق-ناھەق ئاجرىتىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ خۇلقىدا ساپلىق بولمايدۇ. * ئەيىمنى ھېچ قىلىش ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىش ئەمەس، بەلكى ۋىجدان ئازابى، مەنىۋى ساپلىق ۋە دىيانەتسىزلىكى ئىنتىلگەنلىكتۇر.

ساپلىق III سۈپەت ("ساپ I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). سېپى بار، ساپلانغان[带把的,有柄的].
ياغاچ ساپلىق تۆمۈر ئارىنى ئەكەل.

2. ساپ قىلىشقا لايىق نەرسە [做把子的料]. سۆگەت شېخىدىن ئىككى ئۈچ تال ساپلىق كېسىۋالدىم.

## سارقىت

سارقىت I ئىسىم. توي، زىياپەت ۋە نەزىردىن ئالغاچ كەلگەن يېمەكلىك، زەللە، سوۋغا[回礼(做客或过乃孜尔返回时给家人带的食品)].
ئۆزى تويمىغاندىن سارقىت چىقماس(ماقال).

سارقىت II پېئىل. سارقىتماق، سارقىتىش. ئاستا، تامچىلىتىپ ئېقىتماق[渗出,慢慢流出]. بوتۇلكىنىڭ تېگىدىكى ياغنى سارقىتقىن.

## ساز

ساز I ئىسىم. 1. ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى [乐器]. ساز چالماق.

2. مۇزىكا، كۈي[音乐]. قېنى بىر دەم ساز ئاڭلايلى، جىم ئولتۇرۇڭلار.

ساز II ئوت-چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن پاتقاقلىق[沼泽地]. سازنى يەر بولمايدۇ دېمە، تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە(ماقال).

خىجالەت كەلتۈرەر تىلدىكى پەرداز،
گىيا ئۈنمەس قارايەر بولغىنى ساز.

ساز III سۈپەت. ياخشى؛ بەلەن[精美的,精巧的]. ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن(ماقال). * ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار(ماقال).

## ساق

ساق I سۈپەت. 1. كېسەلدىن خالىي، ساغلام، سالامەت [健康的,健在的,安然无恙的]. دادىڭىز ساقمۇ؟ ساق-سالامەت تۇردىمۇ؟ * دانا

قەدرىنى نادان بىلمەس، ئاغرىق دەردىنى ساق(ماقال). * تەن ساقلىق دۆلەت. * ساق كۆز يىغلىسا، قارىغۇ كۆزدىن ياش چىقار(ماقال).

2. پۈتۈن، تولۇق، زىدە ئەمەس، ئەيىب، نۇقساندىن خالىي [完好的,完整的,没有遗失的]. چىۋىن ساق تۇخۇمغا قونمايدۇ(ماقال). * تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر(ماقال). * مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى ساق (ماقال).

ساق II سۈپەت. ھوشيار، زېرەك، سەگەك[机警的]. ئۆزەڭنى ساق تۇت قوشناڭنى ئوغرى تۇتما(ماقال). * سېغىزخاندىن ساق ئادەم ئۆ.

## ساقا

ساقا I ئىسىم. ئوشۇق ئويۇنلىرىدا تىككەن ئوشۇقلارغا ئاتىدىغان مەخسۇس "كوزىر" ئوشۇق [萨卡(玩具)]. ساقىسى ئالچۇ چۈشمەك.

ساقا II ئىسىم. شارىك[滚珠]. ۋېلسىپىتنىڭ ساقىسىدىن ئىككىسى چۈشۈپ قاپتۇ.

## ساقلا

ساقلا I پېئىل ("ساق"قا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). 1. ساقلىماق، ساقلاش[保持, 维持,维护,保守]. تەرتىپ ساقلىماق. * ئېغىز ساقلىغان جان ساقلار(ماقال). * ئابروينى ياشلىقىڭدىن ساقلا (ماقال). * قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن، ئوغۇلنى ئاتىسى ساقلىسۇن(ماقال). * خۇدا ساقلىسۇن(ئادەت سۆزى).

2. ئۇزاق ۋاقىت ئەينەن تۇتماق[存, 保存,存放,收藏]. بۇ ھاراقنى ئون يىل ساقلىدىم. * ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنىڭ ياخشىلىرىنى ساقلاش لازىم. * قىز ساقلىغۇچە، تۇز ساقلا(ماقال).

ساقلا II پېئىل. ساقلىماق، ساقلاش. كۈتمەك، كۈتۈپ تۇرماق[等,等待]. سېنى كۆپ ساقلىدۇق. * سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، بىرپەسلا كېلىمەن.

## سال

سال I ئىسىم. كۆل، دەريالاردا ئېقىتىش ياكى ئۆتۈشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈش ئۈچۈن بىر-بىرىگە چېتىپ باغلانغان ياغاچ[筏子,木排]. سال باغلىماق. * سال ئېقىتماق.

**سال II** پېئىل. سالماق، سېلىش. 1. قاپلاپ كىيگەن كىيىملەرنى يەشمەك[脱]. چاپاننى سالماق. * ئۆتۈكنى سالماق.

2. بىرەر نەرسىنى ئاغزى بوش يەرگە تىقماق، قويماق[装,装载,放入,投入,伸入]. قەلەمنى يانچۇققا سالماق. * ئوچاققا ئوتۇن سالماق. * پىچاقنى غىلاپقا سالماق. * بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالماق. * ئاغزىغا ئىمان، ئىلىم سالماق.

3. كەمتۈك يەرنى تولدۇرماق[镶,嵌,上环] چىش سالماق. * دىرىزىگە ئەينەك سالماق. * ئۈزۈككە كۆز سالماق.

4. يايماق[铺]. كىگىز سالماق. * يوتقان سالماق. * داستىخان سالماق. * ئۆيگە گىلەم سالماق.

5. سۇ ياكى سۇيۇقلۇققا بىرەر نەرسىنى تاشلىماق، قوشماق[放,放入,下]. ئاشقا تۇز سالماق. * چايغا قەنت سالماق. * قايناقسۇغا چاي سالماق. * قازانغا چۆپ سالماق. * ئاشقا زەھەر سالماق. *دەرياغا تور سالماق. * كۆلگە قارماق سالماق.

6. دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتمەك[使用农具]. يەرگە سۆرەم، ساپان، تۇلۇق ۋە ئۇرۇق سالماق.

7. ياسىماق[修, 修筑]. كۆۋرۈك سالماق. * تونۇر سالماق. * مەكتەپ سالماق. * ئۆي سالماق. * ئوچاق سالماق.

8. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرماق[使参赛]. پالۋاننى چېلىشقا سالماق. * ئاتنى بەيگىگە سالماق. * سۆزمەننى بەسكە سالماق.

9. بىرەر ئىش ھەرىكەتكە پۇل، سەرمايە سالماق[投资]. مەبلەغ سالماق، دەسمايە سالماق.

10. بىرەر مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئارتماق[摊派]. سېلىق سالماق. * تېيلۇق سالماق.

11. يايماق، نەملىكنى قۇرۇتماق[晒]. قاق سالماق. * يوتقاننى ئاپتاپقا سالماق.

12 . ئۇرماق، تىقماق[打,动]. كاچاتقا سالماق. * پىچاق سالماق. * ئاتقا قامچا سالماق.

13 . ئېلىپ ماڭماق، باشلاپ ماڭماق[押,带]. جىنايەتچىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭماق. * بالىلارنى كەينىگە سېلىپ ماڭماق.

14 . بىرەر نەرسە ئۈستىگە بىرنەرسە بېكىتمەك[上,套]. ئىشىككە قۇلۇپ سالماق. * مىلتىققا ئوق سالماق. * ئۆتۈككە چەم سالماق. * چاپانغا ياماق سالماق.

15 . بىرەر ئىشقا كىرىشتۈرمەك[使…投入]. زاۋۇتنى ئىشقا سالماق. * ئادەمنى ئىشقا سالماق. * قوشۇننى جەڭگە سالماق. * قوشنى توشقانغا سالماق.

16 . بىرەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماق[使陷于(某种状态)]. ئەندىشىگە سالماق. * تەشۋىشكە سالماق. * ئېغىر ئەھۋالغا سېلىپ قويماق.

17 . ساڭگىلاتماق[垂下,耷拉,悬垂]. بېشىنى تۆۋەن سالماق. * قولىنى سالماق. * قورساق سالماق. * قاپىقىنى سالماق.

18 . ئاچماق، قاتلاقنى تۈزىمەك[算命,滚衣]. رەم سالماق. * پال سالماق. * دەزمال سالماق.

19 . ئەسلەتمەك[提醒]. يادىغا سالماق. * ئېسىگە سالماق. * سەمىگە سالماق.

20 . مەلۇم بىرنەرسە بىلەن ئۆلچىمەك[量,称]. يەرگە مېتىر سالماق. * ئۈزۈمنى جىڭغا سالماق. * ئالتۇننى تارازىغا سالماق.

سال Ⅲ ياردەمچى پېئىل. جەريان باغلامچىسى. بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:加在名词后,使其动词化]. نەزەر سالماق. * قولاق سالماق. * كۆز سالماق. * تىل سالماق. * پارالڭ سالماق. * پال سالماق.

2 . «پ» لىك رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىختىيارسىز يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,动作在不由自主的情况下发生的]. ئۇ يىغلاپ سالدى. * مەنسۇر كۈلۈپ سالدى. * مەن ئۇنىڭ يۈتىغا دەسسەپ سالدىم. * بۇ گەپ ئاغزىمغا كەپقالدى، دەپ سالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. يۈزلىنىش كېلىشتە كەلگەن"مەس // مەسلىك // ماسلىق" قا قوشۇلۇپ كېلىپ، قەستەن خۇپسەنلىك قىلماق مەنىلىرىنى بىلدۈ-رىدۇ[假装，佯装]. بىلىپ تۇرۇپ، بىلمەسلىككە سالماق. * كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆرمەسكە سالماق. * ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاڭلىماسلىققا سالماق. * قورقۇپ تۇرۇپ، قورقماسلىققا سالماق.

## سالا

**سالا I** ئىسىم. مۇرەسسە [调解,调]. سالاچى، سالاچىلىق.
* سالاغا كەتكەن قىرىندىشىم(ماقال).

گۈل قىستىم قولاقىمغا،
كىرمىدىڭ سالايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

**سالا II** ئىسىم. بارماقلارنىڭ ئارىسى [指缝]. قولنىڭ سالاسى.

**سالا III** سۈپەت. تېرىلغۇ يەرلەرنى رەتلىك تەكشىلەپ تې-رىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن تاختىلانغان يەر[条状的]. سالا ئېتىز.

## سالما

**سالما I** ئىسىم. سالمىچۇق[蝎虎]. لالما بولغۇچە، سالما بول (ماقال).

**سالما II** ئوقۇرۇق[套马索(牧人套马用的)]. سالما تاشلىماق.
* ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، سالماڭمۇ ئۇزۇن بولار(ماقال).

## سالماق

**سالماق I** سۈپەت. ئېغىر-بېسىق، پۇختا، تەمكىن [稳重的,稳健的,沉着的]. سالماق ئادەم. * ھەر ئىشتا سالماق بول. * بۇ گەپنىڭ خېلى سالمىقى بار.

**سالماق II** پېئىل. "سال"نىڭ ئىسىمدىشى، "سال I"گە قاراڭ.

# ساما

**ساما I** ئىسىم (كونىرىغان سۆز. ئەسلى: سماء). ئاسمان، ئاسمان-پەلەك، پەلەك، كۆك [天空,太空]. سامادا پەرۋاز قىلماق. * ساماۋى خان.

**ساما II** ئىسىم. 1. ئەسلى زىكرى ساما، سماء [跳神].
ساما سالماق.

2. هازىر چوڭ تىپتىكى بىر خىل كوللېكتىپ ئۇسسۇل [撒马舞]. قەشقەر ھېيتگاھدا ھېيت-ئايەملەردە ساما بولۇپ تۇرىدۇ.

# سامانچى

**سامانچى I** ئىسىم. ياۋا مۈشۈك، ئوغرى مۈشۈك [野猫].

**سامانچى II** ئىسىم ("سامان"غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە"چى"قوشۇلغان). سامان ئېلىپ ساتقۇچى[卖麦草的人].

# سان

**سان I** ئىسىم. يانباش [大腿,后腿]. بىر سان گۆش ئالدىم.

**سان II** ئىسىم. 1. ساناق [数,数目,数字,数量]. جۈپ سان. * تاق سان. * سانلىق مەلۇمات. * ساندا بار، ھەمياندا يوق(ماقال). * ئېلىشتا سانغا ئوتتۇز، بېرىشتە سانغا توققۇز(ماقال). * سانى بار، ساپاسى يوق(ماقال).

2. پەلسەپە ئاتالغۇسى. سان كاتېگورىيىسى[量]. سان ئۆزگىرىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. گراماتىكا ئاتالغۇسى. سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى [数词]. ساناق سان. * دەرىجە سان. * مۆلچەر سان. * تەرتىپ سان.

4. گېزىت-ژۇرناللار، مەجلىس يىغىنلارنىڭ نۆۋەت نومۇرى [(报刊的)期,(会议的)次,届]. «تارىم» نىڭ 93-يىللىق 5-سانى. * «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 90-يىللىق 1-سانى. * 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى 5 يىل ئىچىدە 30 سان يىغىن ئۆتكۈزدى.

**سان III** ئىسىم. ئىززەت-ھۆرمەت، مەرتىۋە[地位]. سانسىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سان تەگدى، ئىشتانسىزغا هال(ماقال).

## سانا

**سانا I** ئىسىم. سۈرگە دورىسى[番泻叶].

**سانا II** پېئىل ("سان"غا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "ا" قوشۇلغان). سانىماق، ساناش. 1. بىر-بىردىن، دانىلاپ هېساب لىماق[点,数]. چۈجىنى كۈزدە سانا (ماقال). * چۈچۈرىنى خام سانىماق (ماقال). * سانىماي سەككىز دېمە(ماقال). * سەن تاش سانىساڭ خەق قوم سانايدۇ (ماقال).

2. ... دەپ قارىماق، هېسابلىماق[以为,认为]. ئالغىنىڭنى كۆپكە سانا، بەرگىنىڭنى ئازغا(ماقال).

3. قاراتماق، نەزەردە تۇتماق[对,针对]. قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە(ماقال).

## ساۋاق

**ساۋاق I** ئىسىم. دەرس[功课,课程]. ساۋاق بەرمەك. * ساۋاق ئالماق. * مەكتىپىم پۈتمەس بۇلاق، بىرىدۇ پەندىن ساۋاق(ماقال).

**ساۋاق II** ئىسىم. ئىبرەت[教训]. ئاچچىق ساۋاق. * تارىخىي ساۋاق. * بۈگۈنكى ئىش ماڭا يەنە بىر ساۋاق بولدى. * بىرىنچى قېتىم يىقىلماق، ئىككىنچى قېتىمغا ساۋاق.

**ساۋاق III** ئىسىم. يۇڭ، پاختا ئاتقاندا ساۋايدىغان ساۋاق [弹毛棍].

## ساي

**ساي I** ئىسىم. تېرىلمايدىغان تاشلىق، شېغىللىق جاي [河滩,河谷]. قېچىرنىڭ بېشىنى سايغا چىققاندا كۆر، تاماشاسىنى لايدا (ماقال). * سايدا تاش تېپىلماپتۇ(ماقال).

**ساي II** رەۋىش. هېلى، هازىر، بايا (خوتەن دىئالېكتىدا) [刚,才]. مەن ساي كەلدىم.

## سايغاق

**سايغاق I** ئىسىم. ئوقۇرۇق قۇرت، كۆكۈيۈن[牛虻].

**سايغاق II** ئىسىم. ئۇچ چىشلىق تۆمۈر ئارا، سانجىغاق [叉子]. سايغاق بىلىق تۇتۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## سەپ

**سەپ I** ئىسىم. 1. فرونت، مەيدان[战线,阵线]. ئالدىنقى سەپ. * بىرىنچى سەپ. * ئىنقىلاب سېپى. * ئىدىيە سېپى.

2. كىشىلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلغان قاتارى[队列,排]. سەپ تۈزمەك. * سەپ تارتماق. * سەپكە تىزىلماق.

**سەپ II** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). ياتلىق بولغان قىزغا ئاتا-ئانىسى بەرگەن بىسات، نەرسە-كېرەك [红装].

**سەپ III** پېئىل. سەپمەك، سېپىش. سۇيۇقلۇقنى تۇزان ياكى تامچە قىلىپ باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تەكشى چاچماق، پۈركىمەك[洒,撒]. يەرگە سۇ سەپمەك. * بىر قولۇڭ بىلەن سەپكەننى ئىككى قولۇڭ بىلەن تەر(ماقال). * سۇنى سەپ سىڭار يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە(ماقال).

**سەپ IV** پېئىل. (سەپسالماق) دىققەت بىلەن قارىماق، ئىنچىكىلەپ كۆرمەك[细看].

"سەپ"تىن بىر تەجنىس:

ئەۋلادنى تەربىيىلەپ دىلىغا نۇر سەپ،
يېتىشسۇن زېرەكلەر ئارقاڭدىن سەپ-سەپ.

——ئەركىن ئەبەيدۇللا.

## سەپەر

**سەپەر I** ئىسىم. يول[路程, 旅程,旅途,行程]. سەپەرگە چىقماق. * سەپىرىڭىزگە خىزىر يار بولسۇن.

تا يىراقتا سەپەر قىلماستىن ھامان،
يېقىنلار قەدرىنى بىلمەس ئىنسان.

**سەپەر II** ئىسىم. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 2-ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نامى[回历二月]. سەپەر ئاي. * سەپەر ئايدا سەپەرگە چىقما.

**سەپەر Ⅲ** مىقدار سۆز (كونىرىغان سۆز). قېتىم، نۆۋەت [量词:次,回].

ئېسىلىۇ پەسلەر قوشۇلۇپ قالسا گەر،
پەس تەبىئىتى غالىب كېلەر ھەر سەپەر.

## سەراپ

**سەراپ I** ئىسىم. مۇنچا، ھاممام[浴室,淋浴]. سەراپ غۇ-سۇل-تاھارەت ئۈچۈن ئەپلىك. * سەراپقا چۈشمەك.

**سەراپ Ⅱ** ئىسىم. ئالۋۇن، ئېزىتقۇ ئەلەڭگۇ[蜃景]. ياز كۈنلىرى سايلاردا سەراپ كۆپ كۆرۈنىدۇ.

## سەكسەنپۇت

**سەكسەنپۇت I** بوغۇملۇق قۇرت، ھەر بوغۇمدا بىر جۈپ پۇتى بولىدۇ. بىرىنچى جۈپ پۇتىدا زەھەر بېزى بار[蜈蚣].

**سەكسەنپۇت Ⅱ** ئىسىم. دېھقانچىلىق سايمىنى، ياغاچتىن ياسىلىدۇ، سۆرەم قىلىپ، ئېتىزدا داڭگاللارنى بوشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ[木磙子].

## سەگۈنچەك

**سەگۈنچەك I** ئاسما بۆشۈك، بۆلەنچۈك[吊床]. بالا ياز كۈنى سەگەنچۈكتە ياخشى ئۇخلايدۇ.

**سەگۈنچەك Ⅱ** ئىسىم. چاچقا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇمى، چاچتەڭگە، قۇمۇل شېۋىسى[长辫子上缀的银币].

قارا قاش باشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى چاچتا بولۇر.
مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

## سەل

**سەل I** ئىسىم. قىيان، تاشقىن، كەلكۈن[汛,洪水]. ئارتۇ-

قىنى ئەل ئالسۇن، قالغىنىنى سەل (ماقال) . * تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق، يامراپ كەلگەن سەلدىن قورق (ماقال) .

**سەل II** ( سەل چاغلىماق) پېئىل. كۆزگە ئىلماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق [轻视,小看,忽视]. دۈشمەننى سەل چاغلىساڭ بېشىڭغا چىقىدۇ (ماقال) .

دانىشمەنلەر سۆزى ئېسىمدە هامان،
ئاجىز ياۋنى سەل چاغلىماق يامان.

**سەل III** رەۋىش. ئازغىنا، كىچىككىنە[稍微,一点儿]. سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ

"سەل" دىن بىر تەجنىس:

ئاممىنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلما سەل،
چۈنكى ئەل يات كۆرسە، ئېلىپ كېتەر سەل.

## سەندەل

**سەندەل I** ئىسىم. تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرلىك سايمىنى. ئۈستىگە مېتال قويۇپ، بازغان، بولقا بىلەن ئۇرۇپ ياپىلاقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ[石钻,铁石钻]. ئامەتنىڭ تېشى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرار(ماقال) .

**سەندەل II** ئىسىم. چوغدان[火盆]. شائخەيدە كىشىلەر قىشتا سەندەلدە ئىسسىنىدىكەن.

**سەندەل III** ئىسىم. يازلىق ئاياغ كىيىمى[皮凉鞋]. يازدا سەندەل كىيىپ يۈرىمەن.

**سەندەل IV** ئىسىم. سەندەل دەرىخى[檀香树]. سەندەل دەرىخى.

**سەندەل V** ئىسىم. يىغىسا يىقىلى بولىدىغان، كىچىك هەم ئەپچىل قىلىپ ياسىلىدىغان بىر خىل ئورۇندۇق [马扎].

## سەۋەب

**سەۋەب I** ئىسىم. ۋەج، بائىس[原因,缘故,理由]. سەۋەبكار، سەۋەبچى، سەۋەبلىك. * سەۋەب-نەتىجە. * سەۋەبسىز ئىش بولماس (ماقال) .

**سەۋەب II** ئىلاج، ئامال[想法,想方设法]. تەلەپ قىل، سەۋەب

قىل(ماقال) . * سەۋەب قىلسالڭ، سەۋەتتە سۆز توختار(ماقال) . * ئۆلگەندە يىغلىغىلى بىر ئۆلمەستە سەۋەب قىل(ماقال) .

## سەيخانا

**سەيخانا I** ئىسىم. ئوتياش دۇكىنى[菜铺子]. سەيخاندا ئوتياش مول.

**سەيخانا II** ئىسىم. چىلىمنىڭ ئوتلۇقى[烟袋锅]. مەيلىڭ بولسا مەيخانا، چىلىم بولسا سەيخانا(ماقال).

## سەينەك

**سەينەك I** ئىسىم. تىرناق ئاستىغا چىقىدىغان يارا، تىرناق يارىسى[甲沟炎].

**سەينەك II** ئىسىم. بىر ياشلىق سەركە[一岁公山羊羔].

## سودا

**سودا I** ئىسىم. تىجارەت، ئالسات[商业,贸易,生意,卖买]. سودا-سېتىق. * سودا-ساتائەت. *سودىلاشماق. * سودا ساقال سىيپىغۇچە(ماقال). * سودا بازىرى. * سودا خىزمىتى. * سودا ئىدارىسى.

**سودا II** ئىسىم. بىر خىل ئىچىتقۇ [苏打,碳酸钠]. پىرەنىك خېمىرىغا سودا سالماق.

## سوقا

**سوقا I** ئىسىم. ساپان [犁]. چىشلىق سوقا. *يەرگە سوقا سالماق.

**سوقا II** ئىسىم. شال ئاقلايدىغان سايمان [臼]. شالنى سوقا بىلەن ئاقلىماق.

**سوقا III** ئىسىم. كۇرۇشكا(قومۇل شېۋىسىدە )[瓷茶缸].

**سوقا IV** سۈپەت. سوقىچاق [长圆形的,椭圆形的]. سوقا باش. * سوقا چىلان.

## سوقماق

**سوقماق I** ئىسىم. تار يول، يالغۇز ئاياغ يول، چىغىر يول [小路,小道,小经].

سوقماق II ئىسىم، ياڭاق مېغىزى، كىشمىش ئۈزۈملەر تاڭشى بىلەن قاتۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىك [核仁糖].

سوقماق III پېئىل. ھەرىكەتنام. 1. ئۇرماق [打]. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق (ماقال). * ئوتقا قاراپ تۆمۈرنى سوق (ماقال).

2. ياسىماق، سالماق [造,制造]. پىچاق سوقماق. * زىرە سوقماق. * قىر سوقماق. * تام سوقماق.

3. زىرائەتنىڭ دېنىنى ئاجراتماق [捣,脱粒,舂]. قوناق سوقماق. * شال سوقماق.

4. مىدىرلىماق، ھەرىكەتلەنمەك [跳动]. يۈرەك سوقماق. * تومۇر سوقماق.

5. چالماق [拍,敲]. چاۋاك سوقماق، جاڭ سوقماق.

6. تەپمەك، ئۇرماق [击]. توك سوقماق.

7. ئوغرىلىماق، ئېلىۋالماق، باپلىماق، جايلىماق[捞,拿,偷]. ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ (ماقال). * يانچۇقچىلار ئاپتوبۇستا پۇلۇمنى سوقۇۋاپتۇ.

8. يېمەك، يەۋالماق [吃掉,干掉]. بىرلىگەن پۇلۇنى ئۇزەم يالغۇز سوقۇۋېتىم.

## سول

سول I ئىسىم. دېھقانچىلىقنىڭ ئۇرما، چېپىق، ئوتاق قاتارلىق ئىشلىرىدا بۆلۈنگەن ئۇلۇش [行,趟]. سول ئالماق. * سول ئاچماق. * ئاش تەلى، نان تەلى، سول نېمىشقا كەلى؟

سول II چەپ [左]. ئانتونىمى: ئوڭ. سول تەرەپ. * سول قول. * سولخاي. * ئوڭ قولۇم، سول قولۇم، ھەممىسى ئۆز قولۇم.

سول III سولماق، سولۇشۇش. قۇرۇپ بوشاپ كەتمەك [枯萎,凋谢]. گۈللەر سولىشىپ كەتتى. * گۈل سولار، ھىدى قالار (ماقال).

## سۈغۈر

سۈغۈر I ئىسىم. يەر ئاستىدىن ئىن كولاپ تۇرىدىغان، قىشتا ئىچەككە كىرىپ كېتىدىغان، ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىغان ھايۋان [旱獭]. سۇغۇر تاغلاردا ياشايدۇ. * سۇغۇر تېرىسى قىممەتلىك.

**سۇغۇر II** پېئىل. سۇغۇرماق، سۇغۇرۇش. چىڭ جايلاشقان، تىقىلغان ئۇزۇنچاق نەرسىنى تارتىپ چىقارماق [抽出,拔出,褪出]. پېتىر ناندىن قىلنى سۇغۇرغاندەك. * ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننىڭ بېشىغا چاپتى.

## سۇن

**سۇن I** پېئىل. سۇنماق، سۇنۇش. 1. بەرمەك، يوللىماق، تەقدىم قىلماق، ھەدىيە قىلماق [给,授,送,送交,赠送,传递]. سوۋغات سۇنماق. * دوكلات سۇنماق. * ئەرز سۇنماق. * گۈل دەستە سۇنماق.

ئۇ قەدەھنى سۇنۇپتۇيۇ، ساقىي قالماپتۇ،
جامالىدىن زەردىسى باقىي قالماپتۇ.

2. ئۇزاتماق [伸]. يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق (ماقال). * ياردەم قولىنى سۇنماق.

**سۇن II** پېئىل. سۇنماق، سۇنۇش. 1. چېقىلماق، بۇزۇلماق، ئاجرالماق، پارچىلانماق، يېرىلماق [断,折,碎,破]. ياغاچ سۇنماق. * چىنە سۇنماق. * تەرەت سۇنماق. * كۆڭۈل سۇنماق. * ئەينەك سۇنماق. * قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە (ماقال). * قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق، قېرى ئۆلسە يىغا (ماقال). * كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار (ماقال). * سۇنغان توقاچ يېپىشماس (ماقال). * ھەق ئىگىلەر، سۇنماس (ماقال).

2. ۋەيران بولماق، يوقالماق [破产,破落,灭]. سۇنغان پومېشچىك. * دۈشمەننىڭ ھەيۋىتى سۇندى.

نەدە روشەن بولسا توغرىلىق نۇرى،
ئەگرىلىك سۇنىدۇ، قۇرۇيدۇ شورى.

"سۇن"دىن بىر تۆيۈق:

دوست بولغاچ كەتمىدىم، كەتمىدىم سۇنۇپ،
چىن دوستلار باغرىغا باستى قول سۇنۇپ.
ئەپسۇس، سەن ھەسەتلىك قىلمىشلىرىڭدىن،
خالايىق ئالدىدا قالدىڭ بەك سۇنۇپ.
—جاپپار رەھىمى.

## سۆرە

سۆرە I    ئىسىم. ئۆينىڭ تۆپىسى، تورۇس (قۇمۇل شېۋىسىدە)[屋顶].

سۆرە II    ئىسىم. چەللە، لاپاس (لوپ شېۋىسىدە)[草棚].

سۆرە III    پېئىل. سۆرىمەك، سۆرەش. تارتماق[拉,拖,曳]. سۆرەپ ماڭماق. * قېرىلىق گۆرگە سۆرەيدۇ (ماقال).

ئات سۆرىمەيدۇ، يەم سۆرەيدۇ،

ئۆكۈز سۆرەيدۇ، هارۋا غىچىرلايدۇ.

## سۆك

سۆك I    ئىسىم. ئاقلانغان تېرىق [小米,谷子].

سۆك II    پېئىل. سۆكمەك، سۆكۈش. تىللىماق، ئەيىبلىمەك [骂,责骂,指责,斥责,责备].

ئالدىڭدا ھېجىيىپ كۈلىدۇ،

ئارقاڭدىن ھەر كۈنى سۆكىدۇ.

سۆك III    پېئىل. سۆكمەك، سۆكۈش. تىكىشىدىن ئاجراتماق [折,折开]. تىكىشنىڭ ئورنى سۆكۈلگۈچە، ئۆزەڭنىڭ سۆككىنى ئارتۇق.

## سۆي

سۆي I    پېئىل. سۆيمەك، سۆيۈش. ياخشى كۆرمەك، كۆيمەك [爱]. ئەمگەك سۆيمەك. * ۋەتەننى سۆيمەك. * چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق (ماقال).

ياخشى خۇلۇق ئەلڭ ياخشى نەرسە دۇنيادا،

خەلق سۆيەر ھەممىدىن شۇنى زىيادا.

سۆي II    پېئىل. سۆيمەك، سۆيۈش. ئۆپمەك [吻,接吻,亲嘴]. ئانا بالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قاتتىق سۆيمەك.

## سۈر

سۈر I    ئىسىم. ھەيۋەت، قورقۇنچ [威严, 阴森]. ئۇ سۈرى

ئادەم. * سۇر باسماق.

سۇر II سۈپەت. رەڭ، ئاچ كۇل رەڭ [浅、灰色].

سۇر III سۈپەت. ئىسلاش يولى بىلەن سۈيى قاچۇرۇلغان [熏的]. سۇر گۆش. * سۇرلىمەك.

سۇر IV پېئىل. سۇرمەك، سۇرۇش. 1. سىلجىتماق، ئالدىغا مىدىراتماق [促进,推动].

ئىشنى ئالغا سۇرمەكچى بولسا يولداش،

تەرتىپكە سالغۇسى سەۋر بىلەن بەرداش.

2. قوغلىۋەتمەك، ھەيدىۋەتمەك [追,驱逐]. سۇرۇپ توقاي قىلماق.

* دۈشمەننى سۇرۇپ چىقارماق.

ئۇر، قوغلا، سۇر دۈشمەننى،

قۇتقۇز بۇ يۇرتىمىزنى.

سۇر V پېئىل. سۇرمەك، سۇرۇش. يايرىماق، دەۋر سۇرمەك، سەلتەنەت سۇرمەك.

"سۇر"دىن بىر تۇيۇق:

ئانام بەردى ماڭا تۇپراق. كۆزۈڭگە تۇتىيا سۇر، دەپ،

ئاتام بەردى ماڭا شەمشەر. ئېلىڭنىڭ دۈشمىنىنى سۇر، دەپ،

غۇرۇرۇم بەردى غەيرەتنى. ئۇزۇڭنى باسمىسۇن سۇر، دەپ،

ئىجادىم بەردى كۆپ شادلىق. دەۋرىنىڭ پەيزىنى سۇر، دەپ.

— ئەركىن ئەبەيدۇللا.

## سېغىز

سېغىز I ئىسىم. كەمپۈتنىڭ بىر تۈرى، قىز-ئاياللار چاينايدىغان، پۇراقلىق پۇس-پۇس كەمپۈت [口香糖,泡泡糖]. سېغىز چاينىماق.

سېغىز II ئىسىم. يەر پوستىدا بولىدىغان بىر خىل يېپىشقاق تۇپا [粘土]. سېغىز تۇپا.

## سېغىن

سېغىن I سۈپەت. سۈتى سېغىلىدىغان، سۈت بېرىدىغان.

سىغىن كالا. [有乳的,产奶的]

سېغىن II پېئىل. سېغىنماق، سېغىنىش. كۆرگۈسى كەلمەك، ياد ئېتىپ تۇرماق [想念,思念,怀念]. زەپ سېغىندىم سېنى، سەنمۇ سېغىندىڭمۇ مېنى.

## سېكىلەك

سېكىلەك I ئىسىم. ماڭلاي چاچ، دوتەي چاچ، كوكۇلا [鬓发].

سېكىلەك II ئىسىم. قىز، چوكان [姑娘,少妇].

سېكىلەك III ئىسىم. پۇزا [小擀杖].

## سېلىق

سېلىق I ئىسىم. ئالۋان-ياساق، باج-خىراج، سەيسى-ھاشار [负担,赋税,差使]. دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

سېلىق II سۈپەت. ساڭگىلاتماق، ئېسىلغان [低垂的]. ئۇنىڭ قاپىقى سېلىقلىق تۇراتتى.

## سىر

سىر I ئىسىم. مەخپىيەت [秘密,机密,奥密]. سىر ساقلىماق. * سىر يوشۇرماق. * سىر تۇتماق. * سىر ئالماق. * چىشىنىڭ سىرىنى تىل بىلىدۇ (ماقال). * باش كەتسە كەتسۇن، سىر كەتمىسۇن (ماقال).

ئىككى خىل كىشىدىن سىر يوشۇرما زىنھار،
بىرى ياخشى تۇئېپ، بىرى سادىق يار.

سىر II ئىسىم. مىنېرال بوياق [油漆]. سىرلىق سىر. * سىرلىماق. * سىر بەرمەك. * داسنىڭ سىرى چۈشۈپ كەتمەك. * تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەپتۇ (ماقال).

## سىركە

سىركە I ئىسىم. 1. توك ئۈزۈم شىرىنىسىدىن ياسىغان ئېچىتقۇ [葡萄水].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇلۇك تېپىپ يېگەن سىركە ۋە پىياز،
ئاقسالىنىڭ ئانۇ بەردىسىدىن ساز.

سىركە II ئىسىم. پىتنىڭ تۇخۇمى [虮子]. بىچارە يېتىم قىزنىڭ بېشىنى پىت بېسىپ كېتىپتۇ. سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدۇ.

سىركە III ئىسىم. ئاچچىقسۇ[醋].

## سىرلىق

سىرلىق I سۈپەت ("سىر I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق"قوشۇلغان). سىر يوشۇرۇنغان، بىر سىر بار، مەخپىي [神密的,奥密的]. سىرلىق ئادەم. * سىرلىق مەجلىس. * "سىرلىق چۈگۈن" چۆچىكى.

سىرلىق II سۈپەت ("سىر II "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). [上过漆的]. سىرلىق چوكا. * سىرلىق ئاياغ.

## سىز

سىز I ئالماش، ئىككىنچى شەخس كىشىلىك ئالماش. "سەن"نىڭ سىپايى تۈرى [您]. بۇرۇن "سىز" دېيىشەتتۇق، ھازىر "سەن" دېيىشىدىغان بولدۇق. * سىزدە بار قارا ئېشەك، مەندىمۇ بار.

سىز II پېئىل. سىزماق، سىزىش. قەلەم ياكى نەرسىلەر بىلەن بىرەر نەرسە ئۈستىدە سىزماق [画,绘]. سىزىق سىزماق. * رەسىم سىزماق. * ئۇ سىزغان سىزىقتىن چىقمايدۇ.

گەر سىزسا قەلىمىم سىزىقتىن بىر،
چىراغ نۇرسىز ئۇ چىقىدۇ قىڭغىر.

سىز III پېئىل. سىزماق، سىزىش. سۇ بىرەر جىسىمدىن تېمىپ چىقماق ياكى تېمىپ كىرمەك [渗]. ئۆچتۇرپاندىكى توققۇز بۇلاقتا سۇ تاغدىن سىزىپ چىقىدۇ، كۆلنىڭ سۈيى سىزىپ كېتىدۇ.

## سىقىم

سىقىم I ئىسىم. ئالقاننىڭ ئىچى [掌窝]. ئاچسام ئالقىنىمدا،

يۇمسام سقىمىمدا. * بېخىل سقىمىنىڭ ئىچىنى ئايايدۇ، تېشىنى يالايدۇ (ماقال).

سقىم II ئىسىم. بېسىم، ئازاب، جاپا [压力,压榨]. سېنىڭ سقىم ئىشلەتكىنىڭ ماڭا كار قىلمايدۇ.

سقىم III مىقدار سۆز. سقىم بىلەن ئۆلچىنىدىغان، سقىمغا تولغان [量词:把,掬]. بىر سقىم ئارپىمۇ ئىشەككە ئوزۇق بولىدۇ.

## سىنچى

سىنچى I ئىسىم. چىرايىغا، ئىزغا قاراپ ئەھۋال بىلگۈچى [相面者,会相面的人].

سىنچى II ئىسىم. لىم، جەگە (شېۋە)[檀子].

## سىنىپ

سىنىپ I ئىسىم. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ۋە مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي گۇرۇھ [阶级]. ئىشچىلار سىنىپى. * دېھقانلار سىنىپى. * بۇرژۇئازىيە سىنىپى. * پومېشچىكلار سىنىپى.

سىنىپ II ئىسىم. 1. ئوقۇش يىلى داۋامىدا بىر خىل پروگراممىغا بويىچە دەرس ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى [班,班级]. 4-سىنىپ. * سىنىپتىن كۆچمەك. * سىنىپتىن قالماق.

2. ئوقۇغۇچىلار دەرس ئالىدىغان ئۆي [教室,课堂]. ئازادە سىنىپ. * سىنىپ پارتىسى. * سىنىپ دوسكىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ش

## شاك

شاك I ئىسىم. موزدۇزلۇق سايمىنى. ئۆتۈكنىڭ قونچىغا سالىدىغان مەخسۇس ياغاچ قېلىپ [楦头]. ئۆتۈككە شاك سالماق.

شاك II ئىسىم. خەنزۇچە: ئىسرىق [香]. شاك كۆيدۈرمەك. * شاك ياقماق.

شاك III ئىسىم. ماتا، خام [土布,大布].

## شال

شال I ئىسىم. دانلىق زىرائەت، پوستى ئاقلانغاندىن كېيىن گۈرۈچ بولىدۇ [稻谷, 水稻]. شال تېرىماق. * شال ئۇتىماق. * شال ئاقلىماق. * كىشىلەر، بوگۈنكى كۈندە تالدا، مالدا، شالدا بەرىكەت بار، دېيىشىدۇ.

شال II ئىسىم. يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن تۆتلىق رومال [披肩,披巾, 大方头巾]. تۆت شال. *شال ئارتماق.

شال III ئىسىم. تاختاي، پەن [板,木板]. شال تىلماق.

شال IV ئىسىم. شۆلگەي، شالۋاق [口水,涎水]. شالنى چاچماق. * شالنى ئاققۇزماق.

## شالچى

شالچى I ئىسىم. شال تېرىيدىغان دېھقان، شال تېرىغۇچى [种稻者].

شالچى II ئىسىم. ياغاچنى شال قىلىپ تىلىدىغان ئادەم، شال تىلغۇچى [锯板工].

## شام

شام I ئىسىم. ياغدىن ئارىسىغا پىلىك سېلىپ ياسالغان،

يورۇتقۇچ نەرسە [蜡烛]. شام ياقماق. * شامچى. * شامدان.

**شام II** ئىسىم. 1. گۇگۇم چۈشكەن، كۆز قارايغان چاغ [黄昏]. شام ۋاقتى. * شام بولدى، شام ياق.

2. مۇسۇلمانلار كۈندە ئۆتەيدىغان بەش ۋاخ نامازنىڭ تۆتىنچىسى، نامازشام[昏礼]. شامنى ئۆتىمەك.

## شەرت

**شەرت I** ئىسىم. تەلەپ، ئەھدە، ۋەدە [条件]. شەرت قويماق. * شەرتلەشمەك. * شەرتنامە. * شەرتى كېتىپ، پەرتى قالماق.

**شەرت II** سۈپەت. زۆرۈر، لازىم، كېرەك [必须]. تاج كىيمەك ئىنسان ئۈچۈن شەرت ئەمەس، لېكىن ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت.

## شەيتان

**شەيتان I** ئىسىم. جىن، ئىبلىس، مەلئۇن[鬼,魔鬼]. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەك. * شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە مەن ھەيران (ماقال). * ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار (ماقال). * پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ (ماقال).

**شەيتان II** ئىسىم. ياغاچچىلىق سايمىنى، نەرسە يۈزىنىڭ تەكشىلىكىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ [水平尺, 水准仪].

**شەيتان III** سۈپەت. شوخ، چاققان، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان (بالىلار ھەققىدە)[机灵]. قارا بۇ شەيتاننى! چولڭ ئادەمنىمۇ ئالداپتۇغۇ!

## شتات

**شتات I** ئىسىم. فېدېراتىپ جۇمھۇرىيەت تەركىبىگە كىرگەن، ئاز-تولا مۇختارىيەت ھوقۇقىغا ئىگە [合众国,州,邦联]. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى. * ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتى. * ھىندىستاننىڭ مادراس شتاتى.

**شتات II** ئىسىم. ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭ تەشكىلى ۋە خادىملىرىنىڭ سانى، ۋەزىپىسىنىڭ بۆلۈنۈشى [编制]. شتات كومىتېتى. * شتات تولۇق. * شتات كەم. * شتات بويىچە بەش باشقارما قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

## شور

**شور I** ئىسىم. تۇز، شورتاڭ [盐碱的,盐霜的,硝]. شور تۇز.
* شور تۇپا. * شور باساق. * شور ئېقىتماق.

**شور II** سۇپەت. شۇملۇق، نەسلىك [不幸,晦气,倒霉]. شور پېشانە. * شورۇڭ قۇرغۇر. * دات—تۇمۇرنىڭ شورى، غەم— كۆڭۈلنىڭ شورى.
* كېلىنى كەلسىمۇ قوينىڭ شورى، ئادەم ئۆلسىمۇ قوينىڭ شورى. * بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزەمنىڭ شورى دەيمەن.

## شورا

**شورا I** ئىسىم. بوزۇلۇپ، كىرىش-چىقىش، ئۆتۈش ئۈچۈن ئېچىلىپ قالغان يوچۇق، تۆشۈك [豁口].

ئادەمنى ھاراق يېتىلەر شورىغا،
ئەگىشەر گادايلىق ئۇنىڭ سوڭىغا.

**شورا II** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). كېڭەش، سوۋېت [会议].

**شورا III** ئىسىم. شورا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك [盐角草].

**شورا IV** پېئىل. شورىماق، شوراش. شۈمەك، ئەممەك [嘬,咂,吮吸]. قان-تەرىمىزنى شورايدىغانلار يوقالسۇن!

## شۈك

**شۈك I** ئىسىم بىر خىل كېسەللىك. بىخۇدلۇق كېسىلى [休克].

**شۈك II** رەۋىش. جىم، تىنچ [静]. شۈك تۇر. * خەپ شۈك.
* سەنمۇ شۈك مەنمۇ شۈك، ئارىدا قارا مۈشۈك (ماقال).

## شىشە

**شىشە I** ئىسىم. ماتا، خام [土布]. شىشە كۆڭلەك. * شىشە تامبال.

**شىشە II** ئىسىم. 1. ئەينەك [玻璃].

2. شېشىدىن ياسالغان بوتۇلكا قاتارلىقلار [玻璃瓶].

## شىر

شىر I ئىسىم. ئارسلان [狮子]. شىر ئويۇنى. * ئۆزەڭنى ئەر چاغلىسالڭ، خەقنى شىر چاغلا.

يامان يولۋاس يولدا ياتىپ شىرغا يول بەرمەس،
ئاتا-ئانىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس.
—ناخشا.

شىر II سۈپەت. پۈتۈن، ساق [实心的]. ئانتونىمى: كاۋاك، پور. شىر تۆرۈپ. * شىر ياغاچ.

## شىرە

شىرە I ئىسىم. ئۈستەل، جوزا [桌子].

شىرە II ئىسىم. خام تېرە [生皮子]. ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قورۇتما (ماقال).

شىرە III ئىسىم. شىرنە، شەربەت، مېۋىگە تېتىق كىرگۈزگەن ماددا [汁]. ئۈزۈم شىرىسى. ئۆرۈمە شىرىسى. * قوغۇن شىرىسى.

## شىيلا

شىيلا I پېئىل. شىيلىماق، شىيلاش. ماختىماق، ئالدىماق [哄骗,夸奖]. ئالداپ يەلڭ بالام، شىيلاپ يەلڭ بالام.

شىيلا II پېئىل. شىيلىماق، شىيلاش. قارتىنى ئارىلاشتۇرۇپ تارقاتماق [洗牌].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غ

## غەللە

**غەللە I** ئىسىم. كاسسا [钱柜]. غەللە سانىماق. * غەللە غالتەككە چىقتى. * غەللىگە پۇل سالماق.

**غەللە II** ئىسىم. پاراق [公粮]. غەللە-پاراق. * غەللە بەرمەك. * غەللە تاپشۇرماق.

## غېجەك

**غېجەك I** ئىسىم. تاپ يەيدىغان بىر خىل قۇش. غېجىر سالۋا [鹭]. ئېشەك ئۆلۈۋاتسا، كۆتىنى غېجەك تارتىپتۇ (ماقال).

**غېجەك II** ئىسىم. چالغۇ ئەسۋابى. ئىككى تارلىق، كاماندا بىلەن چېلىنىدۇ [艾介克琴(类似胡琴)]. غېجەكچى. * غېجەك چالماق.

## غىلتاڭ

**غىلتاڭ I** سۈپەت. تېيىلغاق، سىلىق [滑的,光滑的]. غىلتاڭ يەر. * غىلتاڭ يول.

**غىلتاڭ II** رەۋىش. پۈتۈنلەي، تامامەن، ساپلا (شېۋە) [全是,光是]. بۈگۈنكى مەجلىسكە غىلتاڭ ئەرلەر كەپتۇ. * غىلتاڭ تاشلىق يەردە ماڭدۇق.

# ق

## قاپ

**قاپ I** ئىسىم. 1. تاغار، مىشكاپ، خالتا [袋,口袋,麻袋]. بىر قاپ بۇغداي ئالدىم. * تەلەي تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن (تەمسىل). * گەپ دېسە، قاپ-قاپ، ئىش دېسە، يىراق تاغدىن تاپ (ماقال).

2. بەزى ھايۋانلارنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرىدىغان پوستى، قاسىرىقى [贝壳]. تاشپاقا قېپى. * قۇلۇلە قېپى.

3. بەزى نەرسىلەرنى سېلىپ قويىدىغان ياكى ئوراپ قويىدىغان قۇتا، خالتا [盒子,匣子,套子]. سەرەڭگە قېپى. * ياستۇق قېپى. * قولقاپ.

**قاپ II** رەۋىش. دەل، تازا [正是,恰恰]. دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسى. * كېپىلەك قاپ جايىدىن چۈشتى. * تاننى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كەس.

## قاپاق

**قاپاق I** ئىسىم. ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ كۆزلىرىنى قاپلاپ، ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرىدىغان، قىرىدا كىرپىك بولغان ئەزاسى [眼皮,眼睑]. بادام قاپاق، يالاڭ قاپاق، قوش قاپاق. * قاپاق تارتماق، قاپاق تۈرمەك، قاپىقى يامان، قاپىقىدىن قار ياغىدىغان، قاپىقىنى سۈزمەك. * قاپىقى جۇت قىچقىرىدۇ، كالپۇكى يەر سۈپۈرىدۇ (تەمسىل).

**قاپاق II** ئىسىم. پېلىكى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى شالاڭ، چېچىكى ئاق، بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭ ھوسۇلى. باراڭدا پىشىدۇ، بوغماق، ئىچى كاۋاك كېلىدۇ، تۈرى كۆپ [葫芦]. بوغما قاپاق. * ناسۋال قاپاق. * تۈزلۈق قاپاق. * قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك. * ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ؟

## قات

**قات I** ئىسىم. 1. تاش، يان، تەرەپ [边,岸]. يولنىڭ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېتىدا قاتار-قاتار دەرەخلەر تىكىلگەنىدى. * ئۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كەپتۇ.

2. قەۋەت، قاتلام [层]. ئېتىز ئۈستىدىن بىر قات توپا ئېلىۋېتىلىپتۇ. * ئىككى قات يىپ. * قات-قات قاتلاق.

**قات II** پېئىل. قاتماق، قېتىش. 1. قاتتىق ھالەتكە كەلمەك [凝固,凝结]. كۆلدە بىر قەۋەت مۇز قېتىپتۇ.

2. قاتتىق بولۇپ قالماق [变硬,硬化]. نان قېتىپ قاپتۇ. * ئىككى پۇتۇم سوغۇقتىن قېتىپ قالدى.

3. قوشماق [套]. مۇشۇكنى هارۋىغا قاتسالىڭ، كاتىنىڭ ئاستىغا سۆرەيدۇ (ماقال). * ئاتنى هارۋىغا قاتماق.

4. كۆپەيتمەك، جىقلىماق، قوشماق، ئارىلاشتۇرماق [添,加,搀]. كىمكى سۆتكە سۇ قاتار، ۋارقىراپ يۈرۈپ ساتار. * ئىسپىرتقا سۇ قاتماق. * مەن ئۇنىڭ سۆزىگە سۆز قاتتىم. * ئاق ئۇنغا قوناق ئۇنىنى قاتماق.

## قاتار

**قاتار I** ئىسىم. مۇئەييەن تەرتىپ بىلەن سىزىقچىلار سىزىپ، ئىككى تەرەپ ئىككى خىل ئۇرۇقنى تىزىپ، قائىدە بويىچە يۈرۈش، ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان بىر خىل ئويۇن [方,棋]. توققۇز قاتار ئوينىدۇق. * قىمار ئويۇنىغىچە قاتار ئوينا.

**قاتار II** ئىسىم. رەت، سەپ [排,行,队列,行列]. قاتار تۇرماق، قاتار قويماق، قاتارغا قوشماق. * ئىلغارلار قاتارىدىن ئورۇن ئالماق. * قاتارىدىن چىقماق. * قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال (ماقال). * دىۋانىلەر قاتار ماڭماس (ماقال).

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق.

## قاتناش

**قاتناش I** ئىسىم. نەقلىيات، ترانسپورت [交通]. قاتناش قوراللىرى. * قاتناش ۋاسىتىسى. * قاتناش قائىدىسى. * قاتناش ساقچىسى. * قاتناش نازارىتى.

**قاتناش II** پېئىل. قاتناشماق، قاتنىشىش. بىرەر ئىش-

ھەرىكەتكە ئىشتىراك قىلماق، ئىچىگە كىرمەك[参加,参与,出席]. مەجلىسكە قاتناشماق. * تەشكىلاتقا قاتناشماق. * نامايىشقا قاتناشماق. * زىياپەتكە قاتناشماق.

## قاداق

**قاداق I** ئىسىم. ئالقاندا ۋە تاپاندا قاتتىق سۈركىلىش-بې-سىلىش ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان قاتتىق تېرە [鸡眼,胼胝]. پۇتقا قاداق چىقماق. * قولنى قاداق باسماق. * دېھقاننىڭ قولى قاداق، ئالىجوقىنىڭ تىلى (تەمسىل).

**قاداق II** ئىسىم. 1. رۇسلاردىن كىرگەن ئېغىرلىق ئۆل-چەم، 410 گرامغا تەڭ [俄磅].

2. قاداقلاپ ئۆلچەيدىغان سايمان [磅称]. قادىقىنى بىرىپ تۇر.

**قاداق III** ئىسىم ("قادا"غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). دەزكەتكەن چىنە-چەينەكلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىككى ئۇچى ئىلمەك تۆمۈر مىخ [锯子,铆钉]. قاداقچى. * چىنىگە قاداق سالماق. * قاداق چىنە.

**قاداق IV** ئىسىم. دوپپىنىڭ قادىقى [帽花].

## قارا

**قارا I** ئىسىم. 1. چېنەك، ئاماچ [靶子]. قارىغا ئاتماق. * قارىغا تەگمەك. * قارىغا ئېتىش مەيدانى.

2. سايا، كۆلەڭگە [影子]. كۆزۈمگە غىل- پال بىر قارا كۆرۈندى. * ئەمدى ساڭا قارامنىمۇ كۆرسەتمەيمەن.

3. مۇسىبەت، ماتەم، ھازا [丧事]. قارا تۇتماق، قارىسىنى يەشمەك، قارا باغلىماق. * ھالال ملىم، ئاق ملىم، قارا كۆڭگە ساقلىدىم.

4. كۇيە، قۇرۇم [烟黑子]. قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى (ماقال).

5. يالا، تۆھمەت، بوھتان [诋毁, 诬告]. قارا چاپلىماق، قارا سۈۋۈماق. * قارىلىماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6. ئەيىب، گۇناھ [过失,过错,罪过]. قارا بولۇپ قالماق. * يا ئاق قىل، يا قارا قىل (ماقال).

**قارا II** سۈپەت. 1. قارىمۇقنىڭ رەڭگى، كۆمۈر ياكى قازان كۈيىسى رەڭگىدىكى [黑的,黑色的,乌黑的]. ئانتونىمى: ئاق. قارا چاچ، قاراقاش، قارا تاختا. * قارا ھەرپ، كۆمۈرگە قارا يۇقماس (ماقال).

2. چوڭ، ئۇلۇغ [大,伟大]. قارا خان، قارا شەھەر، قارا مال، قارا ماشىنا، قارا ئورمان.

3. مۇدھىش، دەھشەت، قاتتىق [大,暴,严,疾]. قارا كۈچ، قارا يامغۇر، قارا قىش، قارا قۇيۇن، قارا بوران، قارا كېزىك، قارا چېچەك، قارا بەزگەك.

4. يامان، قەبىھ [黑,恶,野]. قارا كۆڭۈل، قارا نىيەت، قارا يۈز، نىيىتى قارا، كۆڭلى قارا، يۈزى قارا.

5. يوشۇرۇن، مەخپىي [黑,暗,秘密]. قارا ئىشلىك، قارا گەپ، قارا قول.

6. يېرىك، تۆۋەن دەرىجىلىك [粗, 下等]. قارا ئاش، قارا چىراغ، قارا مىلتىق، قارا ئىش، قارا لاي، قارا سوۋاق، قارا ئۆي.

7. بىلىمسىز، ساۋاتسىز [老粗,文盲]. قارا قورساق، قارا تورۇك.

**قارا III** پېئىل. قارىماق، قاراش. 1. نەزەر سالماق، باقماق، كۆرمەك [看,望,瞧,视]. ئاسمانغا قارىماق، يەر ئاستىدىن قارىماق، يەرگە قارىماق، دېرىزىدىن قارىماق، ئۇنىڭ دېرىزىسى يولغا قارايدۇ. * كۆزۈڭگە قاراپ مالڭ. * ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا (ماقال). * قارىغانغا بەرمەيدۇ، گۈش بىلەن ياغنى پۇلغا ئالغان.

2. خەۋەر ئالماق، كۈتمەك [看护,照料,看守,养活]. كېسەلگە قارىماق. * ئاتا-ئانىغا قارىماق—بالىنىڭ ھەققى.

3. بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق [听从,服从]. ئۇ ماڭا قارايدۇ. * كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئامالسىز. * كىشىنىڭ قولىغا قارىغان ئاچ قالار (ماقال).

4. كۈتمەك، ساقلىماق [等候,等待,等着]. بىز ساڭا قاراپ تورۇۋاتىمىز. * مېھمانلار ئۆزلىرىگە قاراپ قالدى.

قارا IV پېئىل. قارىماق، قاراش. تەۋە بولماق، قاراشلىق بولماق [属于,官辖]. ئاقچى ناھىيىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. * مەكتىپىمىز شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا قارىماقچى.

قارا V رەۋىش. 1. شۇ بويىچە، ئاساسلىنىپ، ئاساسەن [依照,按照,根据]. ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەيلى. * بىز ئۇنىڭ رايىغا قاراپ گەپ قىلايلى. * سەن باشلىقنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش تۇت.

2. ھېسابلىماق، سانىماق [看作, 认为, 视为]. مەن ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قارايمەن. * بىز ئۇلارنى ياخشىلار قاتارىدا قارىشىمىز لازىم.

## قارار

قارار I ئىسىم. 1. يىغىندا يىغىن قاتناشچىلىرى مۇزاكىرە قىلىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغان بەلگىلىمە، تەشەببۇس [决议,决定]. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنى 1992-يىل 25-دېكابىردا «پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

2. ئوي، نىيەت، پىكىر [主意,主见,决心]. مەن ئاخىر قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلدىم.

قارار II ئىسىم. مۇددەت، نۆۋەت [期,期限]. ئاپتونوم رايونلۇق 7-قارارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇددىتى توشتى. * 8-قارارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى 1993-يىل 10-يانۋاردا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. * ئۇ يۇقىرى پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ 3-قارارىدا ئوقۇغان.

## قاراش

قاراش I ئىسىم. نۇقتىئىنەزەر [观点, 看法]. دۇنيا قاراش. * ھەربىر كىشىدە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولۇشى لازىم. * بۇ مەسىلىدە مەن سېنىڭ قارىشىڭغا قوشۇلىمەن.

قاراش II پېئىل. 1. "قارا III—1"نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. قىز بىلەن يىگىت بىر-بىرىگە ئۇزاق قاراشتى.

2. ياردەملەشمەك، ھەمكارلاشماق [帮忙,协助]. يۈرۈڭلار، سابىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىلا توپ ئېشىغا قارشايلى.

## قارام

**قارام I** سۈپەت. تەۋەككۈلچى [鲁莽的, 冒失的]. ئۇ بىر قارام يىگىت، قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

**قارام II** سۈپەت. قاراشلىق، ئۆز ئەركىدىن ئايرىلغان [依附,附属]. قارام ئەل. * مەن ئۇنىڭغا قارام بولۇپ قالدىم.

## قارتا

**قارتا I** ئىسىم. ئاتنىڭ ياغلىق ئۈچىيى، قېزى-قارتا [马的直肠].

**قارتا II** ئىسىم. ئويۇن ۋاراقچىسى. 52 دانە بولىدۇ، قاغا، تاپان، غىش، چىللىك دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر خىلىدا A (تۇز)، K (كارول)، Q (ماتكا)، J (سولدات) ۋە ئىككىلىكتىن ئونلۇققىچە بەلگىلەر بولىدۇ. ئويۇن تۈرى ناھايىتى كۆپ [扑克,纸牌]. قارتا ئوينىماق، قارتا شىلىماق، قارتا ئاچماق. * قارتىچى. * قارتا بىلەن ھاراق ياخشى يولغا باشلىماس (ماقال).

## قارلىق

**قارلىق I** ئىسىم. دەسلەپكى قار ياغقاندا، يېقىنلار ئارا ئوينايدىغان ئويۇن. قىزغىن مەدھىيە، تەبرىك ۋە تەلەپلەر يېزىلغان خەتنى بىراۋغا يوشۇرۇنچە تاپشۇرۇش ياكى بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ "قارلىق تاشلىدىم" دەپ قاچىدۇ. تۇتۇلۇپ قالسا، قارلىق تاشلىغۇچى قارلىقتىكى تەلەپ بويىچە چاي بېرىدۇ؛ تۇتۇلۇپ قالمىسا، قارلىق تاشلانغۇچى شۇنداق چاي بېرىدۇ [雪信(维吾尔人初雪之日的一种投信游戏)].

قارلىقتىن بىر كۇپلېت:

بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
ھەممىدىن ئەزىز كۆرۈپ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

* * *

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپمىغىنى چۆجەخوراز.

**قارلىق** Ⅱ ئىسىم. ئۈزۈم قارلىقى [葡萄架子]. تەك قارلىققا تارتىلدى.

**قارلىق** Ⅲ سۈپەت. قار كۆپ، قار دۆۋىلىنىپ قالغان [雪多的,有雪的]. قارلىق تاغ، قارلىق يەر.

## قارىلا

**قارىلا** I پېئىل ("قارا I نىڭ 1"سگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). قارىلىماق، قارىلاش. چېنەككە ئالماق، نىشانغا ئالماق [瞄准].

**قارىلا** Ⅱ پېئىل ("قارا I نىڭ 6"سىغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لا" قوشۇلغان). قارىلىماق، قارىلاش. ئەيىب ئارتماق، قارا چاپلىماق [诽谤]. ئاقنى قارىلىغان—ئۆزىنى يارىلىغان (ماقال).

## قارىمۇق

**قارىمۇق** I ئىسىم. قەلەمپۇر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك [麦郎,麦仙翁,王不留行]. بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ (ماقال).

**قارىمۇق** Ⅱ ئىسىم. زىرائەتكە چۈشىدىغان كۈيە كېسىلى [黑疸]. قوناققا قارىمۇق چۈشمەك.

## قازان

**قازان** I ئىسىم. ئاش پىشۇرۇلىدىغان ياكى سۇيۇقلۇقنى قاينىتىدىغان، ئىسسىتىدىغان سايمان [锅]. تۆمۈر قازان، مىس قازان. * قازانچى. * قازان بېشى. * قازان ئاسماق. * قازان كاۋىپى. * ئاش بەرگەن قازاننى چاقما(ماقال). * قازاننىڭ كۈۋاھچىسى چۆمۈچ (ماقال). قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامانغا قوشۇلما، بولار سەن يامان،
يوقتۇرارسەن قارىسىنى دائىما قازان.

**قازان II** پېئىل. قازانماق، قازىنىش. ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك، نائىل بولماق [取得, 获得]. ئابروي قازانماق. * غەلىبە قازانماق. * مۇەپپەقىيەت قازانماق.

گەر بىراۋ مېھرىنى بولساڭ قازانماق،
ياخشى-يامانلىقنى ئالدىن سىناپ باق.

## قاش

**قاش I** ئىسىم. قاپاقنىڭ ئۈستىدىكى تۈك [眉, 眉毛]. قاراقاش، قەلەم قاش، قوشۇما قاش. * قاش ئاتماق. * قاشنىڭ راستلىقى ئەگرىلىكىدۇر (ماقال). * قاشقا سانىساڭ كۆزگە، ياتقا سانىساڭ ئۆزگە (ماقال). * بالا-قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا (ماقال).

**قاش II** ئىسىم. يېرىق-ئۈستەڭ، دەريا-كۆللەرنىڭ قىر-غىقى [岸, 堤]. ئېقىن سۇ ئاۋۋال قاشنى بۇزار (ماقال). * يول يۈرسەڭ باشقا چىق، سۇ ئۈزسەڭ قاشقا (ماقال).

**قاش III** ئىسىم. قاشتاش [玉, 玉石]. يۇرۇڭقاش، ئاق قاش. * قاش بىلەيزۈك.

**قاش IV** ئىسىم. يان، قاسناق [旁边, 跟前]. قىيىن ئىشنىڭ بېشىغا، باتۇر كېلەر قېشىغا (ماقال).

ناكەس كەلدىمۇ ئىشنىڭ بېشىغا،
بارمىغىن تەلەپ بىلەن قېشىغا.

**قاش V** ئىسىم. ئىگەر قېشى [鞍]. ئايرىلغان دوست ئېگەرنىڭ قېشىنى سۇندۇرار (ماقال).

"قاش"تىن بىر تۈيۈق:

يارماش سەن بەختىنىڭ ئېگىز قېشىغا،
كۆيدۈم دەپ ئولتۇرما خىنىم قېشىغا.
چىن كۆيسەڭ ئىجاد ئەت خەلقىڭ-ئېلىڭگە،
سوۋغاتنى ئېلىپ بار ئەلنىڭ قېشىغا.

— ئەركىن ئەبەيدۇللا.

## قاشلا

**قاشلا I** پېئىل. قاشلىماق، قاشلاش. قىچىشقان يەرنى تاتىلىماق [挠]. ئۆتۈكنىڭ ئىچىدىن قاشلاپتۇ (ماقال).

**قاشلا II** پېئىل («قاش II»گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «لا» قوشۇلغان). ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىنى پۇختىلىماق، قاش ياسىماق [修筑堤坝]. قىيان قاشنى ئېلىپ كەتمىسۇن، چىڭداپ قاشلاپ قويايلى.

## قاغا

**قاغا I** (قا:غا) ئىسىم. قۇزغۇن [乌鸦,老鸹]. تولا قاغا، توقۇناق قاغا. * قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس (ماقال). * قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق (ماقال). *قاغا سېغىزخاننىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ ئۆز مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

**قاغا II** (قا:غا) ئىسىم. قارتىنىڭ تۆت خىلىنىڭ بىرى. بەلگىسى: ♠[黑桃].

## قاق

**قاق I** ئىسىم. ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر[果干]. گۆل-قاق، جىگدە-ياڭاق. * شاپتۇل قېقى. * قوغۇن قېقى. * قاق سالماق.

**قاق II** ئىسىم. تاغ-داللاردا سۇ يىغىلىپ قالغان كۆل-چەك، چايدام [积水池]. تاغدا قاق سۈيىدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىۋىدىم، ئەجەب تېتىپ كەتتى. * تارىم بويىدا قاق تولا.

**قاق III** پېئىل. قاقماق، قېقىش. 1. بىرەر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئۇرۇپ كىرگۈزمەك [钉,打]. مىخ قاقماق. * قوزۇق قاقماق. * قاققان قوزۇقتەك.

2. چەكمەك، ئاستا ئۇرماق [敲,叩]. ئىشىك قاقماق. * دولىسىغا قاقماق. * دۈمبىسىگە قاقماق.

3. بىرەر نەرسىنى سىلكىپ ياكى ئۇرۇپ، چاڭ-توزانلىرىنى چىقىرىۋەتمەك [拍,拍打,抖楼,抖掉]. گىلەم قاقماق. * كىگىز قاقماق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4 . دەرەختىكى مېۋىنى ئۇرۇپ، سىلكىپ چۈشۈرمەك [打落]. ئۈجمە قاقماق. * ئۈرۈك قاقماق. * ياڭاق قاقماق.

5 . يۇقىرى-تۆۋەن مىدىراتماق [振翅, 眨眼]. قانات قاقماق. * كىرپىك قاقماق.

**قاق IV** رەۋىش. دەل، قاپ [正,正好,恰好]. قاق سەھەر. * قاق چۈش ۋاقتى. * قاق بەل. * تاتلىق سۆز قاتتىق تاياقنى قاق بۆلۇر (ماقال).

**قاق V** تەقلىد سۆز. قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى [呱呱(乌鸦叫声)]. قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ (ماقال).

## قال

**قال I** پېئىل. قالماق، قېلىش. 1. بىرەر يەر ياكى بىرەر ھالەتتە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماق [留下]. ئاكام ئۆيدە قالدى. * قازاندا يەنە ئازراق ئاش قالدى.

2 . مىراس بولۇپ كەلمەك [遗留]. بۇ ئاتام زامانىدىن قالغان كونا گەپ. * بۇ ئات ماڭا دادامدىن قالغان. * كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

3 . نورمال ھالەتنى يوقاتماق [失去,丧失,(某种功能)]. ئۇ كۆزىدىن قاپتۇ. * تۇرسۇننىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن. تىلىدىن قاپتۇ. * تاھىر تاماقتىن قالدى.

4 . مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق، يوقاتماق [失去(某种机会)]. ئۇ بالا ئوقۇشتىن قالغانىكەن. * تونۇگۈنكى پويىزدىن قالدىم. * سايلامدا ۋەكىللىكتىن قالدىم. * قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال (ماقال).

5 . مۇسابىقە ياكى ئويۇندا ئۇتتۇرماق، يېڭىلمەك [输给,失败]. سەن مۇشۇ قېتىمقى بىلەن تۆت قېتىم قالدىڭ. * كىم قالسا، ئۇستەل ئاستىدىن ئۆتسۇن. * بۇ قېتىمقى چېپىشتا ئامان ئارقىدا قالدى.

6 . بىرەر يامان ھالغا چۈشمەك [落得(很坏的境遇)]. ئۇ قورۇق گەپكە قاپتۇ. * تونۇگۈن كىنوغا بېرىپ، قايتىشتا يامغۇردا قالدىم. * ئىككى ئارىدا خىجىللىقتا قالما يەنە. * دوستۇڭ قىيىنچىلىقتا قالسا ياردەم قىل.

7 . مەلۇم چەككە يېتىشتە، بەلگىلىك ۋاقىت بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سائەت ئونغا يەنە بىر سائەت قالدى.

**قال II** ياردەمچى پېئىل. قالماق، قىلىش. رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇمچە مەنىلەرنى قوشىدۇ:

1. شۇ رەۋىشلەر بىلدۈرگەن ھەرىكەت، قىلىقلارنىڭ تۇيۇقسىز بولغانلىقىنى ياكى بولۇشقا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [助动词:表示行为,动作的突然性]. شۇ چاغدا ئۇلار كېلىپ قالدى. * ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالىدۇ. * ئويۇن قىزىۋاتقاندا چىراغ ئۆچۈپ قالدى.

2. ئىش-ھەرىكەتنىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [表示行为,动作即将发生]. ئۇ كېلەي دەپ قالدى. * كەچ كىرەي دەپ قالدى. * ئاش پىشاي دەپ قالدى.

3. بولۇشسىز تۈرىنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [用于否定式后,表示行为,动作已经发生]. ئۇئەمدى بولالماي قاپتۇ. * ياسىن مەجلىسكە كەلمەي قالدى.

## قالاق

**قالاق I** ئىسىم. قوشۇق (شىۋە)[勺子]. قازان بىلەن قالاقمۇ ئىچىرلىشىپ قالىدۇ (ماقال).

**قالاق II** سۈپەت. ئارقىدا قالغان [落后]. ئانتونىمى: ئىلغار، ئاكتىپ. قالاق ئۇنسۇر. * قالاق ياشلارنى توغرا يولغا سېلىش كېرەك.

## قالماق

**قالماق I** ئىسىم. مىللەت نامى ۋە شۇ مىللەتتىن بولغان ئادەم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى)[卡尔梅克族,卡尔梅克人].

**قالماق II** ئىسىمداش. "قال"نىڭ ھەرىكەتنامى ["قال"的动名词].

غورۇر ئاپتىپىدىن قىيىن قالماق ساق،
ئاۋۇلى ئۆزىنى كۆيدۈرۈر بىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قالۇن

**قالۇن I** ئىسىم. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى [卡伦琴].

**قالۇن II** ئىسىم. ئەت رەڭ ئات [海骝马].

## قاما

**قاما I** ئىسىم. سۇت ئەمگۈچى هايۋان ۋە ئۇنىڭ تېرىسى [水獭,水獭皮]. قامىنىڭ بېشى كەڭ، ياپىلاق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، پۇتلىرى كالتە كېلىدۇ، يۇڭى قويۇق ۋە يۇمشاق بولۇپ، رەڭگى سۇر. دەريا بويىدا ئىن ياساپ ياشايدۇ، كېچىسى چىقىپ ئۈزۈقلۇق ئىزدەيدۇ. سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا، بېلىق، پاقا ۋە سۇ قۇشلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. تېرىسىدىن ياقا، قولاقچا ياسىلىدۇ: قاما تۇماق. * قاما ياقىلىق جۇۋا.

**قاما II** پېئىل. قامىماق، قاماش. سولىماق، قولغا ئالماق [关押,羁押,监禁,拘禁]. ئۇلار ئوغلۇمنى 15 كۈن قامىدى.

**قاما III** پېئىل. قامىماق، قاماش. غورا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى يېگەندە چىش قامىماق [倒牙]. غورىنى كۆپ يەپ، چىشىم قاماپ كەتتى. * ئانىسى غورا يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ (ماقال).

## قان

**قان I** ئىسىم. بەدەندىكى تومۇرلاردا يۈرەكنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئېقىپ تۇرىدىغان، ئوزۇقلۇق ۋە گورمۇننى بەدەندىكى ھەرقايسى توقۇلمىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋە ماددا ئالمىشىشنى تەمىن ئېتىدىغان قىزىل رەڭلىك سۇ يۇقلۇق، خۇن [血,血液]. قان تومۇر. * قان دانچىلىرى، قانلىق، قانسىز، قان ئازلىق، قان قويۇقلۇق. * قان قېتىشىش. * قان بېسىم. * قانغا قان جانغا جان ئالماق. * قان چىقتى، جان چىقتى (ماقال). * قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس (ماقال). ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ، دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە. * ئۇنىڭ بۇرنىدىن توختىماي قان ئېقىپ تۇراتتى.

**قان II** پېئىل. قانماق، قېنىش. تويماق، قانائەتلەنمەك [满足,足]. ئۇسسۇزلۇققا قانماق. * ئۇيقۇغا قانماق. * "شارابقا قاندىم" دېگۈچە، "چاتاققا قالدىم" دېمەڭچۇ (ماقال). * كېۋەزلىكنى تازا قانغۇچە سۇغاردىم.

## قاۋاق

**قاۋاق I** ئىسىم. هاراقخانا [酒店,酒馆,酒巴间]. قاۋاقتا ئوت كىشى ئولتۇراتتى.

**قاۋاق II** سۈپەت. خالىي، پىنهان، خىلۋەت، چەت، تىنچ [背静的,僻静的]. قاۋاق ئۆي. * قاۋاق هويلا.

## قايماق

**قايماق I** ئىسىم. سۈتنىڭ ماي قىسمى [奶皮]. خام قايماق، پىشىشىق قايماق. * قايماق چاي. * قايماق بازىرى. * ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق (ماقال).

**قايماق II** پېئىل ("قاي"نىڭ هەرىكەتنامى). 1. ئايلانماق [晕,眩晕]. باش قايماق.

2. قىيسايماق [翘]. مۈل تاختاي ئاسان قېيىپ قالىدۇ.

3. توختاپ، چۆگىلەپ ئاقماق [打旋]. سۇ قېيىپ ئېقىپ، قاينام هاسىل قىلاتتى.

## قەپەس

**قەپەس I** ئىسىم. 1. قۇمۇش، چىۋىق ۋە سىملاردىن ياساپ قۇش باقىدىغان جاهاز [鸟笼]. تولا سايرايدىغان قۇش قەپەسكە چۈشەر (ماقال). * قۇشقا ئالتۇن قەپەستىن قورۇق شاخ قىممەتلىك (ماقال).

2. هايۋان ياكى جىنايەتچى سانالغانلارنى قامايدىغان بادرا ياكى لوم تۆمۈردىن ياسالغان كۆچمە تۇرمە [牢笼]. سادىر پالۋاننى تۆمۈر قەپەس قورقىتالمىغان. * يولۋاس تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇلغانىدى.

**قەپەس II** مىقدار سۆز. قېتىم، نۆۋەت، مەيدان، رەت [量词:次,回]. بىر قەپەس ئېلىشماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قەترە

قەترە I ئىسىم. تامچە [滴水]. دېڭىز سۇيىدىن بىر قەترە.

قەترە II ئىسىم. لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر تۈرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ [克特列].

تەۋرىسە يەر، ئېتىلسا ۋۇلقان،
تاشسا دېڭىز قورقۇنچ ئەمەس.
لەززەتلىنىپ ياشايمەن شادمان،
ۋەتەن باغرى ماكان بولسا بەس.
—ئابدۇكېرىم مەقسۇت.

## قەلەم

قەلەم I ئىسىم. 1. يېزىش-سىزىش قورالى [笔]. قەلەم سېپى. * قەلەم ئۇچى. * گاڭبى قەلەم. * قەلەم تەۋرەتمەك. * قاغىنىڭ پېيى قەلەمگە يارىماس (ماقال). * قەلەم قانچە يازسىمۇ، قەغەز چىدايدۇ (ماقال). * قەلەم يازمايدۇ، ئەقىل يازىدۇ (ماقال).

2. يېزىش ئىقتىدارى [笔底下]. ئۇ پىشقان يازغۇچى، قەلىمى كۈچلۈك.

3. يېزىش ئىزناسى، پوچېركا [笔亦]. بۇ ئۇنىڭ قەلىمىگە ئوخشايدىغۇ!

قەلەم II ئىسىم. پولوغا توغرالغان سەۋزە[切成丁的胡罗卜]. سەۋزىنى قەلەم قىلماق.

## قەۋەت

قەۋەت I ئىسىم. قات، قاتلاق [层]. سەككىز قەۋەت بىنا. * مېھمانخانىنىڭ ئونىنچى قەۋىتىدە تۇرۇۋاتىمەن. * ئېنى ئىككى قەۋەت رەخت.

قەۋەت II رەۋىش. ناھايىتى، ئالاھىدە [格外]. ("لا" قوشۇپ "قەۋەتلا"مۇ دېيىلىدۇ). قەۋەت تاتلىق ئىكەن. * قەۋەتلا ئوبدان قىز ئىكەن.

## قورۇ

قورۇ I پېئىل. قورۇماق، قورۇش. گۆش، ئوتياشلارنى ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرماق [炒]. سەي قورۇماق. * شورپا شورۇشتىن،

پولۇ قورۇشتىن (ماقال). * ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق (ماقال).

قورۇ II پېئىل. قورۇماق، قورۇش. ھەيدىمەك، قورۇغۇدىماق، باقماق، ئاسرىماق [赶,看守,看管]. تېرىقمۇ تېرىمايمەن، قۇشقاچمۇ قورۇمايمەن (ماقال). * چۈشىن قورۇغان يەرگە قونىدۇ (ماقال). * ئۆزىنىڭ چۈشىن قورۇغۇدەك ھالى يوق.

قورۇ III پېئىل. قورۇماق، قورۇش. تارتماق، قىستىماق [挤,逼]. ئۆتنۈك پۇتۇمنى قورۇدى.

## قورۇق

قورۇق I ئىسىم. يۈز تېرىسىنىڭ تارتىشىشى، سولىشىشىدىن ھاسىل بولغان سىزىق [皱纹]. قېرىغاندا يۈزگە قورۇق چۈشىدۇ. * ئۆزىنىڭ يۈزىگە قورۇق چۈشۈپتۇ. * دەرد قورۇقى كېتەر، ئاچ قورۇقى كەتمەس (ماقال).

قورۇق II ئىسىم ئەتراپى تام بىلەن ئورالغان يەر[围墙]. قورۇق تام سالماق.

## قوش

قوش I ئىسىم. ساپان [犁]. ئۆينى قوشقا قاتماق. * قوش چىقماق. * قوش ھەيدىمەك. * قوشتىن چىقىرىپ سۈرەمگە ساپتۇ (ماقال). * قوشتا يوق، ئوتاقتا يوق، خاماندا بار (ماقال).

قوش II ئىسىم. مال قوشى، مالچىلارنىڭ كىگىز ئۆيى [牧房]. قوش تىكمەك. * قوشدا مېلىدىن ئىتى جىق (ماقال). * دوستۇڭدىن ئايرىلغۇچە، قوشۇڭدىن ئايرىل (ماقال).

قوش III سۈپەت. جۈپ [双的,双重的]. قوش كېزەك. * قوش ئەستەر. * قوش تىرناق، قوش پەش، قوش بوغۇم. * قوش سۆز، قوش رىلىس. * بالا كەلسە قوش كەپتۇ (ماقال).

قوش IV پېئىل. قوشماق، قوشۇش. 1. جەملىمەك [加,增加,添]. بەشكە تۆتنى قوشسا توققۇز بولىدۇ.

2. بىرىكتۈرمەك، چاتماق [合并]. ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ، ئۆيۈرى باشقىنى نوختا (ماقال). * قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان (ماقال).

3. ئارىلاشتۇرماق [掺和]. هاراقچى ئېيتىدۇ: ”خەقلەر مېنى هاراققا سۇ قۇشىدۇ دېيىش، ئەدىكى، هاراققا سۇ قۇشمايمەن، سۇغا هاراق قوشىمەن.“

4. قاتماق [套]. هارۋا قوشماق.

5. تەقدىم قىلماق [贡献]. تۆھپە قوشماق، كۈچ قوشماق. * مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىكمشلىك ھەسسە قوشايلى.

”قۇش“تىن بىر تويۇق:

نەۋباھار كەلدى ئاكا، ئەپچىق ئېتىمزغا قوش، دېدىم.
ئىشلىسەڭ پەيتنى تۇتۇپ، بەختىڭ بولار جۈپ-قوش، دېدىم.
ئەيلە پەرۋىش مايسىلارنى يەتكۈزۈپ ھەقدادىغا،
مول هوسۇلدىن تاغ ياساپ، خەلقىڭگە تۆھپە قوش، دېدىم.
— ئابدۇرەھىم زۇنۇن.

## قوشاق

**قوشاق I** ئىسىم. بېيىت، نەزمە [山歌，民谣，歌谣]. قوشاق ئېيتماق. * قوشاققا قاتماق. * قۇشنىڭ ئېيتقان «قوشىقى» ئۆزىگە زامىن بولار (ماقال). * خەلق قوشىقى قېرىماس (ماقال).

**قوشاق II** ئىسىم. ماللارنى بىر-بىرىگە چىتىپ باغلايدىغان ئارغامچا [套绳]. قوزىلارنى قوشاققا قوشلاپ قوي.

## قوشماق

**قوشماق I** سۈپەت. جۈپ [双的]. قوشماق ئاداش؛ قوشماق بالا. * قوشماق مېغىز. * شەرەپ بىلەن غەلىبە بۇ تۇغقان قوشماق (ماقال).

**قوشماق II** پېئىل (”قوش“نىڭ ھەرىكەتنامى). بىرلەشتۈرمەك، بىرىكتۈرمەك [结合，联合]. قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان. * ئىككى باشنى قوشماق ساۋاب، ئايرىماق گۇناھ (ماقال).

## قوشۇش

**قوشۇش I** ئىسىمداش. ھېسابتا تۆت ئەمەلنىڭ بىرى، جەمئىي، بەلگىسى ”+“ [加法].

**قوشۇش II** پېئىل ”قوش“نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى

[增加,套]. سەن قوشۇشقا باشلىساڭ، ئۇ تېشىشكە باشلايدۇ (تەمسىل).

## قوشۇق

قوشۇق I ' ئىسىم. قالاق [小勺子]. بالا قوشۇق، ئاش قوشۇق. * گەپكە قوشۇق سالماق. * قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يارار (ماقال).

قوشۇق II سۈپەت. جۆۋەندە [混合面]. قوشۇق نان. * قوشۇق ئۇن. * قوشۇق نان قورساقتا تۇرىدۇ.

## قولتۇق

قولتۇق I ئىسىم. ئادەمنىڭ ئەزاسى. قول بىلەن مۆرە تۇتاشقان يەرنىڭ ئاستىدىكى ئويمان يەر [腋,胳肢窝]. قولتۇق تۈكى، قولتۇق تاياق. * قولتۇق بېغ. * قولتۇق سېسىقى. * قولتۇقىغا كىرىۋالماق. * ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس (ماقال). * قولۇڭنى يۇيۇپ، قولتۇقۇڭغا ئۇر (ماقال).

قولتۇق II ئىسىم. 1. جۇغراپىيە ئاتالغۇسى. دېڭىزنىڭ قۇرۇقلۇققا ئۆسۈپ كىرگەن قىسمى [海湾]. پارس قولتۇقى.

2. قولتۇق. مىقدار سۆز. قولتۇقلانغان نەرسىنىڭ بىرلىكى [量词:包]. بىر قولتۇق ئوتۇن. * مەن بەش قولتۇق بېدە توشۇدۇم.

## قون

قون I پېئىل. قونماق، قونۇش. تۈنىمەك، كەچلىمەك [住宿,过夜]. قونالغۇ. * تۈنۈگۈن دوستۇمنىڭكىدە قونۇپ قالدىم.

قون II پېئىل. قونماق، قونۇش. 1. ئۇچار قاناتلار، ئۇچقۇلار ياكى ئۇچۇپ يۈرگەن نەرسىلەر بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشماق [落,降落]. شاختىن شاخقا قونماق. * كەپتەرلەر ئۆگزىگە قوندى. * ئايروپىلان ئايرودورمغا قوندى. * دېرىزىگە چاڭ قونۇپتۇ.

ئۆزگىرىشچان ئالەم، كۆپ نەيرىڭى بار،
شەۋكىتىڭدىن بىلىم، بەختىڭ مەڭگۈ يار،
بۇندا پەس ۋە ئېگىز تاپاۋۇتى يوق،
ئاياغ ئاستىدىن چىقىپ چاڭ باشقا قونار.

2. بىزە كۆپەيمەك [增添]. يېقىندىن بېرى ساڭا خېلى ئەت قونۇپ قالدى.

* چىركاۋنىڭ چوقىسىغا ئەت قوناس (ماقال).

## قوناق

**قوناق I** ئىسىم. ئاق قوناق ۋە كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئورتاق نامى [玉米,包谷,高粱]. كۆممىقوناق. * ئاق قوناق. * قوناق ئۇنى. * بۇغداي قويۇقلۇقتىن، قوناق شالاڭلىقتىن (ماقال).

**قوناق II** ئىسىم. 1. مېھمان، ئۇما [宾客,客人]. قوناق بولماق. * قوناق قىلماق. * قوناق كەلدى — قۇت كەلدى (ماقال).

2. مېھماندارچىلىق، زىياپەت، چاي [请客,延席,宴会]. قوناققا بارماق. * قوناقتىن كەلمەك.

## قونداق

**قونداق I** ئىسىم. قۇشلار قونۇش ئۈچۈن تەييارلانغان جازا [栖架,栖杠]. ئوردەكنى قونداققا زورلىماق.

**قونداق II** ئىسىم. مىلتىقنىڭ پايىنىكى [枪托]. ئەسكەر ئۇنى مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇردى.

## قوي

**قوي I** ئىسىم. مال [羊,绵羊]. قويچى، قويچىلىق. * ئەركەك قوي، ساغلىق قوي. * قوي فېرمىسى. * قوي تېرىسى. * قوي بۆلجۈرگىنى. * ھۆرۈن قويغا ئۆز يۇڭى يۇك (ماقال). * قوي ئۆلەمدۇ قوزىسۇ، كۆپ سۇنامدۇ، كوزىسۇ (ماقال). * قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرە (تەمسىل).

**قوي II** پېئىل. قويماق، قويۇش. 1. بىر نەرسىنى بىر نەرسە ئۈستىگە جايلاشتۇرماق [放,放置,安置,存放,安放]. كىتابنى ئۈستەل ئۈستىگە قوي. * چېلەكنى يەرگە قوي. * باشنى ياستۇققا قوي. * ئۆزەڭ نىمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى قوي (ماقال).

2. ئوتتۇرىغا تاشلىماق [提,提出]. شەرت قويماق، پىكىر قويماق، تەلەپ قويماق.

3. ئەسلى ھالەتتە قالدۇرماق [留,留下]. قوينى سوي، ئۈچكىنى قوي. * ئوغرى بولساڭ، ئىنساب بىلەن بول، تاۋىقىنى ئالساڭ، قوشۇقىنى قوي

(ماقال). * ساقالنى ئالدۇرۇپ، چاچ قويۇش — بىر يېڭىلىق. * مېھماننىڭ ئالدىغا ئاش قوي، ئىككى قولىنى بوش قوي (ماقال).

4. تاشلىماق [或除]. تاماكىنى قويدۇم، ھاراقنىمۇ قويماقچىمەن.

5. ئورۇنلاشتۇرماق [安,安装]. ئۆيگە دېرىزە قويماق. * قاشقا ئوسما قويماق.

6. ئاتىماق [命名]. بالىغا ئات قويماق.

7. بىرەر ئەھۋالغا ئۇچراتماق [使受,使挨]. غەمگە قويماق، دەردكە قويماق. * تىلغا قويماق. * گەپكە قويماق. * ئاچ قويماق.

8. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلماسلىققا دالالەت [不要…]. ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي (ماقال). * بۇنى قوي، كېيىن بىرگەپ بولار.

9. يول بەرمەك [叫,让]. كىچىككىنە تورۇپ، ساڭا تاماكا چېكىشكە كىم قويدى؟

10. بەس، بولدى [得了, 算了]. قوي، ئەمدى بۇ گەپنى قىلىشمايلى. * بۇ بالا بىلەن ئېيتىشما.

قوي III ياردەمچى پېئىل [助动词:表示种种情态色彩]. رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارغا ھەر خىل تۈس بېرىدۇ:

1. ئۆز ھالىتىدىن، دەرىجىسىدىن تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كۈلۈپ قوي، يىغلاپ قوي، كۆرۈنۈپ قوي.

2. ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىزلىق، ئېھتىياتسىزلىقتىن يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇزۇپ قويماق، ئېيتىپ قويماق، دەپ قويماق.

3. ھەرىكەتنىڭ ۋاستىلىك ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بېرىپ قوي، يېزىپ قوي.

4. ھەرىكەتنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تاشلاپ قوي، ئېلىپ قوي.

5. بولۇشسىز رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ قەتئىي ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بارماي قوي، سورىماي قوي، كەلمەي قوي.

6. سۆپەتداشقا قوشۇلۇپ كەلگەن "بولۇپ" رەۋىشىدىن كېيىن كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

بولۇپ قوي، يېشىلىغان بولۇپ قوي.

## قۇر

قۇر I ئىسىم. كۈل ئاستىدا تۇرغان چوغ [火种]. ئوتنى ئۆچۈرۈپ، قۇرنى قويۇش ئەقىلدىن ئەمەس.

قۇر II ئىسىم. توخۇ ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئورماندا ياشايدىغان بىر خىل قۇش [沙鸡].

قۇر III ئىسىم. يۇڭدىن ياپىلاق توقۇلغان ئارقان [扁毛绳].

قۇر IV پېئىل. قۇرماق، قۇرۇش. 1. تەشكىل قىلماق، تەسىس قىلماق [建立,设立,成立]. ئۇيغۇر تىل جەمئىيىتى قۇرماقچىمىز. * زاۋۇتنى كېڭەيتىپ قۇرماقچىمىز.

2. تەمىر قىلماق، گۈللەندۈرمەك [建设]. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىمىز.

3. ئۆي-ئائىلە قۇرماق [成家]. تۇرمۇش قۇرماق.

4. سالماق، ياسىماق [建,建筑]. زاۋۇت قۇرماق، مەكتەپ قۇرماق. * قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى ئۆزى قۇرىدۇ (ماقال).

5. قۇراشتۇرماق [放,放置]. كارىۋات قۇرماق. * پىلىموت قۇرماق.

قۇر V مىقدار سۆز. 1. يېزىلغان، بېسىلغان خەتنىڭ قەغەزدىكى بىر يولى [行]. تۆت قۇر خەت. * قۇر بېشى.

2. شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى [行]. تۆت قۇر شېئىر.

3. قاتار، يۈرۈش [排]. بىر قۇر ئۆيلەر.

4. قېتىم، نۆۋەت [遍,次]. بۇ كىتابنى بىرقۇر ئوقۇپ چىقتىم.

5. يۈرۈش، پار، تو [套]. بىر قۇر كىيىم ئالساق بولار.

قۇر VI ئىملىق. يىلقىلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، تەكرارلىنىپمۇ كېلىدۇ.

## قۇرۇت

قۇرۇت I ئىسىم. سۈزمىنى ھەر خىل شەكىلدە سىقىمە-

لاپ، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلغان يېمەكلىك [酸奶干,酸奶疙瘩]. قۇرۇت قۇرۇتماق. * قۇرۇت يېمەك. * قۇرۇت ساتماق.

قۇرۇت II پېئىل. 1. ھەر خىل يول بىلەن نەملىكنى يوقاتماق [晒干,烘干,晾干,烤干]. كىيىمنى قۇرۇتماق. * مۆل ئوتۇننى قۇرۇتماق. * بۇغدايىنى قۇرۇتماق.

2. يوقاتماق، تۈگەتمەك [消灭,搞光,用尽]. نەسلىنى قۇرۇتماق. * ئۇ ھەممىنى قۇرۇتتى، ھېچنېمە قالدۇرمىدى.

## قۇرۇق

قۇرۇق I ئىسىم. سالما [套绳].

قۇرۇق II سۈپەت. قۇرىغان، قۇرۇتۇلغان [干的,干燥]. قۇرۇق ئوتۇن. * قۇرۇق يەر. * قۇرۇق سۆڭەكتىن ياغ چىقماس (ماقال). * تاۋار داستىخان، قۇرۇق ئۇستىخان (ماقال).

قۇرۇق III سۈپەت. 1. بوش، بىكار [空的,空洞的]. قۇرۇق قول. * قۇرۇق كەلمەك. * قۇرۇق قالماق. * قۇرۇق ئولتۇرماق. * قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس (ماقال). * قۇرۇق هارۋا تاراقلايدۇ (ماقال). * قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقارماق (ماقال). * دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق (ماقال). * ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق.

2. ئاساسسىز، مەزمۇنسىز، يوقىلاڭ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ھېچقانداق پايدىسى يوق، مەۋھۇم [空的,虚的,无根据的]. * قۇرۇق نام. * قۇرۇق گەپ. * قۇرۇق سۆلەت. * قۇرۇق تۆھمەت. * قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس (ماقال). * قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ (ماقال). * قۇرۇق سۆزدىن كاچات ياخشى (ماقال).

## قۇلاق

قۇلاق I ئىسىم. 1. ئاڭلاش ئەزاسى [耳,耳朵]. قۇلاق تۈۋى. * قۇلاق مارجىنى. * قۇلاق ئالدى بېزى. * قۇلاق گىجىكى. * قۇلاق كولىغۇچ. * قۇلاق مولىسى. * تۆشۈك قۇلاق نېمىنى ئاڭلىمايدۇ. * ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق (ماقال). * گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال).

2. تۇتقۇچ [耳子]. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. * قۇلاقنى قەيەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقارسا، قازانچىنىڭ ئىختىيارى.

3. بەزى ئۈسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى [叶耳]. قوغۇن ئۈچ قولاق چىقىرىپتۇ.

4. چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەڭشىگۈچىسى [旋纽]. بىر كەلپىنلىك دوستۇم دېدى: "ئۇچتۇرپانلىق تەمبۇرنى ئالىتكەن، قولاق بىلەن بالا قالىشكەن، بىر ئالىنمىز، چالىتمىز."

5. ئاياغ كىيىملىرىنىڭ كىيگەندە تارتىدىغان يېرى[提靴环]. ئۆتۈكنىڭ قولىقى ئۈزۈلۈپ كەتتى.

قولاق II ئاخباراتچى، ئىشپىيون [耳目]. قولاق نومۇسسىز كېلىدۇ، ھەممىنى چاقىدۇ.

قولاق III ئىسىم (كونىرىغان سۆز). پومېشچىك، زومىگەر، باي دېھقان.

قولاق IV مىقدار سۆز. سۇ ئۆلچىمى (شېۋە). [量词:一个小渠水]. ئۈچ قولاق سۇ.

## قۇيماق

قۇيماق I ئىسىم. سۈت، تۇخۇم، سۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان خېمىرنى ياپىلاق-ياپىلاق ئۈزۈپ، ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك [油饼,鸡蛋饼]. قۇيماق سالماق. * قۇيماق پىشۇرماق. * ئەتىيازدا قۇيماق يېۋىدىم، كەچكۈزدە كېكىردىم. * بارات كەلدى، تويدۇڭلارمۇ، بىزگە قۇيماق قويدۇڭلارمۇ (بالىلار تاقمىقى).

قۇيماق II پېئىل ("قۇي"نىڭ ھەرىكەتنامى). 1. ھەر خىل سۇيۇقلۇقنى قاچا-قۇچىلارغا تۆكمەك [灌,斟,注,倒,浇]. قازانغا سۇ قۇيماق. * رومكىغا ھاراق قۇيماق. * چىنىگە چاي قۇيماق.

2. لاي، ئېرىتىلگەن چويۇن قاتارلىقلارنى قېلىپقا قۇيماق [铸造,灌制,浇注]. كېسەك قۇيماق. * بۇ قىز ئانىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ.

## قېتىم

قېتىم I مىقدار سۆز. رەت، نۆۋەت [次,回,趟,遍]. بىر

قېتىم كەلدىم. * بۇ قېتىم زىيان بولدى، كېلەر قېتىم زىيان بولار. * هەر قېتىم بازارغا كەلسەم، بۇ بالىنى ئۇچرىتىمەن. * بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ (ماقال).

قېتىم II مىقدار سۆز. سېپىم [量词:根]. بىر قېتىم يىپ.

## قېرى

قېرى I پېئىل. قېرىماق، قېرىش. كۆپ ياشىماق، ياشىنىپ قالماق، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياشاپ بولماق [老了,年纪大了,年岁大了]. قېرىلىق. * ئەر قېرىسا ئۆزىگە بىلىنەر، خوتۇن قېرىسا ئۆزگىگە (ماقال). * قېرىغاندا تىل ئۆزۈرۈپ، ئەقىل قىسقىرىدۇ (ماقال).

قېرى II سۈپەت. قېرىغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياشاپ بولغان، كۆپ ياشىغان ("قېرى I"<)، چال، كەرىيە، كەمپىر، موماي [老的,年迈的,老头儿,老汉]. قېرى-چۈرە. * قېرى-قارتاڭ. * قېرى كىشى، قېرى خوتۇن. * قېرى ئات. * قېرى سۆگەت. * قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس (ماقال). قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس (ماقال). * قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قېرىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق (ماقال). * قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا (ماقال).

## قېرىنداش

قېرىنداش I ئىسىم ("قېرىن"غا ئورتاقلىق قوشۇمچىسى "داش" قوشۇلغان). بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل [同胞,兄弟,姐妹]. قېرىنداشلىق. * قېرىنداشلارچە دوستلۇق. * قېرىنداشنى يۈرەك تونۇيدۇ (ماقال). * قېرىنداشنى تالالىغىلى بولمايدۇ (ماقال). * قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى (ماقال). * بۇدۇنيادا ئۈچ نەرسە بار، ئىزدىسە تېپىلماس. بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى قېرىنداش.

قېرىنداش II ئىسىم. سۈرمە تاش ياكى بوياق سېلىنغان سېغىز توپىدىن ياساپ ياغاچ ياكى مېتال ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان قەلەم [铅笔]. قارا قېرىنداش. * قىزىل قېرىنداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قېنى

قېنى I سوراق ئالماش: قەيەردە؟ نەدە[在哪儿? 在何处].

—قاسىم قېنى؟ —دەپ سورىدى قاھار.

قېنى II مودال سۆز. سۆزلەشتە تەكلىپ، دەۋەت، تەكىت مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ [请, 好吧, 好啦]. قېنى، ئاشقا بېقىڭلار!

قېنى، كۆتۈرۈۋېتەيلى!

قېنى، پۇلۇڭ بولسا، چىقار!

## قېيىش

قېيىش I ئىسىم. تاسما [皮条]. ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار، كۆن بولماس (ماقال).

قېيىش II پېئىل («قاي»نىڭ يەنە بىر خىل ھەرىكەتنامى). «قايماق I»گە قاراڭ.

## قىتئە

قىتئە I ئىسىم. ماتېرىك، چوڭ قۇرۇقلۇق [洲, 大陆]. ئاسىيا قىتئەسى. * قىتئەلەر ئارا.

قىتئە II ئىسىم. لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر تۈرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ [克特额].

بىر قىتئە:

كىبىر نېمە قومۇشتىن سوراڭ،
پۇپۇكىنى مېۋە دەپ ئىمىش.
پۇپۇك ئەگەر مېۋە ئاتالسا،
نېمە ئاتلار شاخ ئەككەن يېمىش!؟

—بوغدا ئابدۇللا.

## قىر

قىر I ئىسىم. 1. مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، دالا [野外, 原野, 牧场, 草场]. قىرغا

بۇغداي تېرىغىلى بارىمىز. * پادىنى قىرغا ئاپىرىپ باق. * قىمىرلىغان قىر ئاشار (ماقال). * يالغۇز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار (ماقال). * قىزىڭنى ئالغۇچە قىرىڭدىن ئۆتەي، ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي (ماقال). * ئوغلۇم يەپ ئۇۋىغا كەتتى، قىزىم يەپ قىرغا كەتتى (ماقال).

2. ئېتىز-ئېرىق، چۆنەكلەرنىڭ سۇنىڭ تەكشى يېيىلىشى ئۈچۈن، توپا دۆۋىلەپ، سەل ئېگىز چىقىرىپ قويۇلغان يېرى [埂,田埂,垄]. قىردا بار، قىرلاشتا يوق (ماقال). * ماڭىدۇ، ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالمايدۇ. ئۇ نېمە؟ (تېپىشماق. —تۈگمەن). * مېڭىشنى بىلمىگەن ئۇي قىر بۇزار (ماقال). * بۇزۇلمايدىغان قىر يوق، ئېچىلمايدىغان سىر يوق (ماقال).

3. نەرسىنىڭ چەت تەرىپى [边,沿]. جوزىنىڭ قىرى. * ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

4. شىمنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تىك چىقىرىلغان يەر [棱]. شىمنىڭ قىرىنى چىقارماق.

قىر II پېئىل. قىرماق، قىرىش. 1. نەرسىنىڭ يۈزىنى ئۆتكۈر نەرسە بىلەن قايتا-قايتا يونىماق، چۈشۈرمەك [刮]. ساقال قىرماق. * تېرىنىڭ يۇڭىنى قىرماق. * ئويساڭ ئون كۈن يېتەر، قىرساڭ 40 كۈن كېتەر (ماقال).

2. قورال بىلەن كۆپلەپ، ئېتىپ ئۆلتۈرمەك، قىرغىن قىلماق [屠杀]. ياپونلار جۇڭگولۇقنى قىرغان.

ئۇرۇشنى ئاۋۋال باشلىغان دۈشمەن،
گۇناھكار ئۆزى، قىر ئۇنى جەزمەن.
* * *
دېمە مېنى جەڭدە قىرىپ تاشلايمەن،
قېنى، بىرگە جان بەرچۇ، مەرد دەيمەن.
* * *
چۆمۈلىنى چوقۇپ قىرار قىرغاۋۇل،
قارچىغىدىن ئۆز ھالى مۈشكۈل.

## قىرىق

قىرىق I سان. تۆت ئون [四十]. قىرىق قاغىغا بىر تاش يېتەر

www.uyghurkitap.com

(ماقال). * قىرىققا چىدىغان قىرىق بىر كۈنگىمۇ چىدايدۇ (ماقال).

بولمىسا قىرىقتا ئەقىل ۋە ئەدەب،

بولمايدۇ ئاتاشقا ئادەم دەپ.

**قىرىق II** پېئىل. قىرقىماق، قىرقىش. كېسىپ، قايچىلاپ، قىسقارتماق [剪]. يۇڭ قىرقىماق. * پېيىنى قىرقىماق. * چاچقان كىيىمنى قىرقىۋېتىپتۇ.

## قىزلىق

**قىزلىق I** ئىسىم. قىزنىڭ جىنسىي ئەزاسى. ئاغزى ئەتراپىدىكى نېپىز پەردە [处女膜]. ئۇ قىزنىڭ قىزلىقى يوق ئىكەن.

**قىزلىق II** ئىسىم. قىزغا خاس. قىزنىڭ خۇلق-مىجەزى [属于女性的,妇女的行为]. قىز قىزلىقىنى قىلماي قويمايدۇ.

**قىزلىق III** سۈپەت. قىزى بار، قىز بالىلىرى كۆپ [有女儿的,有女孩子多的]. قىزلىق ئۆي—خان كۆۋرۈكى (ماقال).

## قىزى

**قىزى I** پېئىل. قىزىماق، قىزىش. ھارارىتى ئۆرلىمەك [高烧,发热,发烧]. ئۇستام ئايالى بىلەن ئۇرۇشسا، تۆمۈر قىزىغىچە ئۇرۇشار (ماقال). * بېشىم قىزىپ تۇرىدۇ.

**قىزى II** پېئىل. قىزىماق، قىزىش. ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتمەك [热烈,热闹]. بۇ توي قىزىدى. * ئۇ خېلى قىزىپ قاپتۇ.

## قىزىق

**قىزىق I** ئىسىم ("قىزى"غا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). قىزىغان ھالەت [热的,烫的]. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق (ماقال). * قىزىق ئوچاققا تۇتۇرۇق كەتمەس (ماقال).

**قىزىق II** سۈپەت ("قىزى"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، قىزىقارلىق، ئۆزىگە جەلپ قىلارلىق [有趣味的,很有意思的]. قىزىق ئادەم. * قىزىق كىنو * قىزىق ۋەقە. * توينىڭ بولغىنىدىن بولىدۇسى قىزىق (ماقال).

**قىزىق III** پېئىل ("قىزى"غا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). قىزىماق قىزىقىش. بىلىۋېلىشقا تىرىشماق، ھەۋەس قىلماق، ئىشتىياق باغلىماق [感兴趣,羡慕,喜欢]. ئۇ مۇزىكىغا قىزىقىدۇ. * قىزىققان ئىشتىن قىزىق نەتىجە چىقىدۇ.

## قىزىل

**قىزىل I** ئىسىم. بەدەندە قىزىلسىمان تاشما چىقىدىغان كېسەللىك، باللاردا كۆپ بولىدۇ [麻疹]. چېچەكنىڭ ئېتى يامان، قىزىلنىڭ يېلى (ماقال).

**قىزىل II** سۈپەت. قانغا ئوخشاش رەڭ، قان رەڭلىك [红,红色的,赤色的]. قىزىلگۈل. * قىزىل بايراق. * قىزىلمۇچ. * قىزىل گالستۇك تاقىغان باللار قاتارلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

## قىس

**قىس I** پېئىل. قىسماق، قىسىش. 1. تاقىماق، قادىماق [戴,佩戴,别,缀]. گۈلۈڭ باردا گۈلۈڭنى قىس، گۈلۈڭ توزىغاندا كۆتۈڭنى قىس (ماقال).

2. ياپماق، پۈرمەك [挤]. قوشناڭ قارىغۇ بولسا، كۆزۈڭنى قىس (ماقال). ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ: "مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن" دېدى.

3. قورۇماق، يېپىشۋالماق [夹,卡]. ئۆتۈكنىڭ قەيەرنى قىسقانلىقىنى كىيگەن بىلىدۇ (ماقال). * ئىشىك قولۇمنى قىسىۋالدى. * ئۇ مېنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىستى.

**قىس II** سۈپەت. 1. كەمچىل، يېتىشمەسلىك [短缺,缺少]. بىر ۋاقىتلاردا سەرەڭگىمۇ قىس بولۇپ كەتكەنىدى. * بۇيىل ئوغۇت قىس بولۇپ قالدى.

2. زىچ، ئالدىراش [紧,仓促]. ۋاقتىم قىس، تېز كېلىڭلار. * ۋاقتىم قىس بارالمايمەن.

## قىسماق

**قىسماق I** ئىسىم. ئۇششاق قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن راسلانغان قىلتاق، قاپقان [套儿,套索]. قىسماق قويماق. * قىسماققا قۇشقاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشۈرمەيتتى.

قىسماق II پېئىل ("قىس"نىڭ ھەرىكەتنامى).

## قىسىم

قىسىم I ئىسىم. قوشۇن، ئارمىيە [部队]. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 7335 قىسمى. * قورالлىق قىسىم.

قىسىم II ئىسىم. پۈتۈننىڭ پارچىسى [部分,删,集]. «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى ئوقۇدۇم. 60 نەچچە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «دېھقان ئىززورا»نىڭ 5-قىسمى قويۇلدى.

## قىل

قىل I ئىسىم. يايىل، قويرۇق، چاچلارنىڭ تالاسى [鬃毛,硬毛,刚毛]. قىل ئەگلەك. * قىل ھەرە. * قىلنى قىرىق يارماق. * قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتمەك. * قىلدىن كەتتىڭ قىرىقتىن كەتتىڭ (ماقال). * ھەسەلدىن قىلنى ئىلغايدۇ، پاختەكنى يۇڭدىماي يەيدۇ (ماقال). * ئىككى ياخشىنىڭ ئارىسىدا قىل ئۆززۈلمەس (ماقال).

قىل II پېئىل. قىلماق، قىلىش. ئەتمەك، بېجىرمەك، ئىشلىمەك، ياسىماق، ئىشقا ئاشۇرماق [作,做,干]. تاماق قىلماق. * يەر قىلماق. * پۇل قىلماق. * قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. * ئىت قىلغاننى ئىت ئىگىسى قىلماس (ماقال). * كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار (ماقال). * قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ (ماقال). دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل، مۇشكۈلۈڭنى ئاسان قىل (ماقال). * دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل، موللا بولساڭ تەكرار قىل (ماقال). * ياردەم قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ (ماقال).

قىل III ياردەمچى پېئىل. بەزى ئىسىمغا قوشۇلۇپ، ئىسىملىك قوشما پېئىل ياسايدۇ، ئىسىمنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:加在某些名词后面,使名词动词化]. سەۋەب قىل، تەلەپ قىل (ماقال). * ھەسەت قىلغۇچە، ھەسرەت قىل (ماقال). * ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۆچۈڭنى خار قىل (ماقال). * قەست قىلغاننى پەس قىل (ماقال).

## قىيام

قىيام I ئىسىم. شىرنە، شەرۋەت [浆,糖浆]. مېۋە قىيام

تۇتماق. * قىيام باغلىماق. * قىيامىغا يەتمەك.

قىيام II ئىسىم. دەل چۈش ۋاقتى [正午]. قىيام ۋاقتى. * كۈن قىيام بولدى.

## قىيىق

قىيىق I سۈپەت. تەرسا، گاج [执拗的]. قىيىق بالا. * بالام قىيىق بولما.

قىيىق II سۈپەت ("قىي"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). قىيىپ، قىرقىپ ياسالغان [小片,碎片]. قىيىق كۆڭلەك.

## قىيىقچە

قىيىقچە I ئىسىم. نېپىز يېيىلغان خېمىرنى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن قىيىپ، ياغقا سېلىپ پىشۇرۇلغان يېمەكلىك [小片油饼]. بىز ھېيتتا قىيىقچە پىشۇردۇق.

قىيىقچە II ئىسىم. بورجەكلىك كېسىپ، قىيىپ باشقا سالىدىغان، بەلگە باغلايدىغان ياغلىق [三角头巾,三角要带]. قىيىقچە باغلىماق. * قىيىقچە ياغلىق سالماق.

قىيىقچە III ئىسىم. "قىيىقچە I"نى قىيىدىغان سايمان [切角器]. قىيىقچە يوق، قىيىقچە سالالمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ك

## كادىر

**كادىر I** ئىسىم. ئىدارە-جەمئىيەت، كان-كارخانىلارنىڭ خىزمەتچى خادىمى [干部]. كادىر يېتىشتۈرمەك. * خەنزۇ كادىر. * مىللىي كادىر. * سىرتتىن كەلگەن كادىر. * يەرلىك كادىر. * خەلق كادىرى ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ تونۇشى كېرەك. * سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ.

**كادىر II** ئىسىم. كىنو فىلىمىدىكى ياكى فوتو فىلىيونكىدىكى ئايرىم سۈرەت [镜头]. بۇ فىلىمنىڭ بەزى كادىرلىرىنى ئۆزگەرتىش، قايتا ئېلىش لازىم.

## كارول

**كارول I** ئىسىم. قىرال، پادىشاھ [国王,大王]. ئەنگلىيىنىڭ ئايال كارولى. * نېفىت كارولى.

**كارول II** ئىسىم. قارتىنىڭ K بەلگىلىك تۈرى. كارول چۈشمەك.

## كاسا

**كاسا I** ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ يانبېشىنىڭ ئۈستى، بەل بىلەن باغلايدىغان قىسمى [臀部]. كاساڭنى بىز تەرەپكە قوي.

**كاسا II** ئىسىم. 1. ياغاچ قاچا، چۆچەك [木碗]. بىر كاسا قېتىق ئىچىم.

2. قوغۇننى ئۈيۈپ يېيىشكە بۆلگەن قىسمى[(瓜的)一半]. قوغۇننى كاسا قىلماق. * بىر كاسا قوغۇن يېدىم.

## كالۋا

**كالۋا I** سۇپەت. دۆت، ئەقىلسىز[糊涂,蠢货]. كالۋادىن

ئاغزىنى سورىسالڭ، بۇرنىنى كۆرسىتىدۇ (ماقال). * زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا بالا كۆپۈپ سۆزلەيدۇ (ماقال).

**كالۋا II** مىقدار سۆز. يىپنىڭ ئورىمى [把子]. بىر كالۋا يىپ.

## كانارا

**كانارا I** (كانا:را) ئىسىم. گۆش ئاسىدىغان ئىلمەك [(挂肉的)钩子]. كانارىدا گۆش بولسا، كۆچلۈك توق تۇرىدىكەن.

**كانارا II** ئىسىم. ساھىل، قاش، قىر [边,沿]. دېڭىز كانارىسى.

## كەت

**كەت I** پېئىل. كەتمەك، كېتىش. 1. بۇ ياقتىن ئۇ ياققا يۆنىلىش [走,去]. ئانتونىمى: كەل. دوستۇمنىڭ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن، ئىشىكىمنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن.

كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېتەمسەن يارىم دېمىدى.
چىنىگە چاينى قويۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

—قوشاق.

2. لازىم بولماق، سەرپ قىلماق [需要,花,用]. بۇ ئىشقا جىق پۇل كېتىدۇ. * بۇ ئىمارەتنى سېلىشقا ئىككى يىل كېتەر. * سىلىدىن نېمە كېتەتتى، ئېغىزلىرىنىڭ يېلى كېتىدۇ.

3. ئادەم ئورگانىزمىنىڭ نورمال ھالەتتىن قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ [表示器官的功能减弱]. بەلىدىن كەتمەك. * كۆزدىن كەتمەك. * قولاقتىن كەتمەك.

**كەت II** ياردەمچى پېئىل. "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ [助动词:表示行动的过去]. ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. * كۆن ئېچىلىپ كەتتى. * ئۇ ئۆتۈپ كەتتى. * ئۇ سۆزلەپ كەتتى. * ياسىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەچ I ئىسىم. قاراڭغۇ چۈشكەن، كۆز قارايغان چاغ [晚上,晚间]. كەچ كىردى. * ئەتىدىن كەچكىچە. * كەچ بازار. * كەچ يات، سەھەر تۇر (ماقال). * خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس (ماقال).

كەچ II پېئىل. كەچمەك، كېچىش. سۇ ياكى سۇلۇق يەردىن ئۆتمەك [涉,踏,踩]. دەريادىن كېچىپ ئۆتتۇق. * تاغ ئېشىپ، قاركېچىپ، جىق جاپا تارتتۇق.

كەچ III پېئىل. كەچمەك، كېچىش. باشتىن، خىيالدىن ئۆتمەك [经过,经历]. بۇ باشتىن نېمىلەر كەچكەنلىكى سىزگە مەلۇم. * كۆڭلۈمگە ئاللىنېمىلەر كەچتى.

كەچ IV پېئىل. كەچمەك، كېچىش. گۇناھىدىن ئۆتۈش، ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش، تەرك ئېتىش [饶恕,宽恕]. بىر قوشۇق قېنىدىن كەچمەك. * گۇناھىدىن كەچمەك. * جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس (ماقال).

كەچ V رەۋىش. بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن [晚,迟]. سەن بۈگۈن ئىشقا كەچ كەلدىڭ. * كەچ قالغان بازارچىدەك. * ئالدىرىغان كەچ قالار (ماقال).

كەچ VI ياردەمچى پېئىل. بەزى ئىسىملارنى پېئىللاشتۇرىدۇ [助动词:使一些名词动词化]: ۋاز كەچمەك.

«كەچ»تىن بىر تۇيۇق:

ئەل ۋەتەن ئىشقىدا سەن جېنىڭدىن كەچ، بالام،

بۇ ئىشق ئويۇڭغا ھەمراھ بولسۇن ئەتە كەچ، بالام.

ئەل-ۋەتەن بەختى ئۈچۈن تۆك ھالال تەرىڭنى سەن،

بۇيرۇسا ئەل تېگىرقىپ تۇرما دېگىنى كەچ، بالام.



كەز I ئىسىم. ۋاقىت، پەيت، پۇرسەت [时间,机会]. ئۇ كەزدە نەلەردە ئىدىڭ؟ * كېزى كەلگەندە تەمتىرەپ تۇرما. * كەزنى قولدىن بەرمە.

كەز II پېئىل. كەزمەك، كېزىش. ئايلىنىپ، ئارىلاپ

يۈرمەك [周游,游历]. شەھەرنى كېزىپ چىقتىم، ھېچيەردىن تۈزۈكرەك ېچاق تاپالمىدىم. * دۇنيانى كېزىپ چىقساڭمۇ، بۇنداق گۈزەلنى تاپالمايسەن.

## كەل

**كەل I** پېئىل. كەلمەك، كېلىش. 1. يىراقتىن يېقىنغا، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۆنەلمەك، يېتىپ بارماق، يەتمەك [来,来到,来临]. ئۇلار كەلدى. * ئەتىياز كەلدى. * كەلمەك ئىرادە، كەتمەك ئىجازەت (ماقال).

**كەل II** ياردەمچى پېئىل. 1. سۈپەت سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، سۈپەتلەر ھالىتىدە بولماقنى بىلدۈرىدۇ [形容词后表示某种状态]. تار كەلمەك. * كەڭ كەلمەك. * چوڭ كەلمەك. * كىچىك كەلمەك.

2. "غۇ، قۇ، گۇ، كۇ" لۇك ھەرىكەتناملاردىن كېيىن كېلىپ، خاھىشنى، ئويىنى بىلدۈرىدۇ [动名词后表示愿望,打算,想法]. كىنوغا بارغۇم كېلىۋاتىدۇ. * ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ. * ئۇنىڭ كۈلگۈسى كېلىپتۇ.

3. ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن كېيىن كېلىپ، ئۆلچەمنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ قوغۇن ئىككى كىلوگرام كەلدى. * بۇ تاۋۇز بەش كىلوگرام كەلدى. * بۇ ياغاچ ئىككى مېتر كېلىدۇ. * بۇ كۆڭلەك 30 يۈەنگە كېلەر. * بۇ يەر ئون مو كەلدى.

4. "پ" لىك رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ دائىم ۋە داۋاملىق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بۇ ئىدارىدە ئون يىلدىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. * بىز كەمبەغەللەرنى يۆلەپ كەلدۇق. * بىز ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرماي كېلىۋاتىمىز.

## كەم

**كەم I** ئىسىم. ۋاقىت، زامان [时候,会儿]. ئۇ كەمدە مەن قەشقەردە ئىدىم. * ئۇ شۇ كەمگىچە كەلمىدى. * نەكەم بولدى، يارىم كەلمىدى.

**كەم II** سۈپەت. ئاز [少,缺,差]. كەم سۆز، كەم قۇۋۋەت، كەم ئەقىل، كەم دىدار. * سائەت كەم دېگەندە چارەك كەم ئون بولدى. * ئىككى كەم ئەللىك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* ئىش كۆرمىگەن خام بالا، ئەقلى ھوشى كەم بالا.
كىشى پاراسەتتە كەم بولسا قانچە،
ئەيىبنى ئاقلاشقا ماھىردۇر شۇنچە.

## كەملە

**كەملە I** پېئىل. كەملىمەك، كەملەش. ئۆلچىمەك[量].
بۇ بۇغداينى كەملەپ كۆرۈۋېدۇق، ئازراق كەم چىقتى.

**كەملە II** پېئىل ("كەم"گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لە" قوشۇلغان). ئازايماق [缺,缺少]. ئۆستەڭ سۈيى بارغانسېرى كەملەپ كېتىۋاتىدۇ.

## كويزا

**كويزا I** ئىسىم. چوكا [筷子]. كويزا تۇتۇشنى بىلىش بىر ھۈنەر.

**كويزا II** ئىسىم. جازا سايمىنى [手铐]. قولىغا كويزا سالماق.
* ساقچىلار قولىغا كويزا سېلىنغان ئىككى كىشىنى يالاپ ئەكەتتى.

## كۇرس

**كۇرس I** ئىسىم. مۇئەييەن بىر مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك تەلىم-تەربىيە ئىشى [训练班]. يازلىق تەتىلدە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى.

**كۇرس II** ئىسىم. بازاردا تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي باھاسى؛ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا پۇلنىڭ قىممىتى، ئۆسۈمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى [行情]. بازاردا مالنىڭ كۇرسى بىر خىل تۇرۇۋاتىدۇ. * پۇلنىڭ كۇرسى چۈشسە، پۇل پاخاللىشىدۇ.

## كۆپ

**كۆپ I** سۈپەت. 1. جىق، نۇرغۇن، تولا، مول، ئاۋۇن [多,许多]. كۆپ بوغۇملۇق سۆز. * كۆپ مەنىلىك سۆز. * كۆپ خانىلىق سان. * كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. * كۆپ ئەزالىق ئىپادە. * كۆپ ئۆگىلىك راكېتا. * كۆپ مەنبەچىلىك نەزەرىيىسى. * قار كۆپ بولسا، دانىمۇ كۆپ بولار، سۇ كۆپ بولسا، ئورمان

كۆك بولار (ماقال).

2. ئىسىملاشقان سۈپەت. كۆپچىلىك، بىر توپ كىشى [多数人,众人,许多人]. كۆپ تۆكۈرسە كۆل بولار (ماقال). * كۆپنىڭ كۈچى كۆپ (ماقال). * كۆپ بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي (ماقال).

**كۆپ II** پېئىل. كۆپمەك، كۆپۈش. بىخسىماق، ئاچچىقلانماق [鼓起来,胀,发起来]. توپقا يەل بېرىۋىدى، دەرھال كۆپۈپ چىقتى. * كالا بېدە يېسە، قورسىقى كۆپۈپ قالىدۇ. * خېمىر كۆپتى. * نان كۆپۈپ چىقتى. * زېرەك تېيىپ سۆزلەيدۇ، قوپال كۆپۈپ (ماقال).

## كۆپەيتىش

**كۆپەيتىش I** ئىسىم. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى. تۆت ئەمەلنىڭ بىرى، زەرب. بەلگىسى ”×“[乘法]. كۆپەيتكۈچى، كۆپەيگۈچى، كۆپەيتمە. * كۆپەيتىش جەدۋىلى ”كەررە“دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كۆپەيتىش II** پېئىل. ”كۆپەيتمەك“پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى، كۆپلۈك دەرىجىسى[增加]. مائاشنى كۆپەيتىش باھانىڭ ئۆسۈشىگە يېتەلمەيۋاتىدۇ. * ساقچىلار قاراۋۇللۇقنى كۆپەيتىشتى.

## كۆپلۈك

**كۆپلۈك I** ئىسىم (”كۆپ“كە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لۈك“ قوشۇلغان). سانى نۇرغۇن [”كۆپ“的名词形式]. ئۇكام بۇ پۇل ساڭا كۆپلۈك قىلىدۇ. * ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بازاردا ماڭماق تەس.

**كۆپلۈك II** ئىسىم. گراماتىكا ئاتالغۇسى. ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسىنىڭ بىر تۈرى. كۆپلۈك قوشۇمچىسى لەر// لار [复数].

## كۆپۈك

**كۆپۈك I** ئىسىم. تېز ئاققان سۇنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىدىن، ئەتىنىڭ قازاندا قاينىشىدىن ھاسىل بولغان ماغزاپ [沫子,泡沫]. ئادەمزاتنىڭ ئۆمرى—سۇنىڭ كۆپۈكى.

**كۆپۈك II** ئىسىم. (”كۆپ II“گە ئىسىم ياسىغۇچى قو-

www.uyghurkitap.com

شۆمچە "ئۆك" قوشۇلغان). ئاچچىق، غەزەپ [气,气愤]. مەرياق
كۆپۈكى.

## كۆچ

**كۆچ I** ئىسىم. بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىپ كېتىۋاتقان ئادەم، ئات-ئۇلاغ، يۈك-تاق توپى [转移牧场人]. ئۇ ياقتىن كۆچ كېلىۋاتىدۇ. * كۆچ-كۆچ ناخشىسى.

**كۆچ II** پېئىل. كۆچمەك، كۆچۈش. 1. بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكەلمەك، كەتمەك [转移,迁移,搬迁,搬家]. كۆچمەن. * ئۇلار قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن. * ئۆتنى كۆچىلىسالىڭ ئۆچىدۇ، قوشنائىنى كۆچىلىسالىڭ كۆچىدۇ (ماقال). * كەمبەغەل بولسالىڭ كۆچۈپ باق (ماقال).

2. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى تۈگىتىپ، باشقا بىر ئىش-ھەرىكەتكە ئۆتمەك [转到,转入]. ئەمدى تۇرمۇش مەسىلىسىگە كۆچەيلى.

3. يۇقىرىغا ئۆرلىمەك [升级,升入]. ئازاد بەشىنچى سىنىپقا كۆچتى. * ئەركىن سىنىپتىن كۆچەلمىدى.

## كۆر

**كۆر I** پېئىل. كۆرمەك، كۆرۈش. 1. نەزىرى چۈشمەك، كۆزى چۈشمەك [看,看见,看到]. كىنو كۆرمەك، تىياتىر كۆرمەك. * كۆرگۈلۈكنى كۆرمەك. * كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرۈسەن ئۆلمىگىنىڭ. * كۆز كۆرسە، كۆڭۈل سۆيىدۇ (ماقال).

2. بالا-نەۋرە، كېلىنگە ئېرىشمەك [得子孙,儿媳]. ئۇ ئۆمرىدە بەش بالا كۆرۈپتۇ. * نەۋرە كۆردۈڭمۇ؟ * يېقىندا كېلىن كۆرۈپسەن، مۇبارەك بولسۇن.

3. ھېسابلىماق، سانىماق، بىلمەك [当作,看作,看待]. ئۇ مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ. * بۇ مەسىلىنى لايىق كۆردۇم. * مەن ئۇنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىمەن. * بارنى تەلك كۆرمەك كېرەك. * مەن ھاردۇقنا چىقىشنى ئەۋزەل كۆردۇم. * ئۇ بۇنى قىسمەت كۆردى.

4. زامىن بولدى دەپ بىلمەك [怪怨]. ئۇ ئۆزى ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ، مەندىن كۆرۈۋاتىدۇ. * ئەخمەد قەلەمنى يوقىتىپ قويۇپ مەندىن كۆرۈۋاتىدۇ. * ئىشلىڭ ئاقمىغان بولسا، ئۆز بەختىڭدىن كۆر.

كۆر II ياردەمچى پېئىل. كۆرمەك، كۆرۈش. "باقماق"يادەمچى پېئىلگە ئوخشاش. ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر، چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر (ماقال).

## كۆرپە

**كۆرپە I** ئىسىم. ئادەم ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرىدىغان، ياتىدىغان تۆشەك، يېكەنداز [褥子]. مېھمانغا كۆرپە سالماق.

**كۆرپە II** ئىسىم. ئەلتېرە [羔皮]. كۆرپە تۇماق. * كۆرپە جۇۋا.

## كۆرۈملۈك

**كۆرۈملۈك I** ئىسىم. دەسلەپ كۆرۈشكەندە بېرىلىدىغان سوۋغات [见面礼]. بۇ سىزگە مېنىڭ كۆرۈملۈكۈم.

**كۆرۈملۈك II** سۈپەت. چىرايلىق، كۆركەم [好看,美观]. بۇ كۆرۈملۈككىنە قىز ئىكەن.

## كۆك

**كۆك I** ئىسىم. ئاسمان [蓝天,天空]. بېشى كۆككە يەتمەك. * كۆلنى كۆككە سورىماق. * كۆكتىن تىلىگەننى يەردىن تاپتىم. * بىلىم ئۆگەنسە كىشى، كۆككە يېتەر بېشى (ماقال). * كۆكتە پەر ۋاز قىلماق. * ئوغلۇڭ ئاشقچىلىق قىلسا كۆككە باق، قىزىڭ ئاشقچىلىق قىلسا يەرگە باق (ماقال).

**كۆك II** ئىسىم. 1. كۆكتات، ئوتياش [蔬菜]. ئاشقا كۆك سال. * ئاشنىڭ كۆكى جىق بولۇپ كېتىپتۇ. * ئۇستام كۆك-گېزەك ئەكىلىپ قويدى. * كۆكتات بازىرى.

2. زىرائەت ۋە ئوتياشنىڭ دېنى ۋە بېشىدىن باشقا غولى، يوپۇرماق-شاخلىرى [青苗]. كۆكىنى ساتماق. * چامغۇر كۆكى. * بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم (ماقال). * كۆكىنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە (ماقال). * پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا(ماقال).

3. ئەتىيازدا يېڭى ئۈنۈپ چىققان يۇمران ئوت [青草]. بېدە كۆكى. * كۆك چۆچۈرىسى. * مال كۆككە تويدى.

**كۆك III** ئىسىم. چوڭ شىرىق [引线]. يوتقان-كۆرپە، كىيىم-كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەككە كۆك سېلىش بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ياخشى ئىش. * يوتقان كۆكمىدىن سۆكۈلۈپ كەتتى.

**كۆك IV** سۈپەت. 1. ھاۋا رەڭ، زەڭگەر [青,蓝]. كۆك سىياھ، كۆك بوياق. * كۆك كۆز. * كۆك چاي. * كۆكۈش، تۇم كۆك، كۆپكۆك.
2. بەدەندە سىرتتىن تەگكەن زەربىدىن پەيدا بولغان كۆك ئىششىق، جاراھەت ئىزى [青伤痕]. بەدەنگە كۆك چۈشمەك.

## كۆكلە

**كۆكلە I** پېئىل ("كۆك II"گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لە" قوشۇلغان). كۆكلىمەك، كۆكلەش. ئوت-چۆپ، سېلىنغان ئۇرۇق ئۈنمەك؛ ئۆسمەك [发青,变绿]. بۇغداي كۆكلەپتۇ. * قۇرۇپ قالدى دېگەن ئۇرۇك كۆكلەپتىغۇ! * ئەتىيازنىڭ ھۆسنى — ئوت-چۆپنىڭ كۆكلىگىنى (ماقال).

**كۆكلە II** پېئىل ("كۆك III"كە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "لە"قوشۇلغان). كۆكلىمەك، كۆكلەش. كۆك سالماق، چوڭ-چوڭ شىرىماق [绗(用大针脚)]. كىيىمنى ئاۋۋال كۆكلىۋېلىپ، ئاندىن تىكسەڭ، ئىسكەتى بۇزۇلمايدۇ، ياخشى چىقىدۇ.

## كۆكچى

**كۆكچى I** ئىسىم. كۆكتاتچى، سەيۋەنزىچى [菜农]. كۆكچى مەھەللىسى. * ھاشىم كۆكچى كۆك ئەكەپتۇ.

**كۆكچى II** ئىسىم. قوغۇننىڭ بىر تۈرى [可口奇]. كۆكچى قوغۇن.

## كۆن

**كۆن I** ئىسىم. بولغار [皮子,皮革]. كۆن زاۋۇتى. * كۆن ئۆتۈك. * كۆن چامادان. * ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار، كۆن بولماس (ماقال).

**كۆن II** پېئىل. كۆنمەك، كۆنۈش. 1. ئۇنىماق، ماقۇل بولماق [同意,答应]. ئۇ بىردەم قاتتىق تۇرۇۋالدى، كېيىن كۆندى، بىز بىلەن بىللە بارىدىغان بولدى. * ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە كۆندى.

2. ئادەتلىنىپ، لايىقلىشىپ قالماق [惯,习惯]. ئۇ بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدى. * ياشلار يېزا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدى.

3. ئۆگىنىپ قالماق [驯服]. ئات هارۋىغا كۆندى. * قارچىغا قولغا كۆندى.

## كۆي

كۆي I پېئىل. كۆيمەك، كۆيۈش. 1. يانماق، تۇتاشماق، ئوت ئالماق [烧,着,燃烧]. ئوتۇن كۆيدى. كۆيدۈرگۈ. * ئۆيۈڭ كۆيسۇن نائەھلى!

2. ئوت ياكى ئىسسىقلىق ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىگە تېگىپ زەخىملەنمەك [烫,烫伤]. قولۇم كۆيدى. * سۆزلىسەم تىلىم كۆيىدۇ، سۆزلىمىسەم دىلىم (ماقال). * ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي (ماقال). * ئاغزى قېتىقتا كۆيۈپتۇ (ماقال).

3. ئاي قوتانلىماق [月蚀]. ئاي كۆيۈپتۇ.

كۆي II پېئىل. كۆيمەك، كۆيۈش. 1. ياخشى كۆرمەك؛ مۇھەببەت قويماق، ئىشىق چۈشمەك [爱,爱慕,倾心]. كۆيۈپ قالماق. * مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال). * كۆيگەنگە كۆي، كۆرۈنگەنگە كۆيمە (ماقال). * قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە، كۆيگىنىگە ئىشەن (ماقال).

## كۆيۈك

كۆيۈك I ئىسىم ("كۆي I "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە"ئۈك"قوشۇلغان). كۆيگەن يەر [烧伤,烫伤]. كۆيۈكنى داۋالاشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى چىقىپتۇ. * كۆيۈك ناننى يېمىگەن ياخشى.

كۆيۈك II ئىسىم ("كۆي II "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئۈك" قوشۇلغان). ئىشىق، مۇھەببەت [爱情,恋爱]. كۆيۈك ئازابى تارتماق. * كۆيۈكنىڭ كۆزى قارىغۇ (ماقال). * كۆيۈك ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق (ماقال).

## كۈت

كۈت I پېئىل. كۈتمەك، كۈتۈش. قارشى ئېلىپ ئورۇن-

www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇپ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالماق [招待,接待]. كۈتكۈچى • مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋال. * ئۇ سىنى كۈتكۈچە، سەن ئۇنى كۈت (ماقال).

كۈت II پېئىل. كۈتمەك، كۈتۈش. ساقلاپ تۇرماق [等,等待]. بىز سىنى ئۇزاق كۈتتۇق. * كۈتكەنگە كۈن ئۇزاق (ماقال). ئاش پىشقۇچە كۈتكەندەك، سۇۋۇغىچە سەۋر قىل (ماقال).

## كۈرە

كۈرە I ئىسىم. ھويلا، قورۇ [院子,院落].

كۈرە II ئىسىم. ئېغىرلىق ئۆلچىمى. ئۆلچەش سايمىنى [斗]. بىر كۈرە بۇغداي تۆت شىڭ كېلىدۇ. * كۈرەڭلەرنى بېرىپ تۇرۇڭلار، بۇغداي ئۆلچىۋالايلى.

كۈرە III پېئىل: كۈرىمەك، كۈرەش. مەخسۇس سايمان بىلەن قار، ئەخلەت ... لەرنى يىغماق، دۆۋىلىمەك، چىقىرىۋەتمەك [铲]. قارنى ۋاقتىدا كۈرە. * قار كۈرەش — كۆڭۈللۈك ئىش.

## كۈرمەك

كۈرمەك I ئىسىم. ئاقئۇششاق [稗子]. شالنى كۈرمەك بېسىپ كېتىپتۇ، دەرھال ئوتىۋېتەيلى.

كۈرمەك II ئىسىم. ئارغامچا-تانىلارنى جانلىق باغلاش ئۇسۇلى [活结,活捆]. كۈرمەك سالماق.

## كۈل

كۈل I ئىسىم. نەرسىنىڭ كۆيۈشىدىن قالىدىغان قارامتۇل مىنېرال كۇكۇم [灰]. ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئالماق. * كۈلدان. * كۈلدە كۆمەچ بولماق. * كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىماق. * ئۆيۈڭنى گۈل قىلغانمۇ خوتۇن، كۈل قىلغانمۇ خوتۇن (ماقال).

كۈل II پېئىل. كۈلمەك، كۈلۈش. خۇشاللىقتىن چىرايى ئېچىلىپ كەتمەك، قاقاھلىغان ئاۋاز چىقارماق، تەبەسسۇم قىلماق، خاندان ئۇرماق [笑]. ئانتونىمى: يىغلا. كۈلگەك. * كۈلگۈنچەك. * تولا كۈلۈپ ئۇچىيىم ئۈزۈلگۈدەك بولدى. * كۆپ كۈلگەن يىغلايدۇ (ماقال). چۆجىنى

سويغىلى ئېلىپ ماڭسالىڭ قاقاھلاپ كۇلەر (ماقال).

”كۇل“دىن بىر تەجنىس:

دىيار ئۇچۇن ئىشلەپ، بولغىن كۇكۇم-تالقان — كۇل،
بۇندىن ئارتۇق بەخت بولماس، قاقاھلاپ سەن كۇل.

— ئەركىن ئەبەيدۇللا.

# كۈن

**كۈن I** ئىسىم. يەرگە ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق بېرىدىغان سەييارە، قۇياش، ئاپتاپ [日,太阳]. كۈن نۇرى. * كۈن چىقماق. * كۈن پاتماق. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە. * كۈن قاياقتىن چىقتى. * كۈن ئۇ ياققا، پۇل بۇ ياققا (ماقال).

**كۈن II** ئىسىم. 1. يەر ئۆز ئوقى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلانغان ۋاقىت، كۈن-تۈن، سوتكا [日,天,昼夜]. بىر كۈن 23 سائەت 56 مىنۇت 7 سېكۇنت. * بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت. * فېۋرال ئېيى 28 كۈن، كەبىسە يىلى 29 كۈن. * ھەر كۈنى، كۈنسايىن، كۈنبىرى. * ئۆتكەن كۈن، ئۇلۇغ كۈن، ئۇزاكۈن.

2. سوتكىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە بولغان قىسمى، كۈن چىققاندىن كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىق [日,天]. ئەمگەك كۈنى، ئىش كۈنى. * خاتىرە كۈن، تۇغۇلغان كۈن. * 22-نويابىر دۇنيا تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك كۈنى. * بىر كۈن بولمىسا، بىر كۈن. * بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق. * بىر كۈنگە ئۆكۈز ئۆلمەيدۇ، ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەيدۇ (ماقال). * توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدايدۇ (ماقال). * كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ (ماقال). * كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن، سۈتى ھەر كۈن (ماقال).

**كۈن III** ئىسىم. 1. تۇرمۇش، مەئىشەت [生活,日子]. كۈنى تەس، كۈنى ئېغىر. * كۈنى يامان ئەمەس. * كۈن ئالماق، كۈن كەچۈرمەك. * ئىتنىڭ كۈننى كۆرمەك. * دىنىم ئۈچۈن ئەمەس، كۈنۈم ئۈچۈن (ماقال). * ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بۇ كۈن بارەي (ماقال). * قېرى ئەخمەق ياش ئەخمەققە كۈن بەرمەيدۇ (ماقال).

2. ياشاش ۋاقتى، ئۆمۈر [活,生存]. كۈنى توشماقى كۈنى تۈگەپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالماق. * ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۈنلۈك

**كۈنلۈك I** ئىسىم (”كۈن“گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لۈك“ قوشۇلغان). كۈن ئىسسىقىنى توسۇپ، سايىۋەن بولىدىغان سايمان، زونتىك [伞]. كۈنلۈك تۇتماق. * كۈن بەك ئىسسىق كۈنلۈكۈڭنى ئېلىۋال.

**كۈنلۈك II** سۈپەت (”كۈن“گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لۈك“ قوشۇلغان). كۈندىلىك، بىر كۈنگە دائىر، بىر كۈنگە خاس، بىر كۈنگە يېتەرلىك [一天的，每天的]. بىر كۈنلۈك خىزمەت. * بىر كۈنلۈك يول. * تۆت كۈنلۈك ئالەم. * ساقلىسالڭ يۈز كۈنلۈك، ساقلىمىسالڭ بىر كۈنلۈك (ماقال).

## كۈيە

**كۈيە I** ئىسىم. ئوچاقتا، قازان تېگىدە ھاسىل بولىدىغان ئىس-تۈتەن قالدۇقى، قورۇم [烟子，烟黑]. يۈزىگە كۈيە سۈرتۈپ سازايى قىلماق. * يامانغا يولۇقساڭ يالىسى، قازانغا يولۇقساڭ كۈيىسى (ماقال).

**كۈيە II** ئىسىم. يۇڭدا توقۇلغان، يۇڭلۇق نەرسىلەرنى قىرقىپ يەيدىغان ئۇششاق قۇرت [蛀虫，衣鱼]. كۈيە چۈشمەك. * كۈيە يېمەك. * گىلەمگە كۈيە چۈشۈپتۇ. * كۈيە دورىسى چاچماق. * تۆمۈرنى كۈيە يېمەس (ماقال). * نادان كۈيىدىنمۇ يامان (ماقال).

## كۈيلە

**كۈيلە I** پېئىل. كۈيلىمەك، كۈيلەش. مەدھىيە ئوقۇماق، مەدھىيە تېكىستىنى كۈيگە سېلىپ ئېيتماق [歌颂，歌唱]. خەلقنى كۈيلە. * ئۇلۇغ ۋەتەننى كۈيلە. * يوقىلاڭ نەرسىلەرنى كۈيلىمە.

**كۈيلە II** پېئىل ل. كۈيلىمەك، كۈيلەش. چىشى ھايۋاناتتا جىنسىي تەلەپ پەيدا بولماق [发情]. قويلار كۈيلەشكە باشلىدى. * كۈيلىگەن غۇنىجىن بوقىغا ئېسىلىدۇ (ماقال). * ماللار كۈيلىگەندە قوچقارغا كۈيەك تارتىپتۇ.

## كېچە

**كېچە I** ئىسىم. تۈن، كەچقۇرۇن [夜，夜间，夜晚]. ئانتۇ-

نىمى: كۈندۈز. كېچە-كۈندۈز. * كېچىسى، كېچىلەپ. * ئايدىڭ كېچە، قاراڭغۇ كېچە، يېرىم كېچە. * بىز كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىۋاتىمىز. * بارات كېچىسى، بايرام كېچىسى. * قاراقچى كېچىسى توسىدۇ، شەپەرەڭ كېچىسى ئۇچىدۇ (ماقال).

**كېچە II** رەۋىش. بۈگۈنكى كۈندىن ئىلگىرىكى كۈن، تۈنۈگۈن [昨晚]. مەن كېچە كەلدىم. * كېچە نەدە بولدىڭىز؟ * كېچە بەك سوغۇق بولدى.

## كېچىك

**كېچىك I** ئىسىم. دەريانىڭ كېچىپ ئۆتۈشكە بولىدىغان تېيىز يېرى [渡口]. كېچىكتىن ئۆتمەك. * قويچى كېچىك تاپقۇچە، تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بولار (ماقال).

**كېچىك II** رەۋىش. كېچىكمەك، كېچىكىش. بەلگىلەنگەن، مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتىن كەچ قالماق [迟到,来晚,晚点]. بۈگۈنكى پويىز كېچىكتى. * ئىشقا كېچىكىپ قالغانلار. * تېز يۈرەيلى، ئىشقا كېچىكىپ قالمايلى. * كېچىكىپ كەلگەن ئەقىل—ئۆمىدتىن كېيىنكى يامغۇر (ماقال).

## كېڭەش

**كېڭەش I** ئىسىم. مەسلىھەت يىغىنى، كېڭەشمە، سوۋېت، سىنور ("كېڭەش II"<) [协商会议]. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى.

**كېڭەش II** پېئىل. كېڭەشمەك، كېڭىشىش. مەسلىھەتلىشىش [商讨,商议,磋议]. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس (ماقال). * ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل (ماقال).

## كېلىش

**كېلىش I** ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى، كېلىش كاتېگورىيىسى [格]. كېلىش قوشۇمچىلىرى. * باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش.

**كېلىش II** پېئىل. كېلىشمەك، كېلىشىش. 1. ئەپلەشمەك، توختاملاشماق [商宜,和好,商定,商妥]. ئۇلار ھازىر كېلىشىپ قالدى. * باھاسىغا كېلىشتۇق. * ئورما ئۈستىدە جاڭجال قىلىشقۇچە، يەر ھەيدەشكە كېلىش (ماقال).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

2. ”ياراشماق II“گە قاراڭ. خوپ كەلمەك، ئوبدان كەلمەك [相称,合宜,合适]. كېلىشكەن، كېلىشمىلىك. * بۇ كىيىم ساڭا كېلىشىپتۇ. * كېڭەشلىك ئىش—كېلىشمىلىك ئىش (ماقال).

كېلىش III پېئىل. ”كەل“نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى [动词《来》的共同态]. ئۇلار سائەت بەشتە كېلىشتى. * سېغىنغان بىلەن كېلىش يوق، سارغايغان بىلەن ئۆلۈش يوق (ماقال).

## كېمىر

كېمىر I سۈپەت. گۈمبەزسىمان، قېزىپ ياسالغان [拱顶的,拱形的]. كېمىر ئۆي. * كېمىر تام سۇرەتلىرى.

كېمىر II پېئىل. كېمىرمەك، كېمىرىش [吞食]. كېمىرگۈچى هايۋانلار. * مۆشۈك قەدرىنى چاشقان تۇماقنى كېمىرگەندە بىلەرسەن (ماقال).

## كىر

كىر I ئىسىم. مەينەت بولغانلىقتىن يۇيۇلىدىغان كىيىم-كېچەك، كىر-قات [脏的衣物]. كىر يۇماق. * كىرخانا. * كىرسوپۇن.

سەن پاك بول، هېچكىمدىن قورقما بۇرادەر.
كىرلەرنى تاشقا ئۇرۇپ يۇيار كىرچىلەر.

كىر II ئىسىم. غۇم، ئاداۋەت [成见]. كىر ساقلىماق. * كۆڭلىنىڭ كىرى يوق. * كۆڭلىنىڭ كىرى ئېيتسا كېتەر، كىيىمنىڭ كىرى يۇسا كېتەر (ماقال).

كىر III سۈپەت. مەينەت، ئىپلاس، توڭرا [脏,污垢]. كىر بولماق، كىرگە پاتماق. * كىرگە پېتىپ كەتمەك. * تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك. * پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى (ماقال). * يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە (ماقال).

كىر IV پېئىل. كىرمەك، كىرىش. 1. تاشقىرىدىن ئىچكىرىگە يۆنەلمەك، هەرىكەتلەنمەك [入,进]. كىرىم. * ئۆيگە كىرمەك. * قولغا تىكەن كىرمەك. * هەپتىدە بىر مونچىغا كىر، قالمىسۇن تېنىڭدە هېچ كىر.

2. باشلىماق [入,开始]. قىش كىرمەك. * ياز كىرمەك. * ئىككى قولغا بىر ئىش، سەهەر تۇرۇپ كىرىش (ماقال).

3. قاتناشماق [入,参加]. پارتىيىگە كىرمەك. * دەرسكە كىرمەك.

4. ئاڭلىماق [听,听话]. گەپكە كىرمەك. * بىر چوڭنىڭ گىپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ (ماقال).

5. يەتمەك [到]. بۇ يىل 61گە كىردىم. * قىرىققا كىرگەندە، بولمىسا ئەقىل، ئۇنى ئادەم دېمىگىل.

## كىي

كىي I ئىسىم. بىلياردنىڭ تايىقى [台球杆]. بۇ كىي يەڭگىل ئىكەن.

كىي II پېئىل. كىيمەك، كىيىش [穿,戴]. چاپان كىيمەك. * دوپپا كىيمەك. * بېشىڭغا تەۋەككۇل بۆكىنى كىي (ماقال). * كونىنى ياماپ كىي، يېڭىنى ئاياپ كىي (ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# گ

## گاز

**گاز I** ئىسىم. 1. شەكىلسىز، گەۋدىسىز، تۇرغان يېرد-نى تەكشىلىكتە تولدۇرۇپ تۇرىدىغان يېنىك ماددا، جىسىم [气,气体]. زەھەرلىك گاز. * گاز بومبىسى. * گاز سۈيى.

2. گازسىمان يېقىلغۇلارنىڭ ئومۇمىي نامى [气,瓦斯]. تەبىئىي گاز. * گاز ئوچاق. * پاتقاق گاز. * كۆمۈر گازى. * گاز لامپىسى.

**گاز II** ئىسىم. ئىنتايىن نېپىز يېپەك رەخت [薄绸,薄纱]. گاز ياغلىق. * گاز شارپ.

## گاڭ

**گاڭ I** ئىسىم. پولات [钢]. گاڭ پىچاق ئۆتكۈر بولىدۇ.

**گاڭ II** ئىسىم. پوست، قاراۋۇللۇق [岗]. بۈگۈن كېچە گاڭدا تۇردۇم. * سائەت سەككىزدە گاڭ ئالماشتى.

**گاڭ III** ياردەمچى سۆز. پەقەت، بىر خىل [光]. گاڭ ئاق ئۇن ئالىمەن.

## گال

**گال I** ئىسىم. تاماق، بوغۇز [喉咙,嗓子]. گال ئاغرىماق. * گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت. * جېنى بارنىڭ گېلى بار (ماقال). * بالىسى بارنىڭ گېلى چويلا، بالىسى يوقنىڭ گېلى كويلا (ماقال).

**گال II** سۈپەت. ئۆتمەس، قاشاڭ [钝,迟钝]. گال پىچاق قول كېسەر (ماقال).

خويمۇ سەنەم سالغۇم بار،
پۇتۇم قوپال، قولۇم گال.

## گەز

**گەز I** ئىسىم. ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ۋە ئۆلچەش ئەسۋابى.

بىر گەز 0.71 مېترغا تەڭ [挡子]. گەزلىمەك. * گەزلىمە. * مېتر سىستېمىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان گەز كاردىن چىقىپ قالدى.

گەز II ئىسىم. ئۇسسۇزلۇقتىن كالپۇكنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان قوقاق [裂口,裂纹]. لېۋىمگە گەز باغلاپ كەتتى.

## گۇڭ

گۇڭ I ئىسىم. ئىش [工]. گۇڭ خاتىرىلىمەك. * گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ.

گۇڭ II ئىسىم. جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى فېئوداللىق تەبىقە ئۇنۋانى [公]. ۋاڭ-گۇڭلار.

## گۇڭگا

گۇڭگا I ئىسىم. شارپ (خوتەن دىئالېكتىدا) [围巾]. گۇڭگا تاقىماق.

گۇڭگا II سۈپەت. تۇتۇق، غۇۋا، گەم [暗,阴]. ئۇستازغا گۇڭگا كۆرۈنگەن-شاگىرتقا غۇۋا كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ل

## لاپ

لاپ I ئىسىم. پو، يوغان گەپ [说大话,吹牛]. لاپ ئۇرماق. لاپخور. * ئۇستۇرا كاپ بىلەن، خوتۇن كىشى لاپ بىلەن (ماقال).

سۇمۇرگۈن كەمتەرلىك جامىدىن،

مەنمەنلىكنى، لاپ ئۇرۇشنى تاشلىغىن.

لاپ II تەقلىد سۆز (لاپ قىلىپ، لاپپىدە)[忽地,猛地]. چىراغ لاپ قىلىپ ياندى. * لاپ قىلىپ يانغان لىپ قىلىپ ئۆچەر (ماقال).

## لاخقا

لاخقا I ئىسىم. قاشا ئىشىكى [篱笆门,柴门]. لاخقانى ئوبدان ياپ.

لاخقا II سۈپەت. ئېگىز ۋە ئورۇق [又高又瘦的]. ئۇ تازا بىر لاخقا نېمە ئىكەن. * لاخقا ئات.

## لاۋا

لاۋا I ئىسىم. يانار تاغنىڭ پارتلىشىدىن چىققان ۋۇلقان لاۋاسى، ماگما [岩浆,熔岩].

لاۋا II ئىسىم. لاتقا، چاۋار، چاتقا [垃圾]. لاۋا-لاتقىلارنى سۈپۈرۈۋەت.

## لايىق

لايىق I ئىسىم. ئوغۇل-قىز تۇرمۇش قۇرۇشقا پۈتۈشۈپ قويغان ئوبيېكت، نىشان [对象,配偶]. لايىق تاپماق، لايىق چىقماق. * لايىقى يوق قىزغا ئۆز ئۆيىدىن كۈندەش چىقار (ماقال). * ئولتۇرۇپ قالغان قىز لايىقىنى ئۆزى تاپار (ماقال).

لايىق II سۈپەت. مۇۋاپىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان

ھۆرمەتكە لايىق ئادەم. * بۇ كىيىم ساڭا لايىق. * بۇ [合适的,适当地,值得的] ئىشنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

يىرتقۇچ بۆرە گەر ئۆلۈمگە لايىق،
زالىم ئۇنىڭدىن يامان، خالايىق.

## لەڭگەر

**لەڭگەر I** ئىسىم. ئۆتەڭ، جام [客店,客栈,驿站]. بىز قەشقەرغە بارغۇچە ئاقسۇ لەڭگىرىدە قونۇپ ئۆتتۇق.

**لەڭگەر II** ئىسىم. ياكور [锚]. ياكور تاشلىماق.

## لەۋ

**لەۋ I** ئىسىم. كالپۇك [唇,嘴唇]. لەۋ تاۋۇشى، لەۋلەشكەن بوغۇم. * ئاچچىقىڭ كەلسە، لېۋىڭنى چىشلە (ماقال). * كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدى لېۋىنى چىشلەپ (ماقال). * سۆيمىگەن يارنىڭ لېۋى سوغۇق (ماقال).

**لەۋ II** ئىسىم. نەرسىنىڭ قىرى، چېتى [边,沿]. چىنىنىڭ لېۋى پۇچۇق ئىكەن. * ئۇ سوپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، بىر پىيالە چاي ئىچتى.

## لوق

**لوق I** سۈپەت. سۆڭەكسىز گۆش [剔骨肉,精肉]. ئىككى كىلو لوق گۆش ئالدىم. * ئۇستام لوق يېرىدىن ئىككى كىلو بەرسىلە.

**لوق II** تەقلىد سۆز. بەدەننىڭ مەلۇم جايىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىش ھالىتى ۋە شۇنداق ئاغرىشتىن ھاسىل بولغان بىر خىل سېزىم[像声词:哼]. لوق-لوق قىلىپ ئاغرىماق.

## لوقما

**لوقما I** ئىسىم. بىراۋ سۆزلەۋاتقاندا، ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزى ۋە ئوقۇشى توگىمەي تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان سۆز، جۈملە [插语]. لوقما سالماق. * ئۇ قىرائەت قىلىۋاتقاندا يەنە بىر قارىم بىر يەرگە لوقما سالدى. * جىم تۇر، لوقما سالما.

**لوقما II** مىقدار سۆز. بىر ئوتلام، بىر چاينام، بىر كاپام [量词:一口]. بىر لوقما ئاشنىڭ گادىيى بولۇپ يۈرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## لى

**لى I** ئىسىم. جۇڭگوچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم، يول[市里].
بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئون لى يول مېڭىپ ئاران يېتىپ باردۇق.

**لى II** ئىسىم. ئۆلچەم بىرلىكى. پۇڭنىڭ ئوندىن بىرى [厘]. بىر لى پۇلنىمۇ ئىقتىساد قىلىش كېرەك. * بىزنىڭ يېزىدا جان بېشىغا ئىككى مو بەش پۇڭ ئالتە لىدىن يەر توغرا كەلدى.

## لىپىر

**لىپىر I** ئىسىم. پىپى [柳哨,柳笛]. بىز يېڭى چىققان سۆگەت نوتىسىدىن لىپىر ياساپ چالدۇق.

**لىپىر II** ئىسىم. ئەسكى-تۇسكى[破烂(的东西)].

# م

## ماتا

**ماتا I** ئىسىم. خام، شالڭ [土布,大布]. ماتا كۆڭلەك. * ماتا توقۇماق. * ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا(ر) (ماقال).

**ماتا II** پېئىل. ماتىماق، ماتاش. قاتتىق چىرماپ باغلىماق [捆,捆绑]. قوينى ماتاپ باغلا.

## ماتكا

**ماتكا I** ئىسىم. بالىياتقۇ[子宫]. ماتكا راكى. * ماتكىنىڭ تۆۋەنلىشى.

**ماتكا II** ئىسىم. قارتىنىڭ Q بەلگىلىك، ئايال سۈرەتلىك تۈرى.

## ماددا

**ماددا I** ئىسىم. جىسىم، ماتېرىيە [物质]. پارتلاتقۇچ ماددا. * زەھەرلىگۈچى ماددا. * ئورگانىك ماددا. * ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى. * ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى.

**ماددا II** ئىسىم. تېكىستىنىڭ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن ئايرىلغان مۇستەقىل بۆلۈكى[条,条文,条款]. بىرىنچى ماددا. * قانۇنلاردىكى ئالاقىدار ماددىلار. * «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى» 6 باب، 44 ماددىدىن ئىبارەت.

## ماز

**ماز I** ئىسىم. پاختىنىڭ، كىيىم-كېچەك ۋە يوتقان-كۆرپىنىڭ كونىرىغان ھالىتى [败絮]. يوتقان مېزى. * چاپان مېزى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

* باش كىرلىسە تاز بولىدۇ، پاختا كىرلىسە، ماز بولىدۇ (ماقال).

**ماز II** سۆپەت. تامتىقى يوق، تۇتتۇرۇقسىز [无聊的]. ماز ئادەم. * كەم سۆز يىگىت ساز يىگىت، مەدداھ يىگىت ماز يىگىت (ماقال). * ئاز بولسا ساز بولار، كۆپ بولسا ماز بولار (ماقال).

## ماقال

**ماقال I** ئىسىم. خەلق ئىچىدە ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان، چوڭقۇر مەنىلىك، قاپىيىلىك، ۋەزىنلىك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك، ئىخچام جۈملە. ئاتىلار سۆزى، ئىبرەتلىك سۆز [谚语]. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى. * ماقال-تەمسىللەر. * ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال (ماقال).

**ماقال II** ئىسىم (توغرىسى: داقال). داقالغا چىققان ئاز-غىنا ساقال[下嘴唇下面的一小撮胡须]. ساقالدىن ماقال(داقال) كونا(ماقال).

## مال

**مال I** ئىسىم. چار-پاي، چارۋا [牲畜]. قارا مال. * ئۇششاق مال. * مال-ۋاران. * مالچى. * مال دوختۇرى. * مال بازىرى. * مال سويماق. * باقسا مال بولىدۇ. * مال بولسا، موما باقىدۇ (ماقال). * ياخشى ئىت—يېرىم مال (ماقال). * ئاغرىپ ساقايغان جان ئولجا، يوقىلىپ تېپىلغان مال (ماقال).

**مال II** ئىسىم. سېتىلىدىغان نەرسە، بۇيۇم، تاۋار [货,货物,商品]. مال باھاسى. * مال ساتقۇچى، مال ساتماق، مال ئالماق. * مال ئالماشتۇرماق. * باينى مال باسىدۇ، كەمبەغەلنى بالا (ماقال). * مالدا مال بار، ئادەمدە ئادەم (ماقال). * مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك (ماقال). * مال ئىگىسىنى دورىسا هارام (ماقال).

## مانان

**مانان I** ئىسىم. تۇتەك [雾气]. مانان باسماق. * كوچىنى مانان قاپلاپ كېتىپتۇ.

**مانان II** ئىسىم. يېكەن پۇپۇكى [苇芦花].

## مانتا

**مانتا I** ئىسىم. تۈگمە تاماقنىڭ بىر تۈرى. جىلىتكە قىيما تۈگۈپ، قاسقاندا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك [包子]. گۆش مانتا، كاۋا مانتا، پىتىر مانتا، بولاق مانتا. * مانتا كۆرمىگەن مانتىغا دۈم چۈشۈپتۇ(ماقال).

**مانتا II** ئىسىم. ئۇيغۇرلار ئۆيىنىڭ سۇپىسى ياكى كېڭى بىلەن ئىشىكى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق، پەگاھ، تاپسا [脚地(维吾尔族屋内炕与门之间的空地)]. باينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە، كەمبەغەلنىڭ مانتىسىدا ئولتۇر (ماقال).

## ماي

**ماي I** ئىسىم. ياغ [油(油类的总称)]. قوي مېيى. * يۇز مېيى. * چاچ مېيى. * ماي بوياق. * ماي زاۋۇتى. * ئۆچكىگە جان قايغۇسى، قاسساپقا ماي (ماقال). * ماي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم (ماقال).

**ماي II** ئىسىم. 5-ئاي [五月]. 1-ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى.

## ماي تارتماق

**ماي تارتماق I** پېئىل. قېيدىماق [闹别扭]. ماي تارتىشسا، دوستلۇق سوۋۇيدۇ (ماقال).

**ماي تارتماق II** پېئىل. جۇۋازدا ياغلىق دانلاردىن ماي چىقارماق [榨油]. بىر چارەك زىغىردىن تۆت جىڭ ماي چىقىدۇ.

## مايلىق

**مايلىق I** ئىسىم. ("ماي I "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە"لىق"قوشۇلغان). لۆڭگە، قول سۈرتىدىغان لاتا [擦手毛巾]. مايلىققا قول سۈرتسىلە.

**مايلىق II** سۈپەت ( "ماي I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە"لىق"قوشۇلغان). ماي چىقىدىغان، مېيى كۆپ [有油的，油腻的]. مايلىق دان. * مايلىق زىرائەت. * مايلىق ئاش. * مايلىق قەغەز.

www.uyghurkitap.com

## مە

**مە** I پېئىل. بېرىشكە سۇنماق [给你,拿去吧]. "مە" دېگەننىڭ مەنىسى بار (ماقال). * مەپتىننىڭ ئالتىسى "بەر"، بىرى "مە" (ماقال).

**مە** II ئىملىق. قوي- ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازى [咩(羊叫声)].

## مەرتىۋە

**مەرتىۋە** I ئىسىم. يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇن، ئەمەل [地位,官级,官衔]. مەرتىۋىسى ئۆسمەك. * مەرتىۋىسى چۈشمەك.

يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقسا پەس كىشى،
پەلەك ئەقىل بەرمەس، پەيلىك قىلمىشى.

*　　　*　　　*

مەرتىۋە ئادەمگە ھۆسن قوشماس،
ئادەم مەرتىۋىگە ھۆسن قوشار.

**مەرتىۋە** II مىقدار سۆز (كونىرىغان سۆز). قېتىم، مەتەم، رەت نۆۋەت [量词:次,回,趟]. مەن ساڭا نەچچە مەرتىۋە ئېيتتىم، ئاڭلىمىدىڭ.

## مەستلىك

**مەستلىك** I ئىسىم. ئامراقلىق، قىزىقىش، ھەۋەس [羡慕,陶醉,喜爱]. بۇ بالىغا بەك مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ. * ئۇنى كۆرۈپ مەستلىكىم كېلىپ كەتتى، چىرايلىق قىرىپتۇ.

**مەستلىك** II سۈپەت ("مەست"كە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىك" قوشۇلغان). خۇدىنى يوقاتقان، مەست بولغان ھالەت [酒醉状态]. مەستلىكتە قىلغان گەپنىڭ ئېتىبارى يوق (ماقال). * مېھماننىڭ مەستلىكى كەيپ، ساھىبخاننىڭ مەستلىكى ئەيىب (ماقال).

## مەلىكە

**مەلىكە** I (مە: لىكە) ئىسىم. ئايال پادىشاھ، خان- پادىشاھلارنىڭ خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى، قۇڭجۇ [公主].

**مەلىكە** II سۈپەت. ئىشقا پىشقان [熟练程度]. مەلىكىلىك ئىشچى.

## مەنجاڭ

**مەنجاڭ I** ئىسىم. ئۆپكىگە قويغان خېمىر سۈيىنىڭ غوجمەك قالدۇقى [面浆]. ئۆپكىنىڭ مەنجىڭى ئوخشاپتۇ.

**مەنجاڭ II** ئىسىم. خېمىر ئاشلىرىنىڭ ئۇستىسى [面匠,白案]. ئاشپۇزۇلدا مەنجاڭ ئۇستام بىلەن تونۇشۇۋالدىم.

## مەيدە

**مەيدە I** ئىسىم. كۆكرەك [胸,胸膛,心窝,胃口]. مەيدىسىنى كەرمەك. * مەيدىسىگە ئۇرماق. * مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس (ماقال). قاغا جىگدىنى يېمە، مەيدەم ئاغرىدى دېمە (ماقال).

**مەيدە II** سۈپەت. ئۇششاق، كىچىك [小的]. مەيدە چۆپ. * مەيدە ئىش. * مەيدە بۇرژۇئازىيە.

## مو

**مو I** ئىسىم. جۇڭگوچە يەرنىڭ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مو يەر 666.7 كۋادرات مېترغا تەڭ[亩]. بىر مو يېشىغا 200 كىلودىن بۇغداي ئالدۇق.

**مو II** ئىسىم. خەلق پۇلى—يۈەننىڭ ئېغىز تىلىدىكى كىچىك بىرلىكى. بىر يۈەننىڭ ئوندىن بىرى [角,毛]. بىر مولۇق ئاپتوبۇس بېلىتى ئۈچ موغا چىقتى.

## موما

**موما I** ئىسىم. ئاتا-ئانىنىڭ ئانىسى [祖姆,奶奶]. مومىسىنى كۆرسەتمەك. * مال بولسا مومام باقىدۇ (ماقال).

**موما II** ئىسىم. موما ياغاچ [桅杆,木桩,木杆]. خامانغا قوشۇلغان ئۇلاغلار مومىنى ئايلىنىپ خامان تېپەتتى.

**موما III** (مو:ما) جىڭموما، هورنان [馒头]. بىز خەققە موما ياراشمايدۇ، ئىككى ۋاخ يېسەكلا چىقىپ قالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇسەللەس

**مۇسەللەس I** ئىسىم. مەيزاپ [葡萄酒]. ھاراق پادشاھدۇر، مۇسەللەس ۋەزىر، نەشە پاسكىنىدۇر، تاماكا بىنەزىر.

**مۇسەللەس II** ئىسىم. ئۈچ مىسرالىق كۇپلېتلاردىن تۈزۈلگەن شېئىر [三行诗].

ئانارگۈلى قىزىل چوغدەك بەرگىدە،
لاۋۇلدايدۇ خۇددى ياقۇت رەڭگىدە،
كۆلدى شۇنداق ياشلىق باھار پەسلىدە.

ئانارگۈلى يارىشىپتۇ چىېكەڭگە،
گۈل ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزى چىمەنگە،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئانارگۈلدەك ئەسلىدە.

—ق. ئىمىن.

## مۇقام

**مۇقام I** ئىسىم. يۇرۇشلۇك چوڭ نەغمە [木卡姆,乐曲,曲调]. «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىشۇناسلىق بابىدا جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر.

**مۇقام II** ئىسىم. بەلگىلەنگەن ياكى ئادەتلەنگەن نۇتۇق-سۆز ئۇرامى [调子]. مۇقامدا يوق. * مۇقامغا سىغمايدىغان گەپ. * بەلگىلەنگەن مۇقام بويىچە سۆزلەشنى رەھبەرلىك تەلەپ قىلدى.

## مۇمىيا

**مۇمىيا I** ئىسىم. مونەينى، چىرىمىگەن جەسەت، قۇرۇق جەسەت [木乃伊,干尸]. تۇرپان ئاستانە مازىرىدىن نۇرغۇن مۇمىيا قېزىۋېلىندى.

**مۇمىيا II** ئىسىم. مىللىي تىبابەتچىلىكتە سۇنغان سۆڭەكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇمىسىمان ئورگانىك ماددا [防腐药物].

**مۇمىيا III** ئىسىم. تالقان ھالەتتىكى قىزغۇچ-جىگەر رەڭ

مىنېرال بوياق [普伦士红].

## مۆڭ

**مۆڭ I** سۈپەت. خامۇش، دەلدۇش دۆت، كالۋا [傻呵呵,傻里傻气,呆头呆脑]. گەپ قىلمىسام مۆڭ دەيدۇ، گەپ قىلسام دۆڭ دەيدۇ (ماقال). * ئاۋۇ مۆڭ ئىكەن، ماۋۇ بېخىل ئىكەن، ئەمدى مەن كىمگە تېگەي (ماقال).

**مۆڭ II** پېئىل. مۆڭمەك، مۆڭكۈمەك، مۆڭكۈش. چەچاڭلىماق، چىچاڭ ئاتماق [窜跳]. ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلسام، نېمە ئانچە مۆڭسەن !؟

## مىل

**مىل I** ئىسىم. يىڭنە، ستىرىلكا [针,表针]. سائەتنىڭ مىلى. * كومپاسنىڭ مىلى.

**مىل II** ئىسىم. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەرقايسى ئەللەردە ئوخشاش ئەمەس. دېڭىز مىلى 1852 مېترغا، قۇرۇقلۇق مىلى 7420 مېترغا تەڭ [里,海里,英里].

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ن

## ناگان

**ناگان I** ئىسىم. تاپانچا[手枪].

**ناگان II** رەۋىش. گاھى، بەزەن، بەزى[偶而,有时].

## ناۋا

**ناۋا I** ئىسىم. ئۆي، پېشايۋانلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ قىر-قېشى، لەمپە[檐板]. ئۆينىڭ ناۋاسى. * پېشايۋاننىڭ ناۋاسى.

**ناۋا II** ئىسىم. نەغمە، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئونىنچىسىنىڭ نامى[纳瓦曲:《十二木卡姆》]. ناۋا مۇقامى، ئون ئىككى چوڭ نەغمە، ئالتە داستان، ئۈچ مەشرەپتىن تەركىب تاپقان.

## نوتا

**نوتا I** ئىسىم. ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭى بىخلىنىپ چىققان يۇمران شېخى [幼芽,嫩牙,嫩枝]. ياغاچنى نوتا چېغىدا ئەگ (ماقال).

تەك شاراب بېرىدۇ غورىدىن كېيىن،
نوتا گۈل ئاچىدۇ غۇنچىدىن كېيىن.

**نوتا II** ئىسىم. مۇزىكىشۇناسلىق ئاتالغۇسى. 1. مۇزىكىلىق تاۋۇشلارنى كۆرسەتكۈچى شەرتلىك بەلگىلەر [谱,谱子]. "دو" نوتىسى. * بەش سىزىقلىق نوتا. * ئاددىي نوتا. * نوتىغا ئالماق.

2. نوتىلار يېزىلغان قەغەز. نوتىغا قاراپ چالماق.

**نوتا III** ئىسىم. دىپلوماتىك ھۆججەت. بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى ئارىدىكى بىرەر ۋەقە ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى يەنە بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرغان ئالاقە [照会]. نوتا تاپشۇرماق.

**نۇر I** ئىسىم. يورۇقلۇق [光,光线,光芒,光辉]. كۈن نۇرى، ئاي نۇرى، چىراغ نۇرى. * چىرايىدىن نۇر چاقناپ تۇرماق.

**نۇر II** ئىسىم. بالىلار مۇز ئۈستىدە مەخسۇس قامچا بىلەن ئۇرۇپ پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق [陀螺,牛儿]. نۇر ئوينىماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھ

## ھار

**ھار** I ئىسىم. نومۇس ("ئار I" <)[受辱,受委屈]. ئاتىنىڭ تەپكىنى ھار ئەمەس، ئېشەكنىڭ تەپكىنى ھار (ماقال). * ئۇنىڭ قىلغىنى ھار كەلدى. * ئۇ بۇنى بەك ھار ئالدى.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يامانغا گەپ قىلساڭ ھار بولماس.

**ھار** II پېئىل. ھارماق، ھېرىش. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇششۇق قىلغانلىقتىن چارچىماق، ھارغىنلىق يەتمەك [累，劳累,疲劳,劳顿]. ھارماي-تالماي. * ھاردىم دېسە، ھاپاچ بوپتۇ (ماقال). * ئېتىڭ ھارسا، دۆڭگە چاپ (ماقال). * بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچ قالغانغا (ماقال). * يول يۈرگەندە ئېتىڭ ھارمىسۇن، قېرىغاندا ئايالىڭ ئۆلمىسۇن (ماقال).

## ھازىر

**ھازىر** I رەۋىش. سۆز بولۇۋاتقان چاغ [现在,刚才]. ھازىرچە، ھازىرغىچە، ھازىرقى. * ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى. * ھازىر جاۋاب. * ھازىر بارىمەن، ساقلاپ تۇرۇڭ.

**ھازىر** II سۈپەت. تەييار [准备]. ھازىرلىق، ھازىرلىماق، ھازىر بولماق، ھازىر قىلماق. * سەپەرگە ھازىرلانماق، ئىمتىھانغا ھازىرلانماق.

## ھال

**ھال** I ئىسىم. ئەھۋال، ھالەت [情况,状况,境况]. ھال پېئىل. * ھال ئېيتماق، ھال سورىماق. * ھالى خاراب، ھال-مۇڭ، ھال-ئۇقەت. * چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس، كىشى كېلىپ ھال سورىماس (ماقال). * ھالىم پەرىشان، كىيگىنىم تېرە ئىشتان (ماقال). * نېسىي ساتقانىڭ ھالى خاراب، قالىدۇ دەپتەرگە قاراپ (ماقال).

**ھال II** ئىسىم. كىبىرى، جازا [架子,傲气]. ھالى چوڭ، ھال كىرمەك، ھال تارتماق. * باراڭغا چۈشكەن قاپاقنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ھالى بار (ماقال). * ئاۋۇ خوتۇننىڭ ھالىنى، ئۆتۈكۈمنىڭ نالىنى (ماقال).

**ھال III** ئىسىم. كۈچ، ماغدۇر [精力,经济]. ھالدىن كەتمەك، ھالسىراماق، ھالسىز. * ساق يېرىنىڭ ھالى يوق، ئاغرىق يېرىنىڭ تايىنى (ماقال). * ھالى يەتمىگەن خۇداغا يېلىنار (ماقال). * ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت (ماقال).

**ھال IV** ئىسىم. زىرائەتكە چۈشىدىغان بىر خىل كېسەللىك [黄锈病,黄疸]. بۇغدايغا ھال چۈشتى. * ھال كېسىلى.

**ھال V** سۈپەت. بىنەپشە رەڭ [粉红,桃红]. ھال كۆڭلەك كىيگەن قىز ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

## ھايات

**ھايات I** ئىسىم. جان، ئۆمۈر [生命,性命,寿命]. سىياسىي ھايات. * ھاياتىدىن ئايرىلماق. * ھاياتنى تەقدىم قىلماق. * ھاياتى ئۇلۇغ، ئۆلۈمى شەرەپلىك. * ھايات قىسقا، ئارزۇ كۆپ.

**ھايات II** ئىسىم. تۇرمۇش، روزىغار [生活,生涯]. بەختلىك ھايات، يېڭى ھايات، ھايات يولى. * ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم. * ھايات ھەممىنى ئۆگىتىدۇ، ئۆگەنمىسەڭ تۈگىتىدۇ.

ھاياتتا تاسقىلىپ ئېزىلگەن كىشى،
ئۇستازلىققا لايىق: بىلىم ھەر ئىشى.

**ھايات III** سۈپەت. تىرىك، ساق-سالامەت، ياشاۋاتقان [活着,健在,在世]. ئۇ تېخى ھايات. * ھايات-مامات. * ھاياتلا بولسام، سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. * ھەركىم دىل ئازاردۇر، ھاياتى ئامۇزاردۇر (ماقال).

## ھەرە

**ھەرە I** ئىسىم. بوغۇن [蜂]. ھەسەل ھەرىسى. * ھەرە كۆنىكى، ھەرە ساندۇقى، ھەرە باقماق. * ھەرىنىڭ زەھرىگە چىدىغان ھەسەل يەر (ماقال).

ھىممەت بىلەن شىر بېشىغا چىقار چۈمۈلە،
ھېكمەت بىلەن ھەسەل بېرەر تىرىشچان ھەرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ھەرە II** ئىسىم. ياغاچچىلىق سايمىنى. ياغاچ-تۆمۈرلەرنى كېسىدىغان چىشلىق ئەسۋاب [锯]. پولات ھەرە. * قول ھەرىسى.

## ھەسسە

**ھەسسە I** ئىسىم. 1. ئۈلۈش [份儿]. چەتلىگەنگە ھەسسە يوق (ماقال). * بۇنىڭدا مېنىڭمۇ ھەسسەم بار.

2. تۆھپە [贡献]. ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان ھەسسىسى چوڭ.

**ھەسسە II** ئىسىم. كەررە، قېتىم [倍]. ھەسسە سان. * ھەسسىدار. * ھەسسىلىك. * تۆت ھەسسە چوڭ، ئۈچ ھەسسە ئاز.

بەتنام ياشىغاندىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل،
مەقسەتكە يەتمەستىن يەپ كەتسە ئەجەل.

## ھەق

**ھەق I** ئىسىم. ئىش-ئەمگەككە ئالىدىغان ھەق، ئىش-كار، مائاش [工资,酬金,报酬]. ئىش ھەققى، قەلەم ھەققى، تاپان ھەققى، ئىجارە ھەققى. * ھەقسىز ئەمگەك، ھەقسىز داۋالىماق.

**ھەق II** ئىسىم. ھوقۇق، ھەد [理由,道理,权力]. سېنىڭ مېنى ئەيىبلەشكە ھەققىڭ يوق. * كەلمىگەن تەلىيدە ئاناڭنىڭ نېمە ھەققى.

**ھەق III** سۈپەت. توغرا، دۇرۇس [真理,公道,正义]. ھەق گەپ ئاچچىق بولار. * بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق. * ھەق-ناھەق مەسىلىسى. * ھەق ئېگىلەر، سۇنماس (ماقال).

## ھەل

**ھەل I** سۈپەت. يەشمەك، يېشىش (ھەل قىلماق، ھەل بولماق) [解决,处理]. مەسىلە ھەل بولدى.

تىرىك جاننى ئېلىش ئاسان بولار ھەل،
ئۆلۈك تىرىلمەيدۇ ھېچ مەھەل.

**ھەل II** ئىسىم. ئالتۇن ياكى كۈمۈش تالقانلىرىدىن ياسالغان بوياق [金粉,贴金,镀金]. ھەل بەرمەك.

ئىت ئوۋ قىلالمايدۇ شىرنى ھېچ ۋەھەل،
يوپۇقى يىپەك بولسۇن يا ئەقلى شۇ ھەل.

## ھوش

**ھوش I** ئىسىم. ئەس، ياد، ئىدراك [知觉,智力]. ھوشىدىن كەتمەك، ھوشىغا كەلمەك، ھوشىنى يوقاتماق، ھوشىنى تاپماق. * ھوشىڭنىڭ بارىدا ئىتىكىڭنى ياپ (ماقال).

**ھوش II** ئىملىق. يەرگە قوش سالغاندا كالىنى ھەيدەش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ [犁地时吆喝耕牛顺着犁沟走的喊声]. قوشچى قوش ھەيدەۋېتىپ، بىر دەم "تاپ" دەپ، بىر دەم "ھوش" دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

## ھۆر

**ھۆر I** سۈپەت. ئەركىن، ئازاد [解放的,自由的]. ھۆر ياشىماق. * ھۆرلۈك، ھۆرىيەت، ھۆر ئەل. * ھۆر زامان.

**ھۆر II** سۈپەت. * جەننەتتىكى گۈزەل قىزلار. ھۆرلەر [仙女]. ھۆرى-غىلمان. * ھۆر قىزلار.

## ھېساب

**ھېساب I** ئىسىم. ھېسابات [帐,帐目]. ھېساب دەپتىرى. * ھېسابتىن چىقارماق. * ھېسابنى بوغماق. * ھېساب ئالماق. * ھېساب بەرمەك. * ھېساب-كىتاب قىلىشماق. * ھېسابچى توغرا بولسا، ھېساب خاتا بولماس (ماقال). * پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ (ماقال). * ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق، كالپۇكنىڭ تېشىدا چىش يوق.

**ھېساب II** ھېساب دەرسى، ئارىفمېتىكا [算术]. ھېساب ئەمىلى. * ھېساب چىقارماق.

**ھېساب III** ئىسىم. سان، ساناق، ئەدەت [数]. ھېسابقا ئالماق. * ھېسابلىماق. * ھېسابسىز. * ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق (ماقال). * تۇغۇلغان ھېساب ئەمەس، تورغان ھېساب (ماقال). * تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب (ماقال).

www.uyghurkitap.com

# ئو

## ئوت

**ئوت I** ئىسىم. ئاتەش، ئالاۋ [火]. ئوتدان. * ئوتقاش. * ئوت قالىماق. * ئوت كەتمەك. * ئوت بىلەن ئويناشما (ماقال). * ”ئوت“ دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس (ماقال). * ئۆتكەن ۋاقىت—ئۆچكەن ئوت (ماقال). * كۆپ ياققان ئوت كۆككە يېتەر (ماقال). * جان ئوت، جان ئەر (ماقال).

**ئوت II** ئىسىم. چۆپ، گىياھ، كۆكتات، مايسا [草]. ياۋا ئوت. * ئوت-چۆپ، ئوت-خەشەك. * ئوتياش-كۆكتات. * ئوت ئوتىماق، ئوت ئورماق. * ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق (ماقال).

**ئوت III** ئىسىم (كونىرىغان سۆز). ئۆسۈملۈك دورا [草药]. ئوتاچى.

## ئوتاق

**ئوتاق I** ئىسىم. مالچىلارنىڭ كىگىز ئۆيى[活动毡房]. ئوتاق تىكمەك. * ئوتاقتا ئولتۇرماق.

**ئوتاق II** ئىسىم. زىرائەتلەردىكى ياۋا ئوتلارنى ئوتاش پائالىيىتى [锄草,除草]. بۇغداي ئوتىقى. * ئوتاقچى قىزلار ناخشا ئېيتىپ ئوت چىقىرىۋەتتى.

## ئوتلا

**ئوتلا I** پېئىل. ئوتلىماق، ئوتلاش. ئىچىملىكلەرنى ئاز-ئازدىن ئىچمەك [呷水]. بىر ئوتلام سۇ ئوتلىدى. * ھارىقىڭنى ئوتلىمايمەن، ئەقلىمنى بۇلغىمايمەن.

**ئوتلا II** پېئىل (”ئوت I“گە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە ”لا“ قوشۇلغان). ئوتلىماق، ئوتلاش. مال-چارۋىلار ھايۋانلار ئوت- چۆپ يېمەك [吃草]. بېخىلنىڭ مېلى ئۆزى ئوتلايدۇ

(ماقال) . * ئەمەت ئېتىنى ئوتلاقتا ئوتلاشقا قويۇەتتى . * غېنى قويلىرى ئوتلاقتا ئوتلىماقتا.

## ئوتلۇق

**ئوتلۇق I** ئىسىم ("ئوت I "گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان) . [炉膛]. ساماۋارنىڭ ئوتلۇقىنى تۈزەپ قوي.

**ئوتلۇق II** سۈپەت ("ئوت II "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان) . [草地]. ئوتلۇق يەر. * ئېشىكىڭ بولسا، ئوتلۇقتا باغلا.

**ئوتلۇق III** سۈپەت ("ئوت I "گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان) . [火热的, 火一样的]. ئوتلۇق يۈرەك. * ئېتىكى ئوتلۇق قىز.

## ئوچۇق

**ئوچۇق I** سۈپەت. يېپىلمىغان، پۈركەنمىگەن، ئېتىلمىگەن، قاپلانمىغان، ئورالمىغان: ئاشكارا [开着的,敞开的,公开的]. ئانتونىمى: يوشۇرۇن، يېپىق، ئېتىك. ئىشىك ئوچۇق. * ئۆي ئوچۇق، ئوچۇق خەت. * كۆزى ئوچۇق كەتمەك. * ئالدى ئوچۇق. * ئوچۇق ئېغىز ئاچ قالماس (ماقال) . * ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر (ماقال) . * ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق (ماقال) .

**ئوچۇق II** سۈپەت. ئېنىق، روشەن، يورۇق، سۈزۈك، قاراڭغۇ، تۇتۇق. ئانتونىمى: سۇس، [清楚,分明,清晰,明显]. كۈن ئوچۇق. * هاۋا ئوچۇق. * ئوچۇق بەلگىلىمە. * رەڭگى ئوچۇق. * كۆڭلى ئوچۇق. * كېپى ئوچۇق. * خەتنى ئوچۇق يازماق. * گەپنى ئوچۇق قىلماق. * ئوچۇق چىراي—قايناق چاي (ماقال) . * دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق (ماقال) .

## ئورا

**ئورا I** ئىسىم. كۆكتات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ياكى بىرەر نەرسىنى كۆمۈش ئۈچۈن قېزىلغان، ئويۇلغان ئورەك [窖,坑,穴]. كۆكتات ئورىسى. * ئورا كولىماق. * ئورىنى

www.uyghurkitap.com

كىم كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ (ماقال). * خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى (ماقال). * پاقا سەكرەپ-سەكرەپ ئورىغا چۈشەر (ماقال).

**ئورا** II پېئىل. ئورىماق، ئوراش. ئەتراپىنى بېكىتمەك، قورشىماق، چولغىماق، تۈگمەك [包, 卷, 缠, 绕, 裹]. تاماكا ئورىماق. * پايتىما ئورىماق. * بالىنى ئورىماق. * دۈشمەننى ئورىماق. * كىتابنى ئورىماق.

**ئورا** III ئىسىم. تەسكەي (قومۇل شېۋىسى) [北方, 北面].

## ئوشۇق

**ئوشۇق** I ئىسىم. 1. پۇتنىڭ پاقالچەك بىلەن تۇتاشقان يېرىدىكى دومباق چىقىپ تۇرغان سۆڭىكى [脚踝骨]. پۇتنىڭ ئوشۇقى چىقىپ كەتمەك. * ئىنتىلگەن ئەرگە دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس (ماقال). * ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىشۇر (ماقال).

2. ھايۋاننىڭ ئارقا پۇتىدا سان بىلەن بالدىرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سۆڭەكچە. ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئويۇن ئوينىلىدۇ [羊髀石]. تۆت ئوشۇق ئوينىماق. * ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك. * ئوشۇق يا پوككا، يا چىككا چۈشسۇن.

**ئوشۇق** II سۈپەت [多余的, 剩余的, 富余的]. ئوشۇقچە. ئوشۇق بىلەت، ئوشۇق چىقىم. * پۇلنىڭ ئوشۇقىنى قايتۇرۇپ بەر. * ئوشۇق دۇنيا باش يارماس (ماقال). * بۇ بالا ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق ئوبدان بالىكەن. * بۈگۈنكى مەجلىسكە 50 تىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى.

## ئوغۇز

**ئوغۇز** I ئىسىم. ئانىنىڭ ۋە مالنىڭ يېڭى تۇغقان چېغىدىكى سۈتى [初乳]. ئوغۇز سۈتى. * ئوغۇزىغا قانمىغان بىچارە.

**ئوغۇز** II ئىسىم. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى [乌古斯]. ئوغۇزخان. * ئوغۇزنامە. * ئوغۇزچە.

## ئوق

**ئوق** I ئىسىم. 1. ئوقيا، كامان، ساداقلاردىن ئېتىلىدىغان نەيزە [箭, 矢]. ئوقدان. * ئوقلۇق. * ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بارماق.

2. جەڭ قوراللىرىدىن، قورال-ياراغلاردىن ئېتىلىدىغان ھەر خىل پاترونلار، سنارەدلار [弹,子弹,炮弹]. مىلتىق ئوقى، زەمبىرەك ئوقى، پىلىموت ئوقى. * ئوق ئاتماق. * ئوق يارىسى، ئوق ئاۋازى، ئوق-دورا. * غايىب ئوق تەگمەك. * ئوقنىڭ كۆزى يوق (ماقال). * ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس (ماقال). * ئېيتىلغان سۆز— ئېتىلغان ئوق (ماقال). * ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ نېرى كېتەر (ماقال). * ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرەر، چىچالمىغان پوقىدىن (ماقال).

**ئوق** II ئىسىم. 1. ئىككى چاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان، ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قاتتىق ياغاچ ياكى مېتال [轴]. ھارۋىنىڭ ئوقى. * ماشىنىنىڭ ئوقى.

2. ئايلىنىدىغان جىسىم قۇتۇپلىرىنى بىرلەشتۇرگۇچى تىك سىزىق، شۇ سىزىق جايلاشقان يەر [轴]. يەر شارى ئوقى. * يەر ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ھەربىر ئايلىنىشتىن كېچە-كۈندۈز ھاسىل بولىدۇ.

3. نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۈرى [根，母]. ئوق يىلتىز. * ئوق ئېرىق.

**ئوق** III ئىسىم. مىراس تەقسىماتىدا ھەربىر ئۈلۈش، ھەسسە [分儿]. مىراس ئۈچ ئوق قىلىنىپ، ئىككى ئوق ئوغۇلغا، بىر ئوق قىزغا بېرىلدى.

## ئوقۇرۇق

**ئوقۇرۇق** I ئىسىم. ئات-يىلقىلارنى تۇتىدىغان سالما [套绳]. ئوقۇرۇق سېلىپ، قارا تاينى تۇتتۇم.

**ئوقۇرۇق** II ئىسىم. مېۋە قاقىدىغان تاياق [(打果实的)长棍]. ئوقۇرۇق بىلەن ياڭاق قاقتۇق.

**ئوقۇرۇق** III ئىسىم. كۆكۈيۈن، سالما [牛虻]. كالىغا ئوقۇرۇق تەگمەك.

## ئوڭ

**ئوڭ** I سۈپەت. [右,右边]. ئانتونىمى: سول. ئوڭ قول، ئوڭخاي. * ئوڭ قانات. * ئوڭ يېنىدىن قوپماق. * ئوڭ كۆزۈڭ سول كۆزۈڭگە دۈشمەن

(ماقال). * ئېشەككە ئوڭدىن مىنگەننىڭ سولدىن مىنگەندىن پەرقى يوق (ماقال).

**ئوڭ** II سۈپەت. ئالدى، يۈزى، سىرتى[正面,仰面]. ئانتونىمى: تەتۈر. رەختنىڭ ئوڭى. * ئوڭ-تەتۈر. * ئوڭ ۋالېنت. * كەتمەن چاپقان جىگدە يەر، ئوڭدا ياتقان گىردە (ماقال).

**ئوڭ** III سۈپەت. ئويغاق ھالەت [现实,醒悟]. ئانتونىمى: چۈش، ئۇخلاقلىق. ئوڭدا چۈش كورمەك. * ئوڭمۇ-چۈشمۇ.

**ئوڭ** IV سۈپەت. ئوڭۇشلۇق، قولاي، ئوڭاي [顺利,得手,合适]. تەلەي ئوڭدىن كەلمەك. * ئىشى ئوڭغا تارتماق. بۇنى سىنىڭ قىلغىنىڭ ئوڭ. * ئامەت ئوڭدىن كەلسە، تەلەي دۆڭدىن كېلەر (ماقال). * پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال).

**ئوڭ** V سۈپەت. ئوڭلۇق، ساق [通达的,明白事理的]. ئوڭ ئادەم. * ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى (ماقال).

**ئوڭ** VI پېئىل. ئوڭماق، ئوڭۇش. ئەپ بولماق، ئوڭۇشلۇق بولماق، راۋاجلانماق، يۈرۈشمەك [顺当,顺利,顺手,合适]. ئۇنىڭ ئىشى زادى ئوڭمىدى. * توغان بېشىدا كۆچەت ئوڭمەس، باينىڭ قېشىدا گاداي (ماقال). * بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىجىرگىنى ئوڭۇراق.

## ئوي

**ئوي** I ئىسىم. پىكىر، خىيال، مۇلاھىزە، مەقسەت، نىيەت، مۇددىئا [想法,主意,念头,意思]. ئويلىماق، ئويغا كەتمەك، ئويغا پاتماق. * ئويغا سالماق، ئويغا كەلمەك. * نېمە ئويۇڭ بار؟ * بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي، گادايغا كۈندە قايغۇ، كۈندە ئوي (ماقال). * بويۇڭ بىلەن ماختانما، ئويۇڭ بىلەن ماختان (ماقال).

**ئوي** II سۈپەت. دۆڭنىڭ ئەكسى، چوڭقۇر، ھاڭ، ئازگال [洼,深岸]. ئوي-دوڭغۇل. * بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرى تولا (ماقال). * ئويدا ياتما، دۆڭدە يات (ماقال). * دۆڭگە جىرىم تىكمە، ئويغا ئۆي سالما (ماقال).

**ئوي** III پېئىل. ئويماق، ئويۇش. كولىماق، قازماق، ئوي قىلماق [刻,剜,挖,碗]. تامغا ئويماق، نەقىش ئويماق. * ئويمىچى، ئويمىچە-

لىق. * كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئوي. * ئويساڭ ئون كۈن يېتەر، قىرساڭ قىرىق كۈن كېتەر (ماقال). * كۆزىنى ئويۇپ، قولىغا ھاسا بەرگەندەك.

## ئويماق

**ئويماق I** ئىسىم. شاخىنەك [顶针儿]. ئويۇندىن ئويماق چىقار (ماقال). * ئورغاق تۇتقان ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، ئويماق تۇتقان ئاناڭ بىلەن قال (ماقال). * ئۇنىڭ ئويماقتەك ئاغزىدىن بىر سۆيسەم كاشكى.

**ئويماق II** پېئىل ("ئوي III "نىڭ ھەرىكەتنامى).

www.uyghurkitap.com

# ئۇ

## ئۇ

ئۇ I  ئالماش. كۆرسىتىش ئالمىشى (”ئول“<) سۇپەت ئورنىدا كېلىدۇ [那,彼,此]. ئۇ كىشى، ئۇ جاي، ئۇندىن باشقا. * ئۇنىڭ ئۈستىگە. * ئۇ مەسىلە. * ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق دوست.

ئۇ II  ئالماش. III شەخس بىرلىك كىشىلىك ئالمىشى. ئىسىم ئورنىدا كېلىدۇ [他,她,它]. ئۇ قاچان كېلىدۇ؟ * ئۇنىڭ بىلەن كىنوغا باردىم.

ئۇ III  يۈكلىمە. 1. مەنىداش قوش سۆزلەرنى باغلاپ، ”ۋە“ ئورنىدا كېلىدۇ. بەختۇساۋادەت. * ماقالۇتەمسىللەر. * تورغايۇقۇشقاچلار.

2. ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ. ئوغۇل بالىمەن دېسەن، ئوغۇل بالا ئىكەنسەنۇ، نېمىدىن قورقىسەن؟!

## ئۇچ

ئۇچ I  ئىسىم. نەرسىلەرنىڭ باشلانغان ياكى تۈگىگەن يېرى، ئۈستى، بېشى [尖,梢,顶,端]. ئۇچلۇق. * قەلەم ئۇچى. * يىپ ئۇچى. * مۇنارنىڭ ئۇچى. * دەرەخنىڭ ئۇچى. * ئۇچىغا چىقماق. * گەپنىڭ ئۇچىنىلا چىقىرىپ قويماق. * تىلنىڭ ئۇچىدىلا سۆزلەپ قويماق. * خېمىر ئۇچىدىن پىتمىر (ماقال). * ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچى بۇرنىڭنى يارار (ماقال). * يىڭنىنىڭ ئىككى ئۇچى تەڭلا ئۇچلۇق بولمايدۇ (ماقال). * تىلنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆز—تالاي يەرگە كەتكەن سۆز (ماقال).

ئۇچ II  پېئىل. 1. ئۇچماق، ئۇچۇش. كۆكتە، ھاۋادا ھەرىكەتلەنمەك، پەرۋاز قىلماق [飞,飞行,飞翔]. قۇشلار جەنۇبقا ئۇچۇپ كەتتى. * ئۇچقۇر، ئۇچقۇ، ئۇچقۇچ. * توخۇ ئۇچسا تامغا قونار، لاچىن ئۇچسا تاغقا (ماقال). * ئۇچۇشتىن بۇرۇن چۈشۈشنى ئويلا(ماقال).

2. پارغا ئايلانماق [蒸发,挥发]. بېنزىن قاچىلانغان باكنىڭ ئاغزىنى چىڭ

ئەتمەسلىك، بېنزىن ئۇچۇپ كېتىدۇ.

3. سوقماق، ئۇزۇلمەك [碰掉,磕掉]. چىنىنىڭ گىرۋىكى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. * ئۇ جوغىسى ئۇچۇپ كەتكەن چەينەكتە چاي قويدى.

**ئۇچ III** ئىسىم. يىپ ئىگىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پاختىدىن تەييارلانغان پىلتە [棉条]. ئۇچ ئىگىرمەك.

## ئۇران

**ئۇران I** ئىسىم. رادىئو ئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت، ئاتوم تەرتىپى 92، بەلگىسى U، ئاتوم ئېغىرلىقى 238,029 [铀]. ئۇران ماددىسى. * ئۇران كانى.

**ئۇران II** ئىسىم. يۇلتۇز، قۇياش سىستېمىسىدىكى 7- سەييارە [天王星].

**ئۇران III** ئىسىم. شوئار، چاقىرىق، سۈرەن، چۇقان [口号,呐喊]. ئۇران توۋلىماق. * نەۋكەرلەر ئۇران قىچقىرىپ ئۆتۈشتى.

**ئۇران IV** گەپ-سۆزنىڭ سالمىقى، ئاھاڭى، ئىنتوناتسىيە [口气]. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇ خېلى خاپا بولغان ئوخشايدۇ.

## ئۇرغۇ

**ئۇرغۇ I** ئىسىم. گراممatikا ئاتالغۇسى. سۆزنىڭ ئىچىدە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئىشلىتىلگەن تاۋۇش، جۈملىدە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئىشلىتىلگەن سۆز، ئۇدار [重音]. سۆز ئۇرغۇسى. * لوگىكىلىق ئۇرغۇ. * ئۇرغۇ بەلگىسى. * ئۇرغۇلۇق، ئۇرغۇسىز.

**ئۇرغۇ II** پېئىل. ئۇرغىماق، ئۇرغۇش. ئېتىلىپ، چېچىلىپ چىقماق [涌,迸发]. بۇلاقتىن سۇ ئۇرغۇپ چىقاتتى. * ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

## ئۇرۇش

**ئۇرۇش I** ئىسىمداش. مۇشتلىشىش، ياقىلىشىش، چاپلىشىش، تاكاللىشىش، سوقۇشۇش، جېدەل، ماجىرا، نىزا

www.uyghurkitap.com

[打架]. خوتۇن تۇغقىنى كەلسە، گۆش بىلەن گۈرۈچ، ئەر تۇغقىنى كەلسە، ئۆيدە ئۇرۇش.

**ئۇرۇش II** ئىسىم. (”ئۇرۇش I“ <) جەڭ، ئېتىش، غازات، مۇھارىبە [战,战争,战役]. ئۇرۇش رايونى، ئۇرۇش ۋاقتى، ئۇرۇش خەۋەرلىرى، ئۇرۇش تۇمانلىرى. * ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ (ماقال).

ئالەمنى بىلگەنلەر دېيىشەر ھامان،
ئۇرۇش تاشقىرىدىن كۆرۈشكە ئاسان.

**ئۇرۇش III** پېئىل. ئۇرۇشماق، ئۇرۇشۇش [打仗]. ئۇلار ئۇرۇشۇپتۇ، باش-كۆزىنى يېرىشىپتۇ.

## ئۇرۇق

**ئۇرۇق I** ئىسىم. 1. ئۆسۈملۈكلەر دېنى، تېرىشقا مەخسۇس تەييارلانغان دان، ئۇرەن [籽,子实,种子]. بۇغداي ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، گۈل ئۇرۇقى، ئۇرۇقلۇق. * ئۇرۇق تاللىماق، ئۇرۇق چاچماق، ئۇرۇق يىغماق.

2. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ مەنىيسى، سپېرمىسى[精子,精液]. ئۇرۇقدان، ئۇرۇق بەزلىرى. * ئۇرۇق خالتىسى، ئۇرۇق نەيچىسى. * ئۇرۇقلىنىش، ئۇرۇقلاندۇرۇش.

**ئۇرۇق II** ئىسىم. نەسىل، ئۇرۇقداشلىق، قوۋم [宗族,部族,氏族]. ئۇرۇق-ئايماق، ئۇرۇقداش، ئۇرۇقداشلىق، ئۇرۇق-تۇغقان، ئۇرۇق-جەمەت، ئۇرۇق پۇشتى. * ئۇرۇق-ئەجداد، ئۇرۇق-ئەۋلاد. * دۈشمەن بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزنى قۇرۇتماقچى.

**ئۇرۇق III** ئىسىم. قاتار، شاھمات، دامكا ۋە خاڭغا ئوخشاش ئويۇنلارنىڭ پېچكىسى [棋子儿]. ئۇرۇقلارنى تىزماق. * ئۇرۇقلارنى ماڭماق. * ئۇرۇقنى يېمەك.

## ئۇزات

**ئۇزات I** پېئىل. ئۇزاتماق، ئۇزىتىش. سۇنماق [伸].

يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزات،
تەمەدىن باشقىغا قول ئۇزات.

* * *

قولۇڭ ئۆزات ئەندازاڭغا قارا بىراق،
يوتقىنىڭغا قاراپ ئۆزاتقىن ئاياغ.

**ئۇزات II** پېئىل. ئۇزاتماق، ئۇزىتىش. يولغا سېلىپ قويماق [欢送,打发走].

كىيىمگە قاراپ قارشى ئالىدۇ،
ئەقلىگە قاراپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

## ئۇل

**ئۇل I** ئىسىم. بىنا، تام قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى، پوندامېنتى، تەگەك قىسمى [基础,地基]. ھەربىر ئىشنىڭ يولى بار، ھەر تامنىڭ ئۇلى (ماقال).

**ئۇل II** ئىسىم. ناننىڭ ئارقا تەرىپى [(馕的)北面]. ناننىڭ ئۇلى كۆيۈپ كېتىپتۇ.

## ئۇلا

**ئۇلا I** ئىسىم. يول بەلگىسى [路标]. ئۇلا بولسا، يول ئازماس، بىلىك بولسا، سۆز يازماس (ماقال).

**ئۇلا II** ئىسىم. يالقۇن، ئوت [火焰]. ئىت ئۆلگەن يەرگە بارما، ئۇلا كۆرۈنگەن يەرگە بار (ماقال).

**ئۇلا III** پېئىل. ئۇلىماق، ئۇلاش. بىر-بىرىگە چاتماق، ئۈزۈكنى تۇتاشتۇرماق [接,结]. ئارغامچىنى ئۈزۈلگەن يېرىدىن ئۇلىدۇق.

## ئۇلاق

**ئۇلاق I** ئىسىم. 1. ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان، ئات-ئۇلاغ، مال-چارۋىنى سۇغىرىدىغان ئوقۇر [水槽]. ئاتنى ئۇلاقتا سۇغاردىم.
2. ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان، دەريادىن ئۆتۈشتە، سۇدا يۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان كىچىك قولۋاق [独木舟]. ئۇلاقتا بېلىق تۇتتۇم.

**ئۇلاق II** ئىسىم ("ئۇلا II"گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). نەرسىنىڭ ئۇلانغان يېرى ياكى ئۇلانغان نەرسە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

[接头,结]. ئۇلاق ئارغامچا. * ئارغامچىنىڭ ئۇلىقى.

**ئۇلاق III** ئىسىم. قەلەمچە [插条]. ئۆرۈكنى ئۇلىغىلى ئۇلاق ئەكەل-ەدۇق.

## ئۇيات

**ئۇيات I** ، ئىسىم. ئار-نومۇس [羞耻,羞愧]. ئۇيات ئۆلۈمنى يېڭەر (ماقال). * ئۇيات بار يەر، ئىمان بار يەر(ماقال).

ئۇياتقۇ، قەلبىڭدىن كەلمىسە دەۋا،
بېشىڭدىن چىقمىسا غورۇر ۋە سەۋدا.

**ئۇيات II** پېئىل. ئۇياتماق، ئۇيىتىش. ئۇيالماق، نومۇس قىلماق [丢脸,害羞]. كىشىدىن ئۇياتقۇچە، ئۆزۈڭدىن ئۇيات (ماقال).

# ئۆ

## ئۆت

**ئۆت I** ئىسىم. جىگەردىن ھاسىل بولىدىغان ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى، سەپرا [胆]. ئۆت خالتىسى. * ئۆت كىسلاتاسى. * ئۆت نەيچىسى. * ئۆت سۇيۇقلۇقى. * ئۆت تېشى. * ئۆت يولى.

**ئۆت II** پېئىل. ئۆتمەك، ئۆتۈش. 1. بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا يېتىپ بارماق [过,穿过,通过,经过,越过,超过,渡过]. دەريادىن ئۆتمەك. * كۆۋرۈكتىن ئۆتمەك. * ئۆتكەن يىل، ئۆتكەن كۈنلەر، ئۆتكەن زامان. * ئۆتكەنگە سالاۋات. * ئۆتكەن ئۆمۈر—ئاتقان ئوق (ماقال). * قىبرى ئۆتكەننى ماختايدۇ (ماقال). * دوستسىز ئۆتمەك ۋەتەندە، مىسلى مۇردا كېپەندە (ماقال). * مۇزدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت، ئۆتكەننى كۆرسەن، سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، ئاققاننى كۆرسەن.

2. بىرەر ئۆلچەم، بەلگىلىمىدىن ھالقىماق [及格,合格]. ئىمتىھاندىن ئۆتمەك. * سىناقتىن ئۆتمەك. * ئۆتكەلدىن ئۆتمەك.

3. تەسىر قىلماق [有影响]. گەپ ئۆتمەك، شامال ئۆتمەك. * پاختا تەرگەندە سوغۇق ئۆتۈپتۇ، قىش-زىمىستاندا ئىسسىق (ماقال). * تاياق گۆشتىن ئۆتىدۇ، تىل سۆڭەكتىن (ماقال).

4. كەچۈرمەك [经过,经历]. باشتىن نېمىلەر ئۆتمىدى.

5. ئۈنۈملۈك بولماق [有效,起作用,通用]. بۇ بېلەت ئۆتىدۇ. * ئۇنىڭ گېپى ئۆتىدۇ. * ئامېرىكا دوللىرى ھەممە يەردە ئۆتىدۇ.

6. بىرەر خاتالىق، بىرەر سەۋەنلىك سادىر قىلماق [发生,产生]. ئۆزۈمدىن ئۆتكەن قولۇمدىن كەتكەن (ماقال). * بۇ ئىشتا سەۋەنلىك سەندىن ئۆتتى. * خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقما، خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق، ئىقرار قىلماسلىق، تۈزەتمەسلىكتىن قورق.

7. ئۆگەتمەك [教,讲,授]. دەرس ئۆتمەك.

8. كەسمەك، تەشمەك، تەمچىمەك [透,漏,切]. ئۆيدىن يامغۇر

www.uyghurkitap.com

ئۆتمەك. * لايغا ئۆتمىگەن پىچاق، قولغا ئۆتەر (ماقال).

9. ئەپۇ قىلماق [宽恕,饶恕]. گۇناھىدىن ئۆتمەك.

10. قارىماق، تەۋە بولماق [归属]. بۇ ئۆي ئەمدى ماڭا ئۆتتى. * بىزنىڭ بىرمۇنچە مۇھاجىرلىرىمىز ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

**ئۆت III** ياردەمچى پېئىل. "پ" لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [助动词,表示行为的结束]. ئۇ سۆزلەپ ئۆتتى. * تۇرسۇن دوكلات لايىھىسىنى كۆرۈپ ئۆتتى.

## ئۆتكەل

**ئۆتكەل I** ئىسىم. تاغ-جىرالاردىن ئۆتۈشكە بولىدىغان ئېغىز، بەر [关,关卡]. ئۆتكەلدىن ئۆتمەك. * ئۆتكەلدىن ئۆتكۈچە ھالىم قالمىدى.

**ئۆتكەل II** ئىسىم. خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، جىنلارنىڭ گۇرۇھى، كۆچ-كۆچ قىلماق [鬼魔转移]. تۈنۈگۈن زاراتگاھلىقتا ئۆتكەل ئۆتۈپتۇمىش.

## ئۆچ

**ئۆچ I** ئىسىم. قىساس، ئىنتىقام [仇,仇根]. ئۆچمەن. * ئۆچ ئالماق. * ئۆچ كۆرمەك. * ئۆچەكىشمەك. * ئۆچ كۆرسەڭ ئۆچەكىشىدۇ، تار يەردە تىرەجىشىدۇ (ماقال). * ئۆچ كۆرگەننى ئۇتتۇز قېتىم ئۆچ كۆرۈپتۇ (ماقال). * خوتۇنغا ئامراق، بالىغا ئۆچ، قايماققا ئامراق، كالىغا ئۆچ (ماقال).

**ئۆچ II** پېئىل. ئۆچمەك، ئۆچۈش. 1. يېنىشتىن، كۆيۈشتىن توختىماق [熄灭]. چىراغ ئۆچتى قىلماق. * ئوتنى كۈچلىسەڭ ئۆچىدۇ، قوشناڭنى كۈچلىسەڭ كۆچىدۇ (ماقال). * يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن (ماقال). * ئۆچمەس ئەسەر.

2. ئۆڭمەك [(脸色)变惨白,退色,失色]. تاش پۈتۈككە يازغان خەتلەر ئۆچۈپ كېتىپتۇ. * رەختنىڭ رەڭگى ئۆچتى. * ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچتى.

3. يوقالماق [消失]. ئۇنىڭ ئۈنى ئۆچتى. * ئۇنىڭ ئۆچسۇن، كۆلۈڭ كۆچسۇن (قارغىش).

## ئۆر

**ئۆر I** سۈپەت. يۇقىرى، تۆپىلىك [上坡]. ئەمدى يولنىڭ ئۆرگە كەلدۇق. * ياخشى ئەر ئېلىنى ئۆرگە باشلايدۇ، يامان ئەر گۆرگە (ماقال).

**ئۆر II** پېئىل. ئۆرمەك، ئۆرۈش. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تال-تال نەرسىنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن بىرلەشتۈرمەك [编,拧]. چاچ ئۆرمەك. * ئارغامچا ئۆرمەك.

## ئۆركەش

**ئۆركەش I** ئىسىم. لوككا [驼峰]. تۆگىنىڭ ئۆركىشى. * ئۆركەش—تۆگىنىڭ زىننىتى.

**ئۆركەش II** ئىسىم ("ئۆركەش I" <) دولقۇننىڭ ئۆرلىگەن ھالىتى [浪头]. قاينام ئۆركىشى.

## ئۆرۈم

**ئۆرۈم I** ئىسىم. (ئۆ: رۇم) توي-تۆكۈن، چاي-ئولتۇرۇشلاردا نەغمە-ناۋا قىلىنغاندا، ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ بېرىلگەن ھەدىيە [赏,赏钱]. گۈلباھارغا جىق ئۆرۈم چۈشتى. * ھەممە ئۆرۈم ئۆرۈدى، ئۆرۈمنى سازەندىلەر ئالدى.

**ئۆرۈم II** مىقدار سۆز. ئۆرۈلگەن نەرسىنىڭ بىرلىكى [股,辫,绺]. بىر ئۆرۈم چاچ. * بىر ئۆرۈم سامساق. * سەككىز ئۆرۈم چېچىنى ئارقىسىغا تاشلىغان قىزچاق تېز ئۆتۈپ كەتتى.

## ئۆسەك

**ئۆسەك I** ئىسىم. پىتنە، ئىغۋا [谣言,流言诽语]. ئۆسەك سۆز. * ئۆسەكچى. * ئۆسەك سۆز تارقاتماق.

**ئۆسەك II** سۈپەت. ئۆسكىلەڭ [易长的,长得很高的,猛长的]. يۇڭى ئۆسەك قوي سېمىز كۆرۈنىدۇ، سويساڭ ئانچە كۆپ گۆش چىقمايدۇ. * ئۆسكىلەڭ گۈل.

## ئۆڭ

**ئۆڭ I** ئىسىم. رەڭ، ئۆچمەك [颜色]. بۇ رەختنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ـۆڭسى ناھايىتى ئوچۇق ئىكەن.

**ئۆڭ II** ئىسسىم. تېرە [皮]. مېنىڭ ئۆڭۈم يامان، پىچاق كەسكەن يەر ئاسان ساقايمايدۇ. ئۆڭ جۇۋا كىيگەن كىشى كەلدىمۇ؟

**ئۆڭ III** پېئىل. ئۆڭمەك، ئۆڭۈش. رەڭ ئۆچمەك، چىراي بۇزۇلماق، تاتارماق [脸色变]. ئۇ دەرھال ئۆڭدى. * ئۇ ئۆڭۈپ، تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى.

# ئۈ

## ئۈز

**ئۈز I** پېئىل. ئۈزمەك، ئۈزۈش. 1. ئۈزۈنچاق نەرسىنى تارتىپ بۆلۈۋەتمەك، ئاجراتماق[拉断,揪断,掐断]. ئارغامچىنى ئۈزمەك.
* گۈل ئۈزمەك. * ئۈزۈم ئۈزمەك. * تەلۋە تەپسە، تۆمۈرنى ئۈزىدۇ (ماقال).

2.. ئارىدىكى مۇناسىۋەت، ئالاقە رىشتىنى توختاتماق[断绝].
مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك. * قول ئۈزمەك. * ئالاقىنى ئۈزمەك. * گەپنى ئۈزمەك.

دوستۇڭ بولسا دۈشمىنىڭگە بەك يېقىن،
ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى ئەقىللىقلىق دېگىن.

* * *

ھەر نەرسىگە باغلىما كۆڭۈل،
كۆڭۈل ئۈزمەك ئەجەب مۈشكۈل.

**ئۈز II** پېئىل. ئۈزمەك، ئۈزۈش. 1. قول-پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلماق[游泳,浮水]. سۇ ئۈزمەك.
* سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسى.

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا چىق.

* * *

ئىلىم ئېقىن سۇغا كېمە بولىدۇ،
كېمىدە بىلىملىك ئۈزۈۋېرىدۇ.

2. لەيلىمەك، لەيلەپ يۈرمەك[浮动,飘动]. ئاسماندا بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرمەكتە.

"ئۈز"دىن ئىككى تۇيۇق:

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىردىم—ھەۋەس دەرياسىدا ئۈزدۈم،
ھالال جۈپتۈم، بالا، ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ رىشتىنى ئۈزدۈم.
بىساتنى تولۇق دوغا تىكىۋەتكەن قىمارۋازدەك،
غېرىب بولدۇم، ئەقىل تاپتىم، ھەۋەستىن ئەمدى قول ئۈزدۈم.

— ئابدۇرەھىم زونۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەختنى كۆزلىسەڭ قايناق جەڭدە ئىز،
رەقىبىڭ كۆكسىگە غەزەپتىن ئوق ئۈز.
ئەۋلادلار بەختىگە باغ ياساپ ئۆتسەڭ،
روھىڭ دەر: "مەن تۇزگەن بوستاندىن گۈل ئۈز".
—— ئابدۇكېرىم مەقسۇت.

## ئۈزۈك

**ئۈزۈك** I ئىسىم. ئۈزۈلگەن ئۈزۈلۈپ كەتكەن[断,断的].
ئۈزۈك يىپ. * ئۈزۈك ئارغامچا.

**ئۈزۈك** II سۈپەت. سوزماي، ئۈزۈپ ئېيتىلىدىغان[辅音].
ئۈزۈك ئاۋۇش.

**ئۈزۈك** III ئىسىم. 1. قولغا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى [戒指]. ئالتۇن ئۈزۈك. * ئۈزۈك سالماق. * ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈزىدە، ئۈزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە (ماقال). * بارمىقى يوقفا ئۈزۈك سوۋغات قىلما(ماقال).
2. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش سايمىنى [避孕环]. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن بېرى، ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ تۇغۇتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈزۈك سالىدىغان بولدى.

## ئۆگۈت

**ئۆگۈت** I ئىسىم. تاسقاپ، ئېلىپ پاكىز قىلىپ، ئۇن تارتىشقا تەييارلىغان ئاشلىق [弄干净的,将要磨的谷物]. ئۆگۈت ئەتمەك.
* ھازىر تۈگمەندە سۇ توختاپ قېلىپ، تارتىلماي قالغان ئۆگۈت توشۇپ كەتتى.

**ئۆگۈت** II ئىسىم (كونىرىغان سۆز). نەسىھەت، تەشۋىقات [劝告,劝戒,宣传,鼓动]. بالىلارغا ئوبدان ئۆگۈت قىلماق. * ئۆگۈت-تەشۋىق ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

## ئۈن

**ئۈن** I ئىسىم. ئاۋۇش، ئاۋاز [声音]. ئۈنلۈك، ئۈنسىز.
* ئۈن-تىنسىز. * ئۈنى پۈتمەك. * ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك. * يالغۇز چاۋاكىنىڭ ئۈنى چىقماس (ماقال).

**ئۈن** II پېئىل. ئۈنمەك، ئۈنۈش. ئوت-چۆپلەر يەر ئاستىدىن-

ـدىن باش كوتۇرۇپ چىقماق، قايتا كۆكلىمەك [出芽,萌芽]. باھاركەلـ
دى، قۇشلار سايرىدى، ئوتلار ئۈنۈشكە باشلىدى. * قوغۇن ئۈندى، ئەمدى ئۈچ قولاق
بولدى.

## ئۈندەش

**ئۈندەش I** ئىسىم. گراممانىكا ئاتالغۇسى. "ئىملىق"مۇ دېيىلىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسى، چاقىرىق-تەلەپلىرىنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدە قىستۇرما سۆز بولۇپ كېلىدۇ [感叹词]. ئېھ، ئىسىت، ئاھ، پاھ، ئاپلا، خەپ، بەللى…دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر. * ئۈندەش سۆز، ئۈندەش بەلگىسى (!).

**ئۈندەش II** پېئىل. ئۈندىمەك، ئۈندەش. دالالەت قىلماق، دەۋەت قىلماق [号召,召唤]. بالاڭنى ياخشىلىققا ئۈندە. * بىلىمگە ئۈندىگەن ئىنسان. * بەختكە ئۈندىگەن ۋىجدان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخى ئادرېسى

# ۋ

## ۋات

ۋات I ئىسىم. توكنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى. توك بېسىمى بىر ۋولت، ئۆتكەن توك ئېقىمى بىر ئامپىر بولغاندا، قۇۋۋەت بىر ۋات بولىدۇ [瓦特]. بۇ ئايدا 100 ۋات توك كېتىپتۇ.

ۋات II ئىملىق سۆز. رەخت، قەغەزلەرنىڭ يىرتىلغان ئاۋازى [声象词:哇哇作响]. ۋاسىل ئېگىلگەن ھامان شىمى ۋات قىلىپ يىرتىلىپ كەتتى.

## ۋاراق

ۋاراق I (ۋا: راق) مىقدار سۆز. پارچە، بەت [张,页]. بىر ۋاراق قەغەز. * بۇ كىتاب 100 ۋاراق بوپتۇغۇ.

ۋاراق II تەقلىد سۆز. نەرسىلەرنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازى [声象词:洞洞作响]. ئۇنىڭ دەپتىرى ۋاراق قىلىپ يەرگە چۈشتى.

## ۋاراقلا

ۋاراقلا I پېئىل. ۋاراقلىماق، ۋاراقلاش. دەپتەر ۋە كىتاب ۋاراقلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاچماق [翻,掀]. ئەسكى ھارۋا تاراقلايدۇ، چالا موللا ۋاراقلايدۇ (ماقال).

ۋاراقلا II پېئىل. ۋاراقلىماق، ۋاراقلاش. سۇ قايىنىغاندا چىقارغان ئاۋاز [咕嘟作响]. قازاندىكى سۇ ۋاراقلاپ قايىنىدى.

## ۋەج

ۋەج I ئىسىم. سەۋەب، باھانە [理由,缘由,借口,口实]. سىنىڭ بۇ ۋەجلىرىڭ ئۆتمەيدۇ. * ۋەج كۆرسەتمەيلا قوي، ئەھۋال بىزگە مەلۇم.

ۋەج II ئىسىم. پۇل-مال [钱财]. ۋەجىڭگە بېقىپ، خەجلىك بولسۇن (ماقال).

# ۋەزىن

**ۋەزىن I** ئىسىم. سالماق، ئېغىرلىق [分量,重量]. ئۇنىڭ گېپىنىڭ خېلى ۋەزنى بار.

**ۋەزىن II** ئىسىم. شېئىرىي نۇتۇقنى نەسرىي نۇتۇقتىن ئايرىيدىغان شېئىرىيەت ئاساسلىرىدىن بىرى. شېئىرىيەتتىكى ئۆلچەم، رىتىم [韵律,格律]. بارماق ۋەزنى. * ئارۇز ۋەزنى.

15 بوغۇملۇق "بارماق ۋەزنى"لىك شېئىردىن بىر مىسال:

تۈنى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ.
قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرىنىڭ مەنبەئىيدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە يول تېپىپ يۈرۈشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ.

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى.

ئارۇز ۋەزنىدىكى خەلق قوشاقلىرىدىن ئىككى مىسال:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
تۆپىسىگە قار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

* * *

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئې

## ئېرەن

**ئېرەن I** ئىسىم. بىر خىل دەرەخ [槭树]. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ "ئېرەن"نى چىلاق، پۇختا دەپ ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان.

**ئېرەن II** ئىسىم. لەۋ، كالپۇك [唇,嘴唇].

ئەر دېسە، ئېرىنىنى چىشلەيتۇ،
باتۇر دېسە، قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېتۇ.

## ئېزىق

**ئېزىق I** ئىسىم. ئېغىزنىڭ ئوڭ-سول ئىچكىرى قىسمى [槽牙,臼齿]. ئېزىقىم ئاغرىۋاتىدۇ. * ئېزىق چىشىمنىڭ ئەلۋ ئاغىرقىسىغا قۇرت چۈشۈپتۇ.

**ئېزىق II** پېئىل. ئېزىقماق، ئېزىقىش. "ئاداش III"كە، "ئاز II"گە قاراڭ.

## ئېسەن

**ئېسەن I** ئىسىم. ساق-سالامەت، تىنىچ-ئامان، ئامان-ئېسەن[平安,健康,健在]. ئامان-ئېسەن. * ئېسەنلىك سوراشماق.

**ئېسەن II** ئىسىم. كېلەر يىل، كېلىدىغان يىل، كەلگۈسى يىل[来年,明年]. خۇدا ئېسەن قىلسا، ئېسەنگە ئېلىغا بارىمەن.

## ئېسىل

**ئېسىل I** سۈپەت. ياخشى، بەلەن، ئوبدان [好,佳,优良,贵重,珍贵,优秀]. ئانتونىمى: پەس، رەزىل، ناچار ئېسىل ئادەم. * ئېسىل نەرسىنىڭ قاچىدا پوقى قالىدۇ (ماقال). * مۇھەببەتنىڭ ئېسىلى دەسلەپكىسى.

**ئېسىل II** پېئىل. ئېسىلماق، ئېسىلىش. ياماشماق،

ساڭگىلىماق [吊,悬挂,垂]. ساقالغا ئېسىلماق. * ماشىنىغا ئېسىلماق. * ئېسىلساڭ ئېگىزگە ئېسىل. * چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلار (ماقال). * دادىسى ئېسىلىپ ئۆلگەن بالا ئارغامچىنى ئېغىزغا ئالمايدۇ (ماقال).

**ئېسىل III** پېئىل. ئېسىلماق، ئېسىلىش. كۆپمەك [涨,浮肿]. ئۇنىڭ قورسىقى ئېسىلىپ كېتىپتۇ. * نېمە دېگىنىڭ ئۇ، قورسىقىمنى ئېسىپ.

## ئېشەك

**ئېشەك I** ئىسىم. مىنىدىغان، هارۋىغا قاتىدىغان ئىش هايۋىنى، خوتەك [驴,毛驴]. ئېشەكچى. * هاڭگا ئېشەك، مادا ئېشەك، ياۋا ئېشەك. * ئېشەك هارۋىسى. * ئېشەك مەدىكى، ئېشەك يىلىمى، ئېشەك قۇرتى. * ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس (ماقال). * ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى (ماقال). * ئېشەكنى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە (ماقال).

ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۈچ-تۆت نادان،
ئېشەك تەبىئەتتىن قىلار نامايان.
ئۇلار سۆھبەتتە سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا، كاپىر دەپ قىلىشار ئېلان.

**ئېشەك II** ئىسىم. سېرىقئېشەك، چايان [蝎子]. ئېشەك چاقماق. * ئېشەك چاققان يەرگە ئېشەك مېيى دورا.

## ئېگىر

**ئېگىر I** ئىسىم. كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، كۆپىنچە يىلتىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يىلتىزى دورا [菖蒲]. ئېگىر ئىشتەي ئاچىدۇ، چىش ئاغرىقىغا دورا بولىدۇ.

**ئېگىر II** پېئىل. ئېگىرمەك، ئېگىرىش. ئەشمەك. يىپەك، كەندىر ۋە پاختا تالالىرىدىن يىپ هاسىل قىلماق [纺]. يىپ ئېگىرمەك. * يىپ ئېگىرىش سېخى.

## ئېگىز

**ئېگىز I** ئىسىم. قوشكېزەك، ئىككىكېزەك، بىرلا قې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تىمدا ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلغان ئىككى كىچىك جانلىق(بوۋاق، قوزا قاتارلىقلار)[双生,孪生,双胞胎].

يۇزۇڭ قوياشمىكىن، يا قوياش يۈزۈڭمىكىن،

كى قايسى ئىكەن، پەرق ئەمەس، ئىچۈككى ئېگىز.

**ئېگىز II** سۈپەت. يۇقىرى، ئۇستۇن [高]. ئانتونىمى: پەس، پاكار. ئېگىز يەر، ئېگىز تاغ، ئېگىز تام. * ئېگىزلىك. * ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرمەك. * پەرۋىش قىلماسالىڭ، دەرەخمۇ ئېگىز ئۆسمەس (ماقال).

## ئېلىش

**ئېلىش I** ئىسىم. ماتېماتىكا ئاتالغۇسى. ھېسابتا تۆت ئەمەلنىڭ بىرى. تەرى. بەلگىسى: ”—“ [减法].

**ئېلىش II** ئىسىم. قەرز، ئىلىم [欠款]. ئېلىش- بېرىش.

* ئالىقاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، بىركۈنى ئالارسەن (ماقال).

**ئېلىش III** ئىسىم. توغان، توما (قومۇل شېۋىسى)[坝,堤].

**ئېلىش IV** ئىسىم. ھارۋىنىڭ شوتىسى (قومۇل شېۋىسى )[排子,架子,车辕].

**ئېلىش V** پېئىل. ”ئال“نىڭ يەنە بىر خىل ھەرىكەتنامى [拿,取,领,要]. موللا ئېلىشنى بىلىدۇ، بېرىشنى بىلمەيدۇ (ماقال). * ئېلىشتا ئالقىنىنى ئۇزىتار، بېرىشتە بېشىنى قاشلار (ماقال).

**ئېلىش VI** پېئىل. ئېلىشماق، ئېلىشىش. 1. ئەقلىدىن ئازماق، نېرۋىلىرى بۇزۇلماق [糊涂,精神错乱]. ئۇ ئېلىشىپ قاپتۇ.

* ئېلىشقان ئادەم.

2. كۆڭلى ئايىنماق، قۇسقۇسى كەلمەك [恶心]. مېنىڭ كۆڭلۈم ئېلىشىپ تۇرىدۇ.

3. قاتتىق تۇتۇشماق [搏斗,交锋,交手]. يولۋاس بىلەن ئېلىشماق.

* جەڭچىلىرىمىز دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى.

## ئېيت

**ئېيت I** پېئىل (”ئايت“<). 1. ئېيتماق، سۆزلىمەك

[说,讲,道,告诉]. ئېيتقان سۆز— ئاتقان ئوق (ماقال). * ئىچ سېرىڭنى ئاتاڭغا ئېيتما (ماقال). * ياخشى كۆرگىنىنى ئېيتار، يامان يېگىنىنى (ماقال). * "ئا"نى ئېيتقان ئۆگەنسەن، "ب"نىمۇ ئېيت (ماقال).

2. تېكىستنى كۈيگە سېلىپ ئوقۇماق [唱]. ناخشا ئېيتماق.

3. چىللىماق، مېھمانغا چاقىرماق [邀请]. چايغا ئېيتماق.

* زىياپەتكە ئېيتماق. * ئېيتقان يەردىن قالما، ئېيتمىغان يەرگە بارما (ماقال).

* ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ (ماقال).

ئېيت II ("ئەرت" >) ئېيتماق، ئېيتىش. سۈرتمەك، تازىلىماق [擦]. ئۇستەلنى ئېيتماق. * دېرىزىنى ئېيتماق.

## ئېيتىشماق

ئېيتىشماق I ئىسىمداش. ئەر-ئاياللار نۆۋەتلىشىپ ئېيتىدىغان ناخشا [对唱]. ئېيتىشماق ئېيتماق.

ئېيت II پېئىل. "ئېيت"نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

1. تاكاللاشماق، سۆز تالاشماق [争吵,发生口角,闹别扭]. ئۇلار قاراپ تۇرۇپلا ئېيتىشىپ قالدى. * سەن مەن بىلەن تولا ئېيتىشما.

2. تەگمەك، قوزغىماق، ئوينىماق [摆弄]. قوي، بىلمەيدىغان نېمەڭگە، ۋېلىسىپىت بىلەن ئېيتىشما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئى

## ئىتتىك

**ئىتتىك I** سۈپەت. ئۆتكۈر، شەمشەر [快,锋利,锐利]. ئانتونىمى: گال. پىچاق ئىتتىك بولسا، ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق (ماقال). * ئىتتىك پىچاق قىلىپىنى كېسەر (ماقال).

**ئىتتىك II** رەۋىش. تېز، پات، چاپسان، ئىلدام [快的,迅速的,急速的]. ئانتونىمى: ئاستا. ئىتتىك ماڭ. * ئاغزى ئىتتىك، قولى ئىتتىك.

## ئىچ

**ئىچ I** ئىسىم. 1. بىر نەرسىنىڭ ئىچكىرىكى تەرىپى [内,里边]. ئانتونىمى: تاش، سىرت. ئىچ كۆڭلەك. ئىچ ئات. ئىچكىرىكى ئۆي. * ئىچكى-تاشقى، ئىچى-تېشى. * تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال (ماقال). * ئادەمنىڭ تېشىغا قارىما، ئىچىگە قارا (ماقال).

2. قورساق، قېرىن [肚子]. ئىچى تار، ئىچى كەڭ. * ئىچى سىزىمەك، ئىچى قاتماق. * ئىچىگە كىرىپ-چىقماق. * ئىچىدە گەپ ياتمايدۇ. * يەي دېسە چىشى ئاغرىيدۇ، يېمەي دېسە ئىچى (ماقال). * ئىچى يامانىنىڭ ئىچىگە ئۇر (ماقال).

3. كۆڭۈل [心]. ئۇ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ ئىچى كىچىك. * ئىچى يامان، ئىچى قارا.

4. ئارا، ئوتتۇرا [中,中间]. ئۇلار بىزنى ئىچىگە ئالدى. * گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بار (ماقال).

**ئىچ II** پېئىل. ئىچمەك، ئىچىش. سۇيۇقلۇقنى يۇتماق، سۈمۈرمەك [喝,饮,服, 吃]. سۇ ئىچمەك، چاي ئىچمەك. * ئىچىملىك ئىچمەك. * دورا ئىچمەك. بىر قازاندىن ئاش ئىچكەن. * بىر ئۈستەلنىڭ سۈيىنى ئىچكەن. * قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ (ماقال).

مەي ئىچسەڭ، ئاقىلۇدانا بىلەن ئىچ،
ياكى بىر گۈزەل يۈزلۈك رەنا بىلەن ئىچ.
ئاز ئىچ، گاھ-گاھ ئىچ ھەم يوشۇرۇن ئىچ،
ئەزمە، رەسۋا بولما، ھايا بىلەن ئىچ.

## ئىز

**ئىز I** ئىسىم. بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە چۈشكەن بەلگىسى، ئىزناسى [印,印子,踪迹,痕迹]. ئىزىغا چۈشمەك. * ئىزىنى يوقاتماق. * يولۋاس ئىزىدىن قايتماس يىگىت سۆزىدىن (ماقال). * ئىزنى ئۆچۈرىدىغانمۇ ئىز (ماقال).

**ئىز II** ئىسىم. دىر [本钱]. ئىز پۇلى. * بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى بولار (ماقال).

## ئىس

**ئىس I** ئىسىم. 1. تۈتۈن، دىم [烟]. ئىس چىقماق، ئىس باسماق. * بەڭگىنىڭ قورسىقى ئىس بىلەن توق (ماقال). * ئىسنى بۇلۇت كۆرمىگەن، يۇندىسىنى ئىت (ماقال).

2. تاشكۆمۈر چالا كۆيگەندە چىقىدىغان زەھەرلىك گاز [有毒气体]. ئىس تەگمەك، ئىس ئۆتمەك.

**ئىس II** ئىسىم (سوزۇق تاۋۇشى سوزۇلۇپ ئېيتىلىدۇ). ھىد، بۇي [气味]. پۇراقلىق ئىس. * سېسىق ئىس.

## ئىسسىق

**ئىسسىق I** سۈپەت ("ئىسسى"غا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "ق" قوشۇلغان). 1. ھارارەت نورمال ھالەتتىن يۇقىرى، ھارارەتنى ساقلىغان [热的,炎热的,暖和的,温暖的]. ئىسسىق سۇ. * ئىسسىق نان. * ئىسسىق ئاش. * ئىسسىق چاپان. * ئىللىق ئۆيۈم—ئىسسىق ئۆيۈم (ماقال).

2. ئىللىق، يېقىملىق [和气]. ئىسسىق چىراي، ئىسسىق مۇئامىلە. * ئېشىڭ ئىسسىق بولمىسىمۇ، چىرايىڭ ئىسسىق بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسسىق II ئىسىم. تىبابەتچىلىكتە مىجەز، تەبىئەت
دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى [(医)热性]. بەزى زۇكاملار ئىسسىق. * چاي ...
ئىسسىق.

ئىسسىق III ئىسىم. ("ئىسسىق I —2" <) تىمپېراتۇرا
[(气)热]. بۈگۈن كۈن ئىسسىق بولدى. * كېچىنىڭ ئىسسىقى ...

## ئىسىم

ئىسىم I ئىسىم. ئادەم ياكى نەرسىلەرگە قويۇلغان ئات،
نام [名,名子,名称]. ئىسىم-فامىلە. * ئىسمى جىسمىغا لايىق. * ئىسمى بار
جىسمى يوق (ماقال). * شەيتاننىڭ جىسمىدىن ئىسمى قورقۇنچلۇق (ماقال).

ئىسىم II ئىسىم. گرامماتىكا ئاتالغۇسى. سۆز تۈركۈمى
("ئىسىم I "<)، ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان
سۆز [名词]. ئاتاقلىق ئىسىم. * تۇردەش ئىسىم. * مەخسۇس ئىسىم. * ئىسىمنىڭ
سان كاتېگورىيىسى، تەۋەلىك كاتېگورىيىسى، كېلىش كاتېگورىيىسى ۋە جىنسىيەت كاتې‑
گورىيىسى.

## ئىش

ئىش I ئىسىم. 1. خىزمەت [事,事业,事情]. ئىش تۈزۈمى.
* ئىش ھەققى. * ئىش بۇزار. * ئىش كۈنى. * ئىشقا كىرىشمەك. * ئىشلىگەن
چىشلەيدۇ (ماقال).

2. جېدەل، ھادىسە، ۋەقە [事件]. ئىش چىقماق. * ئىش تېرىماق.

ئىش II ماشىنىچىلىق، موز دۇزلۇق ئاتالغۇسى. تېكىدى‑
غان ماتېرىيال [活计]. ئىش كەسمەك. * ئىش تىكمەك. * قولۇمدا ئىش كۆپ.

## ئىگە

ئىگە I ئىسىم. 1. خوجا [主,主人]. ئۆي ئىگىسى. * مال
ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك (ماقال). * مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام (ماقال).
* ئاڭلىغان گەپنىڭ ئىگىسى يوق (ماقال).

2. بار، بار بولغان [拥有,具有]. بىز مول تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە.
* بۇ ئىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ئىگىدارلىق، مەسئۇللۇق [作主,负责]. ئۆز- ئۆزىگە ئىگە.
* سۆزلىمىگەن سۆزۈمگە مەن ئىگە، سۆزلىگەن سۆزۈم ماڭا ئىگە.

**ئىگە II** ئىسىم. گراماتىكا ئاتالغۇسى. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ بىرى [主语]. جۈملىنىڭ ئىگىسى. * ئىگىسىز جۈملە ئاددىي جۈملە بىلەن خەۋەردىن قۇرۇلىدۇ، مۇرەككەپ جۈملىدە ئىگە-خەۋەردىن باشقا ئەگەشمە بۆلەكلەر بولىدۇ.

## ئىگىلىك

**ئىگىلىك I** ئىسىم. خوجىلىق، ئىقتىساد [经济,产业]. خەلق ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكى. * ئىگىلىك ياراتماق، ئىگىلىك تىكلىمەك. * دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوپىراتىپ ئىگىلىكىدىكى.

**ئىگىلىك II** سۈپەت ("ئىگە"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىك" قوشۇلغان). ئىگىدارلىق، باش باشقۇرغۇچىلىق [主,自主]. ئىگىلىك هوقۇقى. * ئىگىلىك ئالماش. * ئىگىلىك كىلىش.

## ئىلاج

**ئىلاج I** ئىسىم. چارە، ئامال [办法,法子]. ئىلاج تاپماق. * ئىلاج قىلماق. * ئىلاج يوق.

بىرەلمەيدۇ ئالدىراش ئىشىڭغا راۋاج،
يىلان چىققاي ئىنىدىن تاپسا ئىلاج.

**ئىلاج II** ئىسىم. داۋا، شىپا [医治,医疗]. قازاغا رىزادىن ئۆزگە ئىلاج يوق (ماقال).

مۇۋازىنەت كېتىپ بۇزۇلسا مىزاج،
تېپىلماس دورا دەرماندىن ئىلاج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ي

## يا

**يا I** (يا:) ئىسىم. ئوقيا، ياي، ياچاق، ساداق، كامان [弓].

كېيدىم كېپىنەك تونىنى، گۈلخاندا ياتارمەن دەپ،
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.
—— قوشاق.

**يا II** ئىسىم. ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى "ي"نىڭ ئېتى. "پۈكۈلمەك، ئېگىلمەك"كە ئىشارە. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇچرايدۇ [阿拉伯字母"ي"的名称]. ئېلىپتەك قەددىم يادەك ئېگىلدى.

**يا III** قارىمۇقارشى باغلىغۇچى. ياكى، يا بولمىسا [或,或者,既…又,也]. سەن كېلەمسەن يا مەن بارايمۇ؟ * يا نېرى ئەمەس، يا بېرى. * يا ھالال ئەمەس، يا ھارام. * يا گۆش ئەمەس، يا بەز. * يا خۇدادىن قورقمىغان، يا بەندىدىن ھېيىقمىغان. * يا پوككا چۈشسۇن، يا چىككا. * يا قايىنامدىن چىقار، يا سايرامدىن. * يا ئاق ئەمەس، يا قارا. * يا ئاق قىل، يا قارا.

**يا IV** (يا:) ئۈندەش. مەدەت تىلەپ ياكى مۇراجىئەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ [感叹词:呀,啊]. يا رەببىم. * يا پىرىم. * يا ھەزرەت.

## ياپ

**ياپ I** پېئىل. ياپماق، يېپىش. 1. ئۈستىدىن ئورىماق، ئالدىدىن توسماق [盖,覆盖,掩盖,遮盖,蒙上,捂住]. يوتقان ياپماق. * خاتالىقنى ياپماق. * تۆۋاقنى ياپماق. * ئۇ يېرىنى ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلىپ قالماق. * ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ (ماقال). * بىر يالغاننى يېپىشقا ئون يالغان يەتمەيدۇ (ماقال).

2. ئەتمەك [关,关上,合上,闲上]. ئىشىكنى ياپماق. * كۆزنى ياپماق.

* ئاغزىنى ياپماق. * كىتابنى ياپماق.

3. تۈگەتمەك، بوغماق [闭,结]. مەجلىسنى ياپماق. * يىغىننى يىپىش مۇراسىمى. * ھېسابنى ياپماق.

**ياپ II** پېئىل. چاپلىماق، قاقلاپ، چاپلاپ پىشۇرماق [贴,烤]. نان ياپماق. * ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ. * ئانىسى قوزۇلۇق قىلىپ نېپىز ياپسا، بالىسى زىرەكلىك قىلىپ قوشلاپ يەپتۇ (ماقال).

## يات

**يات I** سۈپەت. بىگانە، قېرىنداشلىقى، يېقىنلىقى بولمىغان [陌生的,异已的]. ئانتونىمى: ئۆز، تۇغقان. يات ئادەم، يات مىللەت. * يات يەر. * يات كۆرمەك. * ياتسىرىماق. * يات يېگۈچە، تۇغقان تۈلگۈچە (ماقال). * لاپ ئۇرغىلى يات يەر ياخشى (ماقال). * ئات—بىر قىلىقى يات.

**يات II** پېئىل. ياتماق، يېتىش. 1. بىرەر ماكاننى ئوڭدا، دۈم ۋە ياكى سىڭايان ئېگىلەپ تۇرماق [躺,卧]. ئۇ سافادا يېتىپ كىتاب ئوقۇۋدى. * نەرسە-كېرەكلەر يەردە ياتىدۇ. * ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماس (ماقال). * قىلىچ قىنىدا ياتسا گاللىشىدۇ (ماقال).

2. ئۇخلىماق، قونماق [睡,睡觉,住宿]. مېھمانلار بىزنىڭكىدە يېتىپ قالدى. * بالام مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ. * سىنىلىڭ-مىنىلىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى، نېرى يات-بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى (ماقال). * كەچ بولدى يات، سەھەر بولدى كەت (ماقال). * ياتار قورساق كېتەر قورساق (ماقال).

3. بىكار تۇرماق [闲放,闲住,闲呆,闲坐]. ياتقان ئۆكۈزگە يەم يوق (ماقال). * كەتمەن چاپقان جىگدە يەر، بىكار ياتقان گىردە (ماقال). * يېتىپ قالغۇچە، ئېيتىپ قال (ماقال). * تاختايلار قورۇدا چېچىلىپ ياتىدۇ.

4. كېسەل بولماق [卧病]. دادام ئاغرىپ يېتىپ قالدى. * باھار دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى، 1993-يىل 13-فېۋرال ۋاپات بولدى.

5. ساڭگىلاپ قالماق [倒伏]. يامغۇر كۆپ ياغقانلىقتىن، بۇغدايلار يېتىپ كەتتى.

6. قاماققا چۈشمەك [坐牢]. تۇرسۇن تۈرمىدە ياتىدۇ.

7. توختاپ قالماق [停工]. بىزنىڭ زاۋۇت يېتىپ قالدى. * ماشىنام

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كاراۋدا ياتىدۇ.

8 . تەۋە [属于]. بۇ كېيىنلىك نادانلىققا ياتىدۇ. * بۇ مەسىلە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ.

**يات III** ياردەمچى پېئىل. 1 . رەۋىشداشلارنىڭ كەينىدە كېلىپ، شۇلار ئاڭلاتقان مەنىنىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇغدايلار ئېتىزدا چېچىلىپ ياتىدۇ.

2 . رەۋىشداشلاردىكى "پ"، "ئوپ"لار "ۋ" غا "يات" تىكى "يا" "ئا"غا ئايلىنىپ، زامان — ھازىرقى زاماننى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كېلىۋاتىدۇ. *مەن ئوقۇۋاتىمەن.

# يار

**يار I** ئىسىم. دوست، ئاشنا، ئويناش، ئاداش، مەشۇق [朋友,爱人,情人]. يار ۋبۇرادەرلەر. * يارنى ئەينەكتىن قارالىڭ — * يار تاپقاندا گەپ يوق، گەپ تاپقاندا يار (ماقال). * يار ئوتىنىڭ يارىسى يوق (ماقال). * بىر يۈرەككە ئىككى يار سىغماس (ماقال). * سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ، كۆرىدىغان كۈنۈم نېمە بولار (ماقال).

**يار II** ئىسىم. سۇ يالاپ ياكى تەبىئىي ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تىك يەر [崖]. تىك يار. * يار بويىغا بېرىپ قالماق. * قارىغۇنى ياردا قىستاپتۇ (ماقال). * يىغىدىن يار بويى قاچ (ماقال). * يار دىن غۇلىسا ئىمۇ ياۋغا بوي بەرمە (ماقال).

**يار III** ئىسىم. يۆلەك [依靠, 支持] يار بولماق. * جاھاندا بار بولساڭ، يار بول (ماقال). * دادىلغا بەخت يار بولار (ماقال).

**يار IV** ئىسىم. ئىمكانىيەت، رۇخسەت [许可, 允许]. ۋاقىت يار بەرسە، ئەتە بارىمەن.

**يار V** پېئىل. يارماق، يېرىش. پارچىلىماق، بۆلمەك [劈,劈开,破开,剖开,冲破]. ئوتۇن يارماق. * يېرىق، يارما. * دۈشمەن سېپىلىگە يېرىپ كىرمەك. * توغرا سۆز تاش يارىدۇ، ئەگرى سۆز باش (ماقال). * بۆرە يارىدۇ، قاغا چوقۇيدۇ (ماقال). * ئەقىل تاشنى يارىدۇ، ھاراق باشنى (ماقال). * يارىم، يۈرىكىمنى يېرىپ بېرەيمۇ؟

ئېيىق گۇناھكار، كالىنى يارغان،
كالا گۇناھكار، ئورمانغا بارغان.

"يار"دىن بىر تۇيۇق:

يوق قىيان كەلگەندە ئۆرۈلمەيدىغان تىك يار، بالام.
سەن گوياكى سەل بولۇپ، ئۆتكەل-توسۇقنى يار، بالام.
بولسا يار خالىس نىيەت، مەردانىلىق خىسلەت ساڭا،
باغرىنى ئاچقاي قەلەمقاش، ئاھۇ كۆزلۈك يار، بالام.

—مەمتىلى زۇنۇن.

## يارا

**يارا I** ئىسىم. چاقا، جاراھەت [伤,创伤,疮,溃疡]. ئاشقازان يارىسى. *يارىلانماق. * يارىدار. * يارا بولماق، يارا چىقماق. * يارىسىغا تۇز سەپمەك. * پىچاق يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقايماس (ماقال). * ئىت يارىسىنى يالاپ ساقايتىدۇ (تەمسىل).

**يارا II** پېئىل، يارىماق. 1. ياقماق، يېقىپ قالماق [中意,看上]. ئۆزىگە يارىغان ئۆزگىگە يارار (ماقال). * خانغا يارىغان بېشىم، تازغا يارىماپتۇ (ماقال). * گۈلنىڭ سىپىشى پاقىغا ياراپتۇ (تەمسىل). * قىز يىگىتكە ياراپتۇ.

2. ئەسقاتماق، ئەرزىمەك [有用]. بۇ بالا ئىشقا يارايدۇ. * بۇ مال پۇلغا يارايدۇ. * دەل چۈشكەن باھانە ئىشقا يارار( ماقال).

ئىشقا ياراپ قالسا ئىلمىڭ بىر مۇددەت،
يەنە ئاشۇرۇشقا قىلغىن سەن شىددەت.

## يارات

**يارات I** پېئىل. ياراتماق، يارىتىش. ئىجاد قىلماق، كەشپ قىلماق [创造,发明,创立]. رىكورت ياراتماق. * شەرت-شارائىت ياراتماق. * مۆجىزە ياراتماق.

**يارات II** پېئىل. "يارا II—1"نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى [看上,喜欢,爱上]. مەن ئۇنى يارىتىپ قالدىم. * ئوت سۇنى ياراتمىسا، سۇ ئوتنىڭ نېمىسىنى ياراتسۇن. * ياخشىسى ياخشى ئەمەس، ياراتقىنى ياخشى (ماقال). * يار مېنى ياراتمىسا (يار ئەتمىسە) ئۆزگە يەردىن يار تۇتاي.

www.uyghurkitap.com

**يارات II** پېئىل. ياراتماق. ئاتنى تاڭ ئاشۇرۇپ سوۋۇتۇپ بەيگىگە تەييارلىماق [遛马].

## ياراش

**ياراش I** پېئىل. ياراشماق، يارىشىش. ئەپلەشمەك، كېلىشمەك، ئىناق بولماق [和好,和解] ئۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى يارىشىپ قاپتۇ. * ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر-خوتۇن يارىشىۋاپتۇ.

**ياراش II** پېئىل. ياراشماق، يارىشىش. 1. ئەپ كەلمەك، باپ كەلمەك، لايىق كەلمەك [相称,合适,合身]. كۆڭلىكىڭىز ئۆزىڭىزگە بەك يارىشىپتۇ. * بۇنداق گەپنى قىلىش سىزگە ياراشمايدۇ. * هازىغا ناخشا ياراشماس (ماقال).

2. ئۇيغۇن كەلمەك [合宜,相宜]. يامانغا باغ ياراشماس، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت (ماقال). * ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، چەلپەكنى ئىتلار تالاشتى (ماقال).

## ياز

**ياز I** ئىسىم. ئەتىياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدىكى پەسىل [夏,夏天]. ياز كۈنلىرى، ياز پەسلى، ياز قىلماق. * يازلىق زىرائەت، يازلىق يىغىم. * يازلىق كىنوخانا. * ياز—دۆلەت، قىش—مەينەت (ماقال). * يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا (ماقال). * يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۆزلايدۇ (ماقال). * يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق (ماقال).

**ياز II** پېئىل. يازماق، يېزىش. 1. يېزىق بىلەن خەت يازماق، پۈتمەك [写,书写]. خەت يازماق. * پېشانىگە يېزىلغاننى كۆرمەك. * سالام خەت يازماق. * يازما مەلۇمات، يازما قانۇن. * ھەرپنىڭ يازما شەكلى.

2. ئىجاد قىلماق، ياراتماق [创造]. شېئىر يازماق. * رومان يازماق. * ئىلمىي ماقالە يازماق. * سەھنە ئەسىرى يازماق.

## ياش

**ياش I** ئىسىم. يىغلىغاندا، ھاياجانلانغاندا ۋە شامالدىغاندا كۆزدىن چىقىدىغان سۇيۇقلۇق كۆز يېشى [泪,眼泪]. كۆز يېشى قىلماق. * كۆزىگە ياش ئالماق. * يېشى قۇرۇماسلىق. * يېشىنى ئىچىگە يۇتماق. * ياش

تۆككۈچە، مۈشت تۈگ (ماقال).

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

—— ناخشا.

ياش II ئۆمۈرنىڭ ھەر يىللىق سانى. ياش-قۇرام [年龄,年纪,年岁,岁数]. يېشىڭ قانچە؟ مەن بۈگۈن —1992-يىل 29-سېنتەبىر 67 ياشقا كىردىم. * غۇلام ئاكام مەندىن تۆت ياش چوڭ. * ياش قېرىتماس، دەرد قېرىتار (ماقال).

ياش III سۈپەت. 1. ئۆمۈر كۆرگەن ۋاقتى نىسبەتەن ئاز [青年人,年轻人]. ئانتونىمى: قېرى، بوۋاي. ياش يىگىت. * ياشلىق، ياشلار. * بىلىم ئالمىغان ياش—تام تۈۋىدىكى تاش (ماقال). * ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا (ماقال). * ياش قوماچقا ئامراق، قېرى ئۇماچقا (ماقال). * ھېچكىم ئىككى قېتىم ياش بولماس. * ياش يوشۇرغانغا ياش بولماس (ماقال).

2. يېشى كىچىك ("ياش II"<)[年轻的,年少的,青年的]. ئۇ تېخى ياش. * ياش ئىشچى. * ياش مال. * ياش كۆچەت.

## ياغ

ياغ I ئىسىم. ماي (شۇ سۆزلەمگە قاراڭ)[油,脂肪]. گۆش-ياغ. * ياغ زاۋۇتى. * قوي يېغى، قىچا يېغى، زىغىر يېغى، كۈنجۈت يېغى. * ياغ تارتماق، ياغ كۆيدۈرمەك، ياغ چۈچۈتمەك. * كۆزنىڭ يېغىنى يېمەك. * ئاغزىڭغا ياغ. * قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا. * قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ. * ياغ يەپ يالىڭاچ يات.

ياغ II پېئىل. ياغماق، يېغىش. كۆكتىن يامغۇر، تولا، قارلار چۈشمەك[下，降]. يامغۇر ياغماق، تولا ياغماق، قار ياغماق. * قالغان ئىشقا قار ياغار (ماقال). 1992-يىل 26-سېنتەبىردە ئۇرۇمچىدە تۇنجى قار ياغدى.

## ياغلىق

ياغلىق I ئىسىم. رومال، دەستە رومال [巾,帕]. شەپەر

www.uyghurkitap.com

ياغلىق، تۇۋت ياغلىق. * يېمەك ياغلىق. * ياغلىق چىگمەك، ياغلىق تۇتماق. * [illegible]اق باشنى ياغلىق بىلەن تاڭغىلى بولماس (ماقال).

**ياغلىق II** سۈپەت ("ياغ" I گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىق" قوشۇلغان). يېغى كۆپ، ياغقاچىلانغان، ياغ تەگكەن [有油的,油多的]. ياغلىق قاپاق. * ياغلىق ئۆرۈك. * ياغلىق ئۆچەي. * پولۇ بەك ياغلىق بولۇپ كېتىپتۇ. * ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق، ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق.

## ياق

**ياق I** ئىسىم. تەرەپ، يان، قاش [边,沿]. ئۇ ياق، بۇ ياق. * كوچىنىڭ ئىككى يېقى قاتار كەتكەن دەرەخلىق. * قىرىق كىشى بىر ياق، قىڭغىر كىشى بىر ياق (ماقال). * ئۇ ياققا تارتسام ئات ئۆلىدۇ، بۇ ياققا تارتسام هارۋا سۇنىدۇ (ماقال).

**ياق II** پېئىل. ياقماق، يېقىش. ئوت ئالدۇرماق، ياندۇرماق [点火，点燃]. ئوچاققا ئوت ياق. * چىراغ ياق. * بىر كىشى ياققان ئوت يۈز كىشىنى ئىسسىتار (ماقال).

ئەخمەق كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ،
يېغى تۈگەپ، كېچىسى ئايغا باقىدۇ.

**ياق III** پېئىل. ياقماق، يېقىش. چاپلىماق، ياپماق [贴,紧挨]. نان ياقماق. * يارىغا دورا ياقماق. * كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپقا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق (ماقال). * مەنمۇ سېنىر ساغارمەن، تامغا تېزەك ياقارمەن (ماقال).

**ياق IV** پېئىل. ياقماق، يېقىش. 1. خۇشى كەلمەك، يارىماق، ماقۇل كۆرمەك [喜欢,中意,赞成]. ئۇ ماڭا ياقىدۇ. * ئۇنىڭ گېپى كۆڭلۈمگە ياقتى. * ئەلگە ياققان خار بولماس (ماقال).

2. لايىق كەلمەك، شىپا بولماق [适应]. بۇ يەرنىڭ هاۋاسى ماڭا ياقتى. * بۇ دورا ئاپامنىڭ كېسىلىگە خېلى يېقىپ قالدى.

**ياق V** مودال سۆز. ئىنكار مەنىسىدە كېلىدۇ [不,否,没有]. بازارغا بارامسەن؟ —ياق. * ياق دېمەي ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ بەرسىلە. * يۇمشاققا ماقۇل، قاتتىققا

ياق (ماقال) .

”ياق“تىن بىر تۇيۇق:

پەس خۇلقنى ئۆرتە، ئوتقا ياق، بالام،
پەن-بىلىم رەناسىغا لەۋلىرىڭنى ياق، بالام،
باش ئېگىپ خەلقىڭگە قولدەك ياشىغىن،
بۇيرۇسا قاي ئىشقا، دېمە ياق، بالام.

—ئابدۇكېرىم مەقسۇت.

## ياقا

**ياقا I** ئىسىم. كىيىمنىڭ بويۇنغا كېلىدىغان يېرى [领子]. پەشمەتنىڭ ياقىسى. * ئۆرە ياقا، قاتلىما ياقا. * ياقىسىغا ئېسىلماق، ياقا سىقىشماق. * بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق. * قېشىدا بولسا ئۆز ئانىسى، كىرلەشمەس ئۇنىڭ ياقىسى (ماقال) . * ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا (ماقال) .

**ياقا II** ئىسىم. بوي، ساھىل، چەت [边,沿]. دەريا ياقىسى. * چەت-ياقا جايلار. * ياقا يۇرت. * دېڭىزدىكىنى ياقىدىن كۆت (ماقال) . * ياقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول (ماقال) .

## ياقۇت

**ياقۇت I** ئىسىم. قىزىل تاۋلىنىدىغان قىممەت باھالىق مىنېرال تاش، چىنتاش [宝石]. ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك.

**ياقۇت II** ئىسىم. مىللەت نامى ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى [雅库特]. ياقۇت تىلى. * ياقۇتىستان. * تۇنۇگۈن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىچىدە بىر ياقۇت بار ئىكەن.

## ياڭاق

**ياڭاق I** ئىسىم. قاتتىق پوستلۇق، مېغىزى ئىچىدە بولىدىغان مېۋە [核桃]. ياڭاق مېغىزى. * ياڭاق پوستى. * بېشىدا ياڭاق چاقماق. * پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق (ماقال) .

**ياڭاق II** ئىسىم. پېشانىنىڭ تۆۋىنى. ئېڭەكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دۆڭ چىققان يەر [鬓角]. ياڭاق چاچ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## يالا

**يالا I** (يا: لا) ئىسىم. تۆھمەت، بوھتان، [诽谤,诋毁]. يالا چاپلىماق. * ياۋنىڭ يالىسى تۈگىمەس (ماقال).

دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا،
دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا.

**يالا II** پېئىل. يالىماق. يالاش. بىرەر نەرسىنى تىل بىلەن سۈركىمەك ياكى ئالماق [舔,舐]. تىلىنىڭ كۆيسە، تۈز يالا، ئىچىڭ كۆيسە، مۇز يالا(ماقال). * يالاقچى يالاپ تويماس، غالچا غاجىلاپ (ماقال). * يەپ تويمىغان يالاپ تويماس (ماقال). * كالا سۇ ئىچكەندە، مۇزاي مۇز يالاپتۇ (ماقال).

**يالا III** پېئىل (يا: لا) يالىماق، يالاش. نازارەت قىلىپ ئېلىپ ماڭماق [押]. ئەسكەرلەر ئەسىرلەرنى يالاپ ئەكەتتى. * جىنايەتچى يالاپ ئەپچىقىلدى.

## يالاڭ

**يالاڭ I** سۈپەت. 1. كىيىم كىيمىگەن، قوڭالتاق [裸体的,光光的]. يالىڭاچ ياتماق. * يالاڭ ئاياغ. * يالاڭباش.

2. نېپىز، يۇپقا، ئەستەرلەنمىگەن [单的,单薄的]. يالاڭ چاپان. * يالاڭ كىيىم. * يالاڭ يىپ. * يالاڭ تورنىك.

**يالاڭ II** رەۋىش. نوقۇل، ساپلا [光是,全是]. بۇگۈنكى يىغىنغا يالاڭ ئاياللار كەپتۇ.

## ياماق

**ياماق I** ئىسىم (يا: ماق، ئىملاسى يارماق). بۇرۇن ئىشلىتىلگەن، مىستىن، تۈچتىن ياسالغان پۇل [铜钱]. بىر يارماقنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرماق (ماقال). * دوستۇم مېنى بىر يارماققا ئالمىغىنى بىلەن، مەن دوستۇمنىڭ بىر تال چىچىنى ئالەمگىمۇ ساتمايمەن.

**ياماق II** ئىسىم. كىيىم كېچەكنىڭ يىرتىلغان يېرىگە ئۈستىدىن يامالغان يەر ۋە شۇنداق يامايدىغان لاتا [补丁]. ياماق ياماپ، يارماق تاپ (ماقال). * مەينى لايىقىدا ئىچكەن ياخشىراق، كۆپ ئىچسەڭ ئەقلىڭگە چۈشىدۇ ياماق.

**يامانلا I** پېئىل. يامانلىماق، ياماانلاش. باتنىماق، قىيىدىماق، ئۆپكىلىمەك [赌气]. ئۇ ياماانلاپ قاپتۇ. * يامانلىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان (ماقال). * ئىرىڭدىن يامانلىماي، ئىسىڭدىن يامانلا (ماقال). * دوستتىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى (ماقال).

**ياماانلا II** پېئىل. ياماانلىماق، ياماانلاش. تىللىماق، غەيۋەت قىلماق، يامان گەپنى قىلماق [指责,说坏话,说人不是]. تاش يۈرەك نادانلار، تۇغۇلغان ئۆيىنى يامانلار (ماقال). * سايىسىدا سەگىدىگەن دەرەخنى يامانلىما (ماقال).

# يان

**يان I** ئىسىم. ياق، قاش، ئۆز ئەتراپى، ئۆزىگە يېقىن يەر [旁边,侧面,身边]. ياندىاش. * يانمۇيان. * يان قوشنا. * يان ئىشىك. * يان يول. * يان خالتا. * يان قورال. * يېنى بوش، يېنى قورۇق. * يېغى ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن (ماقال). * ئۇ يانغا باق، بۇ يانغا باق، سەھەر تورۇپ قوشناڭغا باق (ماقال).

ئىككى ئالەمدە مېنىڭ يارىم يېنىمدا بولسا، بەس،
يا بېهىش، دوزاخ، يا ھۆرۈغىلمان كېرەك ئەمەس.

**يان II** پېئىل. يانماق، يېنىش. كۆيمەك، تۇتاشماق [着,燃烧]. ئوتياندى. * چىراغ ياندى. * يېقىشنى بىلسەڭ، قارمۇ يانىدۇ، يېقىشنى بىلمىسەڭ، مايمۇ يانمايدۇ (ماقال).

ئىككى ئاشىق قوشۇلسا، روشەن ئۆتەر كۈن،
جۇيلۇگەندە لاۋۇلداپ يانار ئۇ تۈن.

**يان III** پېئىل. يانماق، يېنىش. قايتماق [回,返]. ئۆيگە يانماق. * ئىشتىن يانماق. * ئاچچىقى يانماق. * نىيىتىدىن يانماق. * گېپىدىن يانماق. * تېز بېرىپ، تېز يان. * مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار. * يامانلىق ئاخىر ئۆزىگە يانىدۇ. * يېغىنى "يان" باسىدۇ، ئوغرىنى دام (ماقال).

**يان IV** پېئىل. يانماق، يېنىش. گەپ قايتۇرۇش، تاكاللىشىش [顶撞]. ئاتا-ئانىغا يانغان بالىدىن يامان بالا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"يان"دىن بىر تۆيۈق:

سادائەت شامىدا كۆيگىن، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت بوپ يان،
ۋەتەن، خەلقىڭگە ئىللىق بول، رەقىب، شۇملارغا ھۆرپەي، يان.
تۆكۈپ ھالال تەرنى باياۋان چۆلنى باغ ئەيلە،
چاڭىلداپ سايرىسۇن بۇلبۇل، چىمەنلەرگە تولۇپ ھەر يان.

—يالقۇن ئۆمەر.

## يە

**يە I** پېئىل. يېمەك، يېيىش. تاماق قاتارلىق يېمەكلىكـ لەرنى ئىستېمال قىلماق [吃,食]. تاماق يېمەك. * مېۋە يېمەك. * كەمپۈت يېمەك. * نان يېمەك. * يەپ تۈر، بەك تۈر (ماقال). * يېگەن كۆرۈنمەس، كىيگەن كۆرۈنەر (ماقال). * مۆتتەھەم كىمنىڭ ئېشىنى يېسە، شۇنىڭ بېشىنى يەر (ماقال). * بىرى "نېمە يەيمەن" دەيدۇ، بىرى "نېمە يەيكىن" دەيدۇ.

**يە II** قارىمۇقارشى باغلىغۇچى. "يا III "نىڭ بىر تۈرى. يا، ياكى، يا بولمىسا [或,既,又…]. يە سەن كەل، يە مەن باراي. * ئۇ يە ئۆلمىدى، يە تىرىلمىدى.

## يەت

**يەت I** پېئىل. يەتمەك، يېتىش. 1. كۆزلىگەن يەر، نىشان ۋە مەقسەتكە ئېرىشمەك [到达,达到]. بىز مەقستىمىزگە چوقۇم يېتىمىز، بىز مەقستىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز. * بۇ خەۋەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. * بىز ئاخىر ئۈرۈمچىگە تۆت كۈندەيەتتۇق.

2. يېتىشمەك، چىقماق [够]. ئالغان ئىش ھەققىمىز بىر ئايغا يېتىدۇ. * بۇ گۈرۈچ بىر قېتىم پولۇ قىلىشقا يېتىدۇ. * بۇ رەخت بىر شىمغا يېتىدۇ. * بۇ ئىشقا بىر كۈن يېتىدۇ.

**يەت II** ياردەمچى پېئىل. بۇ "پ"لىك رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [助动词:表示行为,行动的完成] ئۇلار سائەت 8 دە ئۇلارنى قوغلاپ يېتىپتۇ.

## يەرلىك

**يەرلىك I** ئىسىم. قەبرە، گۆر، لەھەت [坟墓] يەرلىك

كولىماق. * يەرلىكىگە قويماق.

**يەرلىك II** سۈپەت ("يەر"گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىك"قوشۇلغان). مەلۇم يەرگە خاس [地方的,当地的]. يەرلىك ئاھالە. * يەرلىك ھۆكۈمەت. * يەرلىك كادىر. يەرلىك كېسەل. * يەرلىك ئۆسۈملۈك.

## يەڭ

**يەڭ I** ئىسىم. كىيىمنىڭ قولنى ساپىدىغان قىسمى [袖子]. يەڭ سودىسى. * يەڭلىك، يەڭسىز، يەڭنى تۈرمەك. * يەڭنى شىمايلىماق. * مۇشت يوغان بولسا يەڭگە سىغماس (ماقال). * باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە (ماقال).

ئىشنى كۆرۈپ قانچىلار شىمايلايدۇ يەڭ،
كۆپرەك ئىشلىگەننى ئەڭ ئەپچىلى دەڭ.

**يەڭ II** پېئىل. يەڭمەك، يېڭىش. غالىب كەلمەك، ئۈستۈن كەلمەك، ئۇتماق [战胜,克服,击败,赢]. دۈشمەننى يەڭمەك. * قىيىنچىلىقنى يەڭمەك. * يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر(ماقال).

ھىممەت كەمىرىنى باغلىغان ھامان،
چۈمۈلە يېڭىدۇ شىرنى بىگۇمان.

## يەڭلىك

**يەڭلىك I** ئىسىم ("يەڭ I"گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىك" قوشۇلغان). قولغا يەڭ ئۈستىدىن كىيىۋالىدىغان مەخسۇس خالتا [袖套,袖罩]. يەڭلىك كىيمەك.

**يەڭلىك II** ئىسىم ("يەڭ I"گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لىك"قوشۇلغان). يەڭ قىلىشقا، يەڭ تىكىشكە كېتىدىغان رەخت [袖料]. بۇ رەخت يەڭلىك بولارمىكىن، ئەپ قوي.

## يەل

**يەل I** ئىسىم. يېنىك شامال، سەلكىن[小风,微风]. يەلتاپان. * يەل سوقماق.

**يەل II** ئىسىم. ھاۋا، پار [气]. يەل مىلتىق. * يەل بازغان.

www.uyghurkitap.com

* يەل بەرمەك. * يەل چىقماق. * پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن (ماقال).

**يەل III** ئىسىم. ئۇسۇرۇق [屁] يەل قويۇپ بەرمەك. * يېگەننىڭ يېلى بار، يېمىگەننىڭ نېمىسى بار (ماقال).

**يەل IV** ئىسىم. شاماللاش نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان كېسەللىك، ياللۇغلىنىش [风疹块,荨麻疹]. سوغۇق يەل. * يەل يارا. * يەل تۇرۇپ قالماق. * يەل تاشماق. * يەل يەتمىش كېسەلنىڭ بېشى (ماقال).

**يەل V** پېئىل. يەلمەك، يېلىش. ئات قىسقا قەدەم تاشلاپ، تېز يۈرمەك [(马)急走,快走]. ئات يېلىپ كېتىۋېتىپ، مۈدۈرۈپ كەتتى.

**يەنە I** باغلىغۇچى. قايتا-قايتا [又,再]. ھېلى كېتىۋىدى يەنە كەلدى. * يەنە دېسەم، يەنە دەيدۇ، ئاستا دېسەم بەكرەك (ماقال). * يەنە دېسە يەنە شۇ، مەتباقىنىڭ بېرى شۇ (ماقال).

**يەنە II** بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى. ۋە، ھەم [和,及]. مەن يەنە سەن ئىككىمىز ئۆيدە تۇرۇپ تۇرايلى.

# يول

**يول I** ئىسىم. 1. يەرنىڭ ئادەم ۋە قاتناش قوراللىرى يۈرىدىغان، قاتنايدىغان قىسمى [路,道,道路] چوڭ يول، چىغىر يول. * تاشيول، تۆمۈريول. * كەڭ يول، تار يول. * ھاۋا يولى، سۇ يولى، تاغ يولى. * يول ئاچماق، يول باسماق. * يول باشلىماق، يول توسماق. * يول قويماق، يول بەرمەك. * يولغا قويماق، يولغا چۈشمەك. * يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ (ماقال). * قولى گوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق (ماقال).

2. قائىدە-يوسۇن، تەرىقەت [理,道理,理由]. يوللۇق، يولسىز. * قولنى قول تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى (ماقال). * يولدىن چىقما، خاندىن قورقما (ماقال). * بەتنىيەتنىڭ يولى تار (ماقال).

ھەممىگە ئامانلىق تىلىگۈچى بول،
شۇندا ئاداۋەتكە قالمايدۇ يول.

3. سەپەر [旅行]. يول بولسۇن. * يول بولغاي. * يول خېتى، يول خىراجىتى. * يولغا چىقماق، يولغا سالماق. * يولدىن قويماق، يولدىن قالماق. * يول

ئازابى، گۆر ئازابى (ماقال). * يول سورىماي، يولغا چىقما (ماقال). * يولغا چىقساڭ، يولداش تاپ (ماقال).

4. ئەدەب-ئەخلاق، ئىنتىزام [道德,纪律]. يولدىن چىقماق. * يامان يولغا كىرىپ قالماق. * يامان يولغا باشلىماق. * يامان يولدىن قايتماق. * ئۇ خوتۇن—يولدىن چىققان خوتۇن.

5. چارە، ئامال، ئىلاج، ئۇسۇل[途经,门路,方法,办法]. يول تاپماق، يول كۆرسەتمەك، يول توتماق. * تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلماق. * ھەر ئىشنىڭ يولى بار، ھەر تامنىڭ ئۆلى بار (ماقال).

گەر تاپسا موھتاج بولماسلىق يولىنى،
پۇقرا ۋە شاھقا ئۇزاتماس قولىنى.

6. قاتار سىزىق، بەلگە [道,条纹] ئاق، قىزىل يولى بار رەخت.

**يول** II مىقدار سۆز. قېتىم، نۆۋەت، دورام[回,趟,次]. بۇ يول مەن باراي، كېلەر يول سەن كەل. * بۈگۈن مەن ئۆيگە ئۈچ يول سۇ توشۇدۇم.

**يول** III باغلىغۇچى. "ئۈچۈن"رولىدا كېلىدۇ[为，为了]. ۋەتەن يولىدا جېنىم پىدا. * مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلسەم رازىمەن.

## يوللۇق

**يوللۇق** I ئىسىم ("يول I نىڭ 3-" گە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). سەپەرگە، يولغا چىققانلارغا تۇتقان سوۋغات [钱行的礼物]. يوللۇق تۇتماق.

**يوللۇق** II سۈپەت ("يول I نىڭ 2-" گە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). ئورۇنلۇق، داۋلىلىق، يولى بار [有理的,有道理的]. يوللۇق ئىش، *يوللۇق گەپ. * يوللۇقلارغا ياردەم كۆپ بولىدۇ، يولسىزلارغا ياردەم ئاز بولىدۇ.

**يوللۇق** III سۈپەت ("يول I نىڭ 6-"سىغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە "لۇق" قوشۇلغان). يولى بار [有道的,有条纹的]. ئىنچىكە يوللۇق چىت. * يوللۇق چىبەرقۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يۇق

**يۇق I** ئىسىم. بىر نەرسىنىڭ قاچىغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چاپلىشىپ، يېپىشىپ قالغان قالدۇقى [嘎巴儿,油垢]. ئۇنىڭ يۇقى خالتا. * قان يۇقى كۆڭلەك. * ھەسەل ئالغان چىنىدا يۇقى قالار (ماقال).

**يۇق II** پېئىل. يۇقماق، يۇقۇش. 1. چاپلىشىپ، يېپىشىپ قالماق [沾,粘]. سىر يۇقماق. * رەڭ يۇقماق. * قازانغا يولساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولساڭ يالىسى (ماقال).

2. كېسەل باشقا بىرىگە ئۆتمەك [传染,感染]. ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى، دىققەت قىلىڭلار يۇقۇپ قالمىسۇن. * بۇ قىچىشقاقنى ئۇ يۇقتۇرغان.

## يۆتەل

**يۆتەل I** ئىسىم. نەپەس ئاپپاراتىنىڭ ئاغرىغانلىقى سەۋەبىدىن ھاۋا ئېقىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك [咳嗽]. كۆك يۆتەل. * قۇرۇق يۆتەل. * يۆتەل بولۇپ قالماق. * يۆتىلى تۇتماق. * يۆتەل—مەينەت كېسەل.

**يۆتەل II** پېئىل. يۆتەلمەك، يۆتىلىش. ("يۆتەل I" <) يۆتەل كېسىلى تۆپەيلىدىن نەپەسنى ئۈزۈپ- ئۈزۈپ چىقارماق [咳嗽(动词)]. يۆتەلمەك. * ئۇ كېچىچە يۆتىلىپ چىقتى. * ئۇنىڭ يۆتىلى ساقايمىدى، دائىم يۆتىلىپ يۈرىدۇ. * ئۇ قەستەن يۆتىلىپ قويدى.

## يۈر

**يۈر I** پېئىل. يۈرمەك، يۈرۈش. ماڭماق، باسماق [走,行]. يول يۈر ئامان يۈر (ماقال). * يولنى يۈرگەن بىلىدۇ (ماقال). * يۈرگەن دەريا، ياتقان بورىيا (ماقال).

**يۈر II** ياردەمچى پېئىل. رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ، قولۇڭنى يۇيۇپ يۈر. * غېمىڭنى قىلىپ يۈر.

## يۈرۈش

**يۈرۈش I** ئىسىمداش. ھەربىي قوشۇننىڭ كۆزلىگەن

يەرگە مېڭىشى [进军]. مىللىي ئارمىيە ماناس ئالدىنقى سېپىگە يۈرۈش قىلدى.

**يۈرۈش II** پېئىل. "يۈر" نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى[顺利]. قانداق، ئىشلىرىڭ يۈرۈشتىمۇ؟ ھەئە، ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتتى.

**يۈرۈش III** مىقدار سۆز. تۈركۈم، گۇرۇپپا [套]. بىر يۈرۈش ئۆي ئالدىم. * تىل مەسىلىسى توغرىسىدا بىر يۈرۈش كىتاب چىقتى.

## يۈز

**يۈز I** ئىسىم. 1. بەت، ئەپت، چېھرە، چىراي [脸,面,面庞,脸皮,脸色,面孔]. قىزىل يۈز. * يۈزسىز، يۈزى يوق. * يۈزى قېلىن، داپ يۈز. * يۈزىدە تۈكى بار، ئىككى يۈز. * يۈزى قارا، قارا يۈز. * يۈزى سۇرۇن. * يۈزى ئېچىلماق. * يۈز كۆرۈشمەك. * يۈز ئۆرۈمەك. * يۈزىگە ماي سۈرتمەك. * يۈزىگە قان يۈگۈرمەك. * يۈزىگە قارىماسلىق. * يۈزىگە قارىيالماسلىق.

2. بىرەر تەكشىلىكنىڭ ئابيومى، كۆلىمى[面,平面,面积]. ئۈچ بۇرجەكنىڭ يۈزى.

3. نەرسىنىڭ ئۈستى، سەتھى، ئوڭ تەرىپى[面, 表面]. سۈتنىڭ يۈزى. * ماي تاماقنىڭ يۈزىدە لەيلەر (ماقال).

**يۈز II** سان، سانىاق سان. ئون 10[百,一百]. يۈز كىشى. * يۈزلەپ، يۈزدە يۈز. * يۈز بېشى. * يۈز ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، بىر ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم (ماقال). * يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). * تۆگە يۈزگە يەتمەس، يۈزگە يەتسە، كۆز يەتمەس (ماقال).

ئىككى تەجنىس:

1

پەندۇنەسىھەتتىن كىم ئۆرۈدى يۈز،
زەخمىتى مىڭ بولار، پۇشايمىنى يۈز.

2

ھەممىگە ئوخشاش بول، قىلمىغىن سەن يۈز،
شۇ چاغدا قويارمەن ساڭا نومۇر يۈز.

— ئەركىن ئەبەيدۇللا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يېلىن

**يېلىن I** ئىسىم. سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈت بېرىدىغان ئەزاسى [乳房]. يېلىنى چوڭ. يېلىنلىق. * ئىنەكنىڭ سۈتى يېلىنىدا ئەمەس، يېمىدە (ماقال). * يېلىنىدىكى سۈت ئىچىمايدۇ (ماقال). يېلىنىدىن چىققان سۈت يېلىنغا قايتماس (ماقال).

**يېلىن II** پېئىل، يېلىنماق، يېلىنىش. يالۋۇرماق [央求,恳请,恳求]. نامەردكە يېلىنما (ماقال).

كىشىگە يېلىنساڭ، ئۆزۈڭنى خار قىلىسەن،
كىشىنى يېلىندۇرساڭ، ئۇۋال قىلىسەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىشىت ۋاھىدى
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرا ھاسىل

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇسالام ئابباس

*

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە سىستېمىسى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: سۈن شىشەن باسما زاۋۇتى
1996-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1996-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-105-02391-0

9 787105 023912 >

ISBN 7-105-02391-0/Z.165

民 文 （维 19） 定价：8.00元